20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئېيتىلمىغان ھېكايىلەر (1)

# ئابدۇرەھىم ئىسا ۋە ئۇيغۇرىستان چۈشى

ئەسەت سۇلايمان

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ۋە ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ 1950-
يىللاردىكى ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غايىسىنىڭ بەربات بولۇشى

20 - ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئېيتىلمىغان ھېكايىلەر (1)

# ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋە ئۇيغۇرستان چۈشى

ئەسەت سۇلايمان

مەسئۇل مۇھەررىر : ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت
مەسئۇل كوررېكتور : باتۇر قاراخانلى
بەت لايىھەلىگۈچى : باتۇر قاراخانلى
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى : تاران ئۇيغۇر
ھۆسنخەت يازغۇچى : ئا. يۇلغۇن
نەشر قىلدۇرغۇچى : ئۇيغۇريار فوندى


ISBN : 9788230345535

2020-يىلى ئاۋغۇست بىرىنچى نەشرى

تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل - تۈركىيە



■ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1950- يىللاردا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مەزگىللەردە چۈشكەن سۈرىتى



ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا غۇلجانىڭ جاغىستاي يېزىسىدا يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ، ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان يىللىرى چۈشكەن سۈرىتى



غۇلجادىكى يېڭىچە ئۇيغۇر مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلىرى
(1930 - يىللارنىڭ ئاخىرى)



■ ئىلى ۋىلايەتلىك 5-مەكتەپنىڭ ھۈنەر-سەنئەت سىنىپى 1942-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندە چۈشكەن كوللېكتىپ خاتىرە سۈرەت. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى مۇنجىيە خانىم بۇ سىنىپنىڭ سىنىپ تەربىيەچىسى بولغان


0142

382

78

■ ئابدۇرەھىم ئەيسا 1946 - يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنى 300 نەپەرگە يېقىن سىياسىي مەھبۇس بىلەن بىرلىكتە گومىنداڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ جاڭ جىجۇڭنىڭ شۇ يىلى 8-ئاينىڭ 5-كۈنى «11 بىتىم» نىڭ روھى بويىچە ئىلى تەرەپ بىلەن سىياسىي مەھبۇسلارنى ئالماشتۇرۇش ۋە ئۇلارنى تۈرمىدىن بوشىتىش توغرىلىق جاڭ جيېشىغا يوللىغان تېلېگراممىسىنىڭ بىر بېتى (مەنبە: تەيۋەن دۆلەت ئارخىپى)



■ بۇ جاڭ جىجۇڭ تەرىپىدىن 1946-يىلى 7-ئاينىڭ 6-كۈنى جياڭ جيېشىغا يوللانغان مەخپىي دوكلات بولۇپ، ئۇنىڭدا مىللىي ئارمىيەگە ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭنىڭ گوچى قاتارلىق 3 نەپەر گېنېرالىنىڭ قويۇپ بېرىلىپ، لەنجوغا يولغا سېلىنغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. يوقىرىقى مىللىي ئارمىيەگە ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ گېنېراللىرى ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق ئۇيغۇر سىياسىي مەھبۇسلىرى بىلەن ئالماشتۇرۇلغان (مەنبە: تەيۋەن دۆلەت ئارخىپى)



■ ئەخمەتجان قاسىمى (ئالدىنقى رەت ئوتتۇرىدا)، ئابدۇرەھىم ئەيسا (ئالدىنقى رەت سولدىن ئىككىنچى كىشى)، تىيىپ ھاجى سابىتوۋ (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن ئۈچىنچى كىشى) قاتارلىقلار «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ دىنىي-ئاممۋىي ئىشلار بويىچە ئېچىلغان يىغىنىدا ۋەكىللەر بىلەن چۈشكەن خاتىرە سۈرەت (غۇلجا، 1948-يىل قىش)



■ ئابدۇرەھىم ئەيسا (ئالدىنقى رەت سولدىن 6-كىشى، قارا قۇلاقچا ۋە قارا ياقىلىق پەلتو كىيگەن كىشى) ئىتتىپاق مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مەمۇرىي بۆلۈمىدىكى خىزمەتچى خادىملار بىلەن بىللە (1948-يىلى قىش، غۇلجا)



孜牙·赛买提、依不拉音吐尔的、阿不都热衣木·艾沙地方民族主义的反党小集团

中共新疆维吾尔自治区委员会全体会议(扩大)决议开除孜牙·赛买提、依不拉音吐尔的、阿不都热衣木·艾沙的党籍

1958.04.28

中共新疆维吾尔自治区委员会全体会议(扩大)，根据中共八届三中全会关于在少数民族中进行整风的决定和中共中央关于在少数民族中进行整风和社会主义教育的指示，从一九五七年十二月十三日到一九五八年四月二十八日，严肃而认真的开展了反对地方民族主义的斗争。会议一致认为：从四个多月斗争中揭发的材料，完全证实新疆维吾尔自治区人民委员会文化厅长孜牙·赛买提、民政厅长依不拉音吐尔的、伊犁州副州长阿不都热衣木·艾沙等人，自去年上半年以来，即已形成为地方民族主义的反党小集团。这个集团，是以孜牙·赛买提、依不拉音吐尔的、阿不都热衣木·艾沙为核心，进行分裂祖国统一、破坏民族团结、反对社会主义、反对党的领导和削弱人民民主专政的反动活动。

孜牙·赛买提的主要反动言行是：长期蓄谋分裂祖国的统一，反对成立自治区，主张成立维吾尔斯坦共和国。对周总理去年在青岛民族工作座谈会上关于民族问题的报告极为不满。认为"作中华人民共和国的公民是可耻的。"对有共和国思想的人积极称赞和支持，说"如果有这样五千人就好了，他们杀也杀不光"。一贯挑拨破坏少数民族与汉族的关系，极端仇视和排斥汉族干部与汉族人民。歪曲自治区的矛盾，说"当前主要矛盾是民族矛盾，是汉族与本地民族之间的矛盾"。竭力反对汉族劳动人民来新疆参加生产建设，特别是反对生产建设兵团在新疆从事生产建设。认为"汉族人来新疆参加建设，

■ ش ئۇ ئا ر پارتكوم 1958-يىلى 4-ئاينىڭ 28-كۈنى زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق 3 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرنى «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش توغرىلىق چىقارغان ھۆججىتى


人民日报
REN MIN RI BAO
为什么要反对地方民族主义
新疆维吾尔自治区党委扩大会议坚持马克思列宁主义路线
彻底打垮地方民族主义分子的进攻

■ خىتاي كومپارتىيە- سىنىڭ ئورگان گېزىتى بولغان «خەلق گېزىتى» دە 1958 - يىلى 6 - ئاينىڭ 27 - كۈنى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» ئېلىپ بېرىش ۋە ئاتالمىش «يەرلىك مىللەتچى» لەرنى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىش ھەققىدە ئىككى پارچە باش ماقالە ئېلان قىلىنغان




■ چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئىككى مۇھىم رەھبىرى -مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن خەلقئارالىق سەھنىلەردە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئاڭلاتماقتا. ئابدۇرەھىم ئەيسا 1957 -يىلىدىكى ھەج سەپىرى جەريانىدا ئەيسا ئەپەندى بىلەن مەككىدە كۆرۈشكەن ۋە سۆھبەتلەشكەن




■ پولات قادىرى تۇرفانى (ئابدۇرەھىم ئەيسا 1957-يىلىدىكى ھەج سەپىرى جەريانىدا پولات قادىرى بىلەن مەككىدە 3 قېتىم كۆرۈشكەن. ئۇلار 1957-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى مەككىدىكى مىسىر مېھمانخانىسىدا يوشۇرۇن ھالدا بىر كېچە سۆھبەتلەشكەن)



■ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىدىن ليۇشاۋچى (سولدا) بىلەن خانىمى ۋاڭ گۇاڭمېي (ئوڭدا) سەيپىدىن ئەزىزى (ئوتتۇرىدا) نىڭ ھەمراھلىقىدا 1960-يىللارنىڭ باشلىرىدا خوتەندە (ليۇ شاۋچى 1957-يىلى يازدا ئابدۇرەھىم ئەيسانى بېيجىڭغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭ شەخسىي دوستلۇق مۇناسىۋىتىدىن پايدىلىنىپ ھەج سەپىرى جەريانىدا مۇھەممەدئىمىن بۇغرانى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە قايىل قىلىشنى تاپشۇرغان)



■ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىللىرىدە (سەيپىدىن ئەزىزى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈندىكى سىرلىق ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ھەققىدە بىر ئۆمۈر ئېغىز ئاچمىغان)




■ 1958-يىلىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا «كۈرەش» كە سەپەرۋەر قىلىنغان ئۇيغۇر ئاممىسى



■ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق رەئىسى زىيا سەمەدى (1958-يىلى ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن بىرلىكتە «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن)




■ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى، ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئىبراھىم تۇردى (1958-يىلى ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن بىرلىكتە «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن)




■ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ
سابىق سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ (ئۇ
ئابدۇرەھىم ئەيسانى سۇيىقەست بىلەن
ئۆلتۈرۈش دېلوسىدىكى ئاساسلىق
پىلانلىغۇچى)



■ ئىسمائىل ھېۋزۇللايېۋ (بۇ كىشى
1950-يىللارنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ
ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇش
سۈپىتى بىلەن يېقىن دوستى ئابدۇرەھىم
ئەيسانى «يەرلىك مىللەتچى» دەپ
قارىلىغان)



■ زاھىر سەۋدانوف (شىنجاڭ
ھەربىي رايونىنىڭ سابىق سىياسىي
كومىسسارى بولۇپ، 1958-يىلى
1-ئايدا ئابدۇرەھىم ئەيسانى «يەرلىك
مىللەتچى» دەپ قارىلىغان)



■ رەفىق بايچۇرىن (ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ باجىسى، ئىلى ئىنقىلابى جەريانىدا قەھرىمانلىق كۆرسەتكەن شەخس. ئەمما ئۇنىڭ 1958 - يىلىدىكى ئابدۇ- رەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق دېلوسى بىلەن مەلۇم چېتىشلىقى بارلىقى ئىلگىرى سۈرۈلمەكتە)

■ جاغدا بابالىكوف (ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سابىق باشلىقى. ئۇ 1957 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 -كۈنىدىن 1958 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنىگىچە ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 214 -نومۇرلۇق ياتىقىدا بىللە تۇرغان، ئەمما ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن بىر ئۆمۈر سۈكۈت قىلغان





■ گېنېرال مەرغۇپ ئىسھاقوف
(شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ
سابىق مۇئاۋىن شىتاب باشلىقى،
ئۇ 1975-يىلى مەرۇپ ئەيساغا
ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ
1958-يىلى 1-ئايدا ئۈرۈمچىدە
سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى
جەريانلىرىنى ئاشكارىلىغان)



■ ئەنۋەر جاكۇلىن (ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى
نازارىتىنىڭ سابىق نازىرى، شاھىتلار ئەنۋەر جاكۇلىنىنىڭ 1958-يىلى
1-ئايدا ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مەخپىي يوليورۇقى بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيسانى
ئۆلتۈرۈش ئوپېراتسىيەسىگە ئارىلاشقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ)

# مۇندەرىجە

قىسقىچە مەزمۇنى.................................003
ئۇيغۇرىستان غايىسىنىڭ قۇربانى.................................007
ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ نەسەبى: ئىلى سۇلتانلىقىغا باغلانغان بىر جەمەت.................................009
موسكۋا يېزا-ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىدىن ھەيدەلگەن «باينىڭ بالىسى».................................012
ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ئۈچۈن كۆيگەن يۈرەك.................................019
ۋەتەن ئىشقىدىكى ياشلىق ۋە شىڭ شىسەي تۈرمىسىدىكى يىللار.................................022
«باھار» تەشكىلاتى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تەييارلىنىش.................................025
«باھار» تەشكىلاتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىش.................................029
ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ تۈرمىدىن چىقىپ، ئىلىغا بېرىشى.................................034
ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەتىلىشى.................................038
ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلغان 4 يىل.................................048
غۇلجا-ئۈرۈمچى-بېيجىڭ ئارىلىقىدا: تېگىرقاش ۋە تىركىشىش.................................053

ئابدۇرەھىم ئەيسا غۇلجادىكى «51 چىلەر» مەجلىسىدە......056
ئابدۇرەھىم ئەيسا: «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى قانداق بولىدۇ؟»......069
ئابدۇرەھىم ئەيسا: «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاچقۇچى كىمنىڭ قولىدا؟»......079
ئابدۇرەھىم ئەيسا 1957 - يىلىدىكى ھەج سەپىرىدە......089
«ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن ئابدۇرەھىم ئەيسا......105
ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى......118
ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى قالدۇرۇپ كەتكەن سوئاللار......133
ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمىدە خىتاي- سوۋېت ئىككى دۆلەت ئىستىخباراتىنىڭ قولى بولغانمۇ؟......146
ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ......206
ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دىلوسى ۋە جاغدا بابالىكوفنىڭ سۆكۈناتى......222
ئاخىرلاشمىغان ھېكايە: شاھىتلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق سۆكۈتتىن كېيىنكى گۇۋاھلىقى ۋە ئەپسۇسلۇقلىرى......232
پايدىلانغان مەنبەلەر......241

## قىسقىچە مەزمۇنى

ئابدۇرەھىم ئەيسا (1910-1958) 20-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غايىسى ئۈچۈن ھاياتى بىلەن بەدەل تۆلىگەن ئۇيغۇر سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ بىرىدۇر.

1927-يىلى موسكۋادىكى يېزا-ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان 17 ياشلىق ئابدۇرەھىم ئەيسا «باي-پومېشچىكنىڭ ئوغلى» دېگەن باھانە بىلەن مەكتەپتىن ھەيدىلىدۇ. ئۇ يۇرتى غالجاتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئۇستازى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتئوغلى (ئۇيغۇر بالىسى) دىن ئەدەبىيات ۋە تارىخ ئۆگىنىدۇ. 1920-يىللارنىڭ ئاخىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا كۈنسايىن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن سىياسىي تەقىب ۋە ئاچارچىلىق تېگى-تەكتى ئىلى سۇلتانلىقىغا باغلىنىدىغان بۇ نامدار ئائىلىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ۋەتەن تۇپراقلىرىغا قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر قىلىدۇ.

1930-يىللارنىڭ باشلىرىدا ياش ئابدۇرەھىم ئەيسا غۇلجانىڭ جاغىستاي يېزىسىدا ئۇستازى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتئوغلى بىلەن بىرلىكتە مەكتەپ ئېچىپ، ئۇيغۇر باللىرىنىڭ قەلبىنى زامانىۋى مائارىپنىڭ نۇرى بىلەن يورۇتىدۇ. 1940-يىللاردا ئابدۇرەھىم ئەيسا پىشقان بىر مىللىي مائارىپچى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۈرۈمچىدىكى ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىنىڭ مۇدىرى بولۇپ

تەشكىلاتى مەمۇرىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ.

1949 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇرلار ۋەتىنىنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن، ئابدۇرەھىم ئەيسا سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرىستان ئىستىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. ئۇ ئۆلكىلىك ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرى، خىتاي مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان يىللاردىمۇ بۇ غايىسىدىن ئەسلا ۋاز كەچمەيدۇ. 1957 ـ يىلى يازدا ئۇ خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۇمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندا مەككىدە ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن، پولات قادىرى قاتارلىق مۇھاجىرەتتىكى سىياسىي پائالىيەتچىلەر بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا ۋەتەننىڭ ئەھۋالىدىن ئۇچۇر بېرىدۇ. شۇنداقلا مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا ئەپەندىلەرنىڭ ۋەتەنگە قايتماسلىقىنى، مۇھاجىرەتتە ئۇيغۇر دەۋاسىنى داۋاملاشتۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

1957 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» تە ئابدۇرەھىم ئەيسا تۇنجى بولۇپ تارتىپ چىقىرىلىپ، «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» جىنايىتى بىلەن كۈرەش قىلىنىدۇ. 1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېچىدە 48 ياشلىق ئابدۇرەھىم ئەيسا، خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىك خادىملىرى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇرغان سىياسىي سۇيىقەستتە ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. خىتاي دائىرىلىرى شۇ كۈنى «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ

ئىشلەيدۇ. بۇ مەزگىلدە تۇتقۇن قىلىنىپ، تاكى 1944 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە شىڭ شىسەيىنىڭ تۈرمىسىدە ياتىدۇ. ئىلى ئىنقىلابى پارتلىغاندىن كېيىن، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

غۇلجادا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى جاكارلانغان، مىللىي ئارمىيە پۈتۈن سەپ بويىچە شەرققە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتكەن 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا، ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈرۈمچىدە ئۇيغۇر ياشلىرىنى تەشكىللەپ «باھار» تەشكىلاتى قۇرىدۇ. ئۇلار مىللىي ئارمىيە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلىغاندا ئىچكى جەھەتتىن قوزغىلىپ، مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسى ئۈچۈن ماسلاشماقچى بولىدۇ. ھالبۇكى، خائىنلارنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن «باھار» تەشكىلاتى پاش قىلىنىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسا باشلىق 18 نەپەر تەشكىلات ئەزاسى قولغا ئېلىنىدۇ. «11 بىتىم» ئىمزالانغان كۈنلەردە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئالاھىدە سۈرۈشتە قىلىشى بىلەن، تۈرمىدىكى ئابدۇرەھىم ئەيسا گومىنداڭ ئارمىيەسىدىن مىللىي ئارمىيەگە ئەسىرگە چۈشكەن خىتاي گېنېرالى بىلەن ئالماشتۇرۇلىدۇ.

شۇندىن كېيىن، ئابدۇرەھىم ئەيسا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئەڭ يېقىن سەپدىشى ۋە مەسلەكدىشى سۈپىتىدە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شۇ يىللاردا ئۇ مۇھەممەدئىمىن بۇغرانى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ تارىخ پروفېسسورلۇقىغا تەكلىپ قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن سەممىي دوستلۇق ئورنىتىدۇ. بىتىم بۇزۇلۇپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت پارچىلانغاندا ئۇ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرلىكتە غۇلجاغا قايتىپ، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى، «ئىتتىپاق»

## ئۇيغۇرستان غايىسىنىڭ قۇربانى

ئابدۇرەھىم ئەيسا 1950 ـ يىللاردا ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ خىتاي كوممۇنىزمى بىلەن ئېلىپ بارغان سىياسىي كۈرەشلىرى جەريانىدا قۇربانلىق قىلىنغان شەخسلەرنىڭ بىرىدۇر. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى 20 ـ ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا، بولۇپمۇ خىتاي كوممۇنىستلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشقا باشلىغان دەسلەپكى 10 يىلدا يۈز بەرگەن ئەڭ پاجىئەلىك سىياسىي دېلولارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمى، 1949 ـ يىلدىن 1958 ـ يىلغىچە بولغان جەرياندا ئۇيغۇر سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يوقىرى قاتلىمىدىكىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان كۆپ قېتىملىق سىياسىي كۈرەشلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. ئۇنىڭ 1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېچىدە ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 214 ـ نومۇرلۇق ياتىقىدا سىرلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەرىپىدىن «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئابدۇرەھىم ئەيسا جىنايەتلىرى پاش بولغاندىن كېيىن، جازالىنىشتىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» دەپ ئېلان قىلىنىشى، ئەينى ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا كۆپلىگەن كىشىلەردە تۈرلۈك گۇمانلارنى پەيدا قىلغان ئىدى.

دېلوسى 20-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى «تۈۋۈنقى يېپىلغان»، تىلغا ئېلىش چەكلەنگەن ئەڭ چوڭ سىياسىي پاجىئەلەرنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

ئارىدىن 60 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە، كوممۇنىست خىتاي ۋە سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا مۇناسىۋەتلىك بىر قىسىم مەخپىي ئارخىپلىرىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، ھايات شاھىتلارنىڭ ئەسلىمىلىرى، ھەمدە يېڭىدىن بايقىلىۋاتقان ھۆججەت-ماتېرىياللارنىڭ ئۇچۇقچىلىققا چىقىشى نەتىجىسىدە، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىگە يوشۇرۇنغان سىياسىي سىرلارنىڭ تۈگۈنى يېشىلمەكتە.

بۇ كىتابتا يېڭىدىن ئاشكارىلانغان ئارخىپ ماتېرىياللىرى، تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە شاھىتلارنىڭ ئەسلىمىلىرى ئاساسلىق مەنبە قىلىنىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتى، مىللىي ئازادلىق يولىدىكى تىرىشچانلىقلىرى ھەمدە ئۇنىڭ ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش يولىدا خىتاي كومپارتىيەسىگە قارشى ئېلىپ بارغان كەسكىن سىياسىي كۈرەشلىرى يورۇتۇلىدۇ. شۇنىڭ بىر ۋاقىتتا بۇ كىتابتا يەنە، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1958-يىلى 1-ئايدىكى دەھشەتلىك ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ سىرلىق جەريانلىرىغا يوشۇرۇنغان تۈگۈنلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

# ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ نەسەبى: ئىلى سۇلتانلىقىغا باغلانغان بىر جەمەت

ئابدۇرەھىم ئەيسا1901 - يىلى [1] ھازىرقى قازاقىستان جۇمھۇ-

[1] ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ تۇغۇلغان يىلى ھەققىدە ئوخشىمىغان مەنبەلەر مەۋجۇت بولۇپ، ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئوكىسى مەرۇپ ئەيسا ئەسلىمىسىدە 1910 - يىلى تۇغۇلغان دەپ يازىدۇ [مەرۇپ ئەيسا: «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى» (يېرىمى ماشىنىكدا ئۇرۇلغان، يېرىمى قولىيازما ھالىتىدە ساقلانغان ئەسلىمە)، 1990 - يىللار، تاشكەنت، 1 - بەت]. شېرىپ خۇشتار بولسا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1909 - يىلى تۇغۇلغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ [شېرىپ نىياز خۇشتار: «ئابدۇرەھىم ئەيسا»، «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003 - يىل نەشرى، 341 - بەت]. ئۇنىڭدىن باشقا ئابدۇرەھىم ئەيسانى 1911 - يىلى تۇغۇلغان دېگۈچىلەرمۇ بار. بىز بۇ كىتابىمىزدا مەرۇپ ئەيسانىڭ «ئاكام ئابدۇرەھىم ئەيسا 1910 - يىلى تۇغۇلغان» دېگەن بايانىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دەپ قارىدۇق. چۈنكى بۇنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دىپلوماتىيە ھۆججەتلىرىمۇ ئەستىقلايدۇ. يەنى، سوۋېت ئىتتىپاقى تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى يىراق شەرق باشقارمىسىنىڭ باشلىقى م. زىميانىننىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە غۇلجادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى 1958 - يىلى 2 - ئاينىڭ 22 - كۈنى موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتلىرى ئاساسىدا، 1958 - يىلى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ۋە يۇرى ئاندروپوفنىڭ نامىغا يوللىغان دوكلاتىدا، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1957 - يىلى يازدا خىتاي ھەج ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ مەككىگە بارغاندا 47 ياش ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. بۇ مەنبەگە ئاساسلانغاندا، ئەگەر ئابدۇرەھىم ئەيسا 1957 - يىلى 47 ياشتا بولسا، ئۇ 1910 - يىلى تۇغۇلغان بولىدۇ. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى مەنبەگە قاراڭ:

Zimianin to the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov, 'On Manifestations of Local Nationalism in Xin-

1940 ـ يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ دولقۇنلىرىدا نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋەكىللىكىدىكى بىر ئەۋلاد ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ مۇستەقىللىق غايىسى، 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى خىتاي كوممۇ ـ نىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىدارە قىلىشى بىلەن بەربات بولىدۇ. ھالبۇكى، ۋەتىنىنىڭ كېلەچىكىدىن ئۈمىد ئۈزمىگەن ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئەينى ۋاقىتتا باشقا سەپداشلىرىغا ئوخشاشلا خىتاي كومپارتىيەسى ستالىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېتلەر ئىتتىپا ـ قىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك دۆلەت مودېلىنى قوبۇل قىلىدۇ، كەلگۈسىدە خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە چوقۇم ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلىدۇ، دېگەن قاراشتا ئىدى.

ئابدۇرەھىم ئەيسا 1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدىن تاكى 1958 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا ھاياتىدىن ئايرىلغىچە بولغان 9 يىل جەريانىدا ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرى، خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق يوقىرى دەرىجىلىك لاۋازىملاردا بولىدۇ. ئۇ بۇ جەرياندا ئىزچىل تۈردە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى ياكى پەقەت بولمىغاندا ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ ۋە بۇ يولدا ئەڭ ئاخىرىدا قۇربانلىق قىلىنىدۇ.

سۇلتانلىقىنى مۇنقەرز قىلىدۇ. سۇلتانلىق مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن، چار رۇسىيە ئارمىيەسى ئىلىدىكى تارانچىلارنى مەجبۇرىي ھالدا رۇسىيە تەۋەسىدىكى يەتتەسۇ رايونىغا، بولۇپمۇ ئىلى دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىنىدىكى دېھقانچىلىق قىلىشقا بولىدىغان جايلارغا مەجبۇرىي كۆچۈردى. ئەيسائاخۇن ئەنە شۇ قېتىملىق كۆچ-كۆچتە ئاتا-بوۋىلىرى بەرپا قىلغان ئىلىنىڭ جاغىستاي يېزىسىدىن مەجبۇرىي كۆچۈرۈلۈپ، رۇسىيە تەۋەسىدىكى غالجاتقا ماكانلىشىدۇ. ئەيسائاخۇن بۇ يەردىمۇ جاپالىق ئىشلەپ تېز مۇددەتتە غالجاتتىكى ھاللىق ئائىلىلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا بۇ يۇرتنىڭ ئاۋاتلىشىشىدا مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ. ئۇ شۇ يىللاردا رۇسىيە تەۋەسىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر بايلىرىدىن بىرى بولغان ۋەلىباي يولداشوف بىلەن بىرلىكتە يەتتەسۇ رايونى ۋە ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئۇيغۇر يۇرتلىرىدا كۆپلىگەن ئىنشائاتلارنى بەرپا قىلىدۇ.

ئەيسائاخۇننىڭ يۇنۇس، ئىلياس ۋە ئىبراھىمدىن ئىبارەت 3 ئوغلى بولۇپ، ئابدۇرەھىم ئەيسا كەنجى ئوغۇل ئىبراھىم ئائىلىسىنىڭ ئىككىنچى پەرزەنتى بولۇپ تۇغۇلىدۇ. ئەيسائاخۇننىڭ يۇنۇس ۋە ئىلياس دېگەن چوڭ ئوغۇللىرىنىڭ ئائىلىسىدىن يېتىشىپ چىققان شائىر ھەبىبۇللا يۇنۇسوف بىلەن يازغۇچى يۇسۇپ ئىلياس، كېيىنچە قازاقىستان ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئاتاقلىق ئەدىبلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. ئەيسائاخۇننىڭ كەنجى ئوغلى ئىبراھىم ئائىلىسىدە جەمئىي 10 پەرزەنت دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، ئۇلار كېيىنچە ئىلى دىيارىنىڭ 20-ئەسىردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىيەت ھاياتىدا مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ.[2]

---

[2] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى؛ 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

رىيىتى ئالمۇتا ئوبلاستىغا قاراشلىق ئۇيغۇر رايونىنىڭ غالجات يېزىسىدا قول ئىلكىدە بار بىر ھاللىق ئائىلىدە دۇنياغا كېلىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئاتا-بوۋىلىرى ئەسلىدە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ئىگەرچى يېزىسىدىن بولۇپ، تەخمىنەن 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئاقسۇدىن مۇزداۋان ئارقىلىق ئىلى دىيارىغا بېرىپ، ئولتۇراقلىشقان كىشىلەردىن ئىكەن. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۇلۇغ بوۋىسى يۈسۈپ پاختا، ئۆز زامانىسىدا جاپالىق ئىشلەپ ھالال ئەمگىكى بىلەن ئىلى دىيارىدا ئىگىلىك تىكلىگەن بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئىلىدا مانجۇ-خىتاي ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى قوزغىلاڭ پارتلىغاندا قوزغىلاڭچىلارنى قوللىغان، ھەمدە ماددىي جەھەتتىن زور ياردەمدە بولغان. قوزغىلاڭ غەلىبە قىلىپ، ئىلى سۇلتانلىقى قۇرۇلغان يىللاردا ئۇ 70-80 ئېشەككە ئاشلىق ۋە تۈرلۈك مال-مۈلۈكلەرنى ئارتىپ، سۇلتانلىقنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان.

ئەلاخان سۇلتان زامانىسىغا كەلگەندە يۈسۈپ پاختانىڭ بۇ ياردەملىرى ئۈچۈن، ئىلى سۇلتانلىقى نامىدىن ئۇنىڭغا ئىلىنىڭ جاغىستاي قاتارلىق جايلىرىنى تارتۇق قىلىپ بەرگەن. شۇنداق قىلىپ، يۈسۈپ پاختا ئىلىدىكى جاغىستاي، قاينۇق قاتارلىق يۇرتلارنىڭ بەرپا بولۇشى ۋە ئاۋاتلىشىشى ئۈچۈن مۇھىم روللارنى ئوينايدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى مەرۇپ ئەيسانىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، يۈسۈپ پاختانىڭ ئوغلى ئەيسائاخۇن پاختا دەۋرىگە كەلگەندە چار رۇسىيە ئىلىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئىلى

---

jiang (PRC)', March 03, 1958, Wilson Center, Digital Archive International History Declassified (digitalarchive.wilsoncenter.org)

## ئارىسىدىن ئابدۇللا روزىباقىيېۋ[3]، ئىسمائىل تاھىروۋ[4] قاتارلىق

[3] ئابدۇللا روزىباقىيېۋ (1897-1938) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر كوممۇنىست سەرخىللارنىڭ بىرى. ئۇ 1917-يىلىدىكى بولشېۋىكلار ئىنقىلابىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنىڭ تىكلىنىشى ئۈچۈن ئاكتىپ پائالىيەت كۆرسەتكەن. 1921-يىلى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ تاشكەنتتە جۇڭغارىيە ۋە قەشقەرىيە ئىشچىلىرىنىڭ تۇنجى نۇۋەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنى چاقىرىپ، «ئۇيغۇر» نامىنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىدا رەسمىي ھۆكۈمەت رويخېتىگە ئېلىنىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇ 1920-يىللارنىڭ باشلىرىدا لېنىن رەھبەرلىكىدىكى سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ، «شەرقتىكى ئېزىلگەن مىللەتلەرنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا ياردەم قىلىش» شوئارىدىن پايدىلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى قوزغاش ۋە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش تەشەببۇسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇ. ھالبۇكى، سوۋېت ھۆكۈمىتى خىتايدا ئىنقىلاب قوزغاشنى باھانە قىلىپ، بۇ لايىھەنى رەت قىلدۇ. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ يەنە 1920-يىللاردا ئۇيغۇر تىلىدا زامانىۋىي مەتبە قۇرۇش ئىشلىرىغا ئاكتىپ رەھبەرلىك قىلدۇ. ئۇ ئالمۇتادا «كەمبەغەللەر ئاۋازى» قاتارلىق ئۇيغۇر تىلىدىكى گېزىت-ژۇرناللارنى نەشر قىلدۇ، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى ۋە ئىملاسىنىڭ قېلىپلىشىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىردۇ. ئابدۇللا روزىباقىيېۋ ستالىننىڭ 1930-يىللاردا باشلىغان تازىلاش ۋە قىزىل تېرورلۇق ھەرىكىتىدە قولغا ئېلىنىپ، 1938-يىلى موسكۋادا ئېتىپ ئۆلتۈرۈلدۇ.

[4] ئىسمائىل تاھىروۋ (1900-1937) ئابدۇللا روزىباقىيېۋ بىلەن بىر قاتاردا 1920-يىللاردا يەتتەسۇ ۋە ئىلى ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ساھەلىرىدە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ بىرى، شۇنداقلا يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن بولشېۋىكلار پارتىيەسىگە ئەڭ دەسلەپ ئەزا بولغان ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1918-يىلىدىن كېيىن ئالمۇتا ۋە يەتتەسۇ رايونىدا قۇرۇلغان كومپارتىيە كومىتېتلىرىدا ۋە مائارىپ ئورگانلىرىدا مەسئۇل خادىم بولۇپ خىزمەت قىلدۇ. 1921-يىلىدىكى تاشكەنت قۇرۇلتىيىغا يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قاتنىشىدۇ، شۇنداقلا مەزكۇر قۇرۇلتاينىڭ رىياسەتچىلىرىدىن بىرى بولىدۇ. ئىسمائىل تاھىروۋ 1920-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن 1930-يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا، بولۇپمۇ مەدەنىيەت-مائارىپ ئىشلىرىدا ئاكتىپ تەشەببۇسچى، ئۇيۇشتۇرغۇچى ۋە قول سېلىپ ئىشلىگۈچى بولۇپ رول ئوينىغان. 1937-يىلى ئۇ سوۋېت ك گ ب سى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، شۇ يىلى ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن.

## موسكۋا يېزا-ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدىن ھەيدەلگەن «باينىڭ بالىسى»

ئابدۇرەھىم ئەيسا باشلانغۇچ بىلىمنى غالجات يېزىسىدىكى يېرىم دىنىي، يېرىم پەننىي مەكتەپتە ئالىدۇ. ئاندىن ياركەنت شەھىرىگە بېرىپ، «سوپى زەرۋات» نامىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇيدۇ. بۇ يىللاردا رۇسىيەدە بولشېۋىكلار ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، ھاكىمىيەت رۇس كوممۇنىستلارنىڭ قولىغا ئۆتىدۇ. پۈتكۈل رۇسىيە، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى غايەت زور سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش دەۋرىگە كىرىدۇ.

ئۆسمۈر ئابدۇرەھىم ئەيسا ياركەنتتىكى «سوپى زەرۋات» ئوتتۇرا مەكتەپىدە ئوقۇۋاتقان يىللار رۇسىيەدە بولشېۋىكلار ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن، كوممۇنىزم ئىدېئولوگىيەسى بولشېۋىكلارنىڭ ھاكىمىيەت ئاپپاراتى ۋە زورلۇق كۈچى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەم سىبىرىيەگە قەدەر يېيىلغان، غەربىي تۈركىستاندىكى مۇسۇلمانلار جەمئىيىتى غايەت زور سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەرنى بېشىدىن كۆچۈرۈۋاتقان يىللار ئىدى.

بۇ يىللاردا يەتتەسۇ ۋە ئالمۇتا ئوبلاستىدا ياشايدىغان ئۇيغۇرلار

زور ئىجتىمائىي بۇرۇلۇش دەۋرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەقدىرى ھەققىدە ئىزدەنگەن ئىدى.

شۇ يىللاردا ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق سەرخىللارنىڭ تەشەببۇسى، دادىسى ئەيسائاخۇننىڭ قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى بىلەن، ياركەنتتىكى «سوپى زەرۋات» ئوتتۇرا مەكتىپىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغان ئابدۇرەھىم ئەيسا، 1926-يىلى 16 يېشىدا موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ. 1920-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا، يەنى ئابدۇرەھىم ئەيسادىن كېيىنكى قارارلاردا موسكۋاغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە، خرۇشېۋ دەۋرىدە قازاقىستان كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەن

---

ئارىلاشقان بۇ ئىنقىلابىنىڭ يېرىم يولدا توختاپ قالدىغانلىقىنى پەرەز قىلىدۇ. مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسى بويىدا توختاشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۈرۈمچىدە تىنچلىق سۆھبىتى باشلانغاندا ئۇ ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ئاخىرى چىقمايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنىدۇ. شۇ يىللاردا ئەخمەتجان قاسىمى جاغىستايغا 3 قېتىم چىقىپ، نەزەرخوجا ئابدۇسەمەتنى غۇلجاغا كىرىپ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا دەۋەت قىلىدۇ. ئەمما نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، جاغىستايدىن غۇلجا شەھىرىگە كىرىشنى رەت قىلىدۇ. ئۇ ئەخمەتجان قاسىمغا رۇس بولشېۋىكلىرى ئارىلاشقان ئىشنىڭ خەيرلىك بولمايدىغانلىقىنى، بۇنى ئۆزىنىڭ 1918-يىلدىكى «ئاتۇ پاجىئەسى» دىن ۋە 1920-يىللاردا يەتتەسۇدا يۈز بەرگەن قانلىق ۋەقەلەردىن چوڭقۇر تونۇپ يەتكەنلىكىنى، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىنىڭ قانداق بولۇشى پۈتۈنلەي ستالىننىڭ خاھىشى بىلەن سوۋېت ھۆكۈمىتىنىڭ قارارىغا باغلىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنىڭ ھەر بىر قەدەمنى ئېھتىياتچانلىق بىلەن ئويلاپ بېسىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. مەرۇپ ئەيسانىڭ ئىلگىرى سۈرۈشىچە، نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلىنىڭ بۇ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى ئەخمەتجان قاسىمغا چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۇيغۇر دىيارىنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغان، مىللىي ئارمىيە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن، ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىلىدا مىللىي ئارمىيەنىڭ بىر قىسىم ئوفىتسېر-كوماندىرلىرى، ئۇيغۇر بايلىرى، دىنىي زاتلار ۋە زىيالىيلارنى باستۇرۇشقا باشلىغان 1951-يىلى جاغىستايدا 64 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

تۇنجى ئەۋلاد ئۇيغۇر كوممۇنىستلار بىلەن نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى[5] قاتارلىق تەرەققىيپەرۋەر سەرخىللار يېتىشىپ چىقىپ، بۇ

---

[5] نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى (1887-1951) ئىلى ۋە يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يەتتەسۇدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئويغىنىشى، ئاقارتىش ئىشلىرى ۋە سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان، جەدىدچىلىك مەپكۇرىسىگە ئىگە داڭلىق سەرخىللارنىڭ بىرى. ئۇ 1912-يىلدىن ئېتىبارەن ئۆزىگە «ئۇيغۇر بالىسى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىپ، رۇسىيەنىڭ قازان، قىرىم، ئۇفا ۋە ئورىنبۇرگ شەھەرلىرىدە نەشر قىلىنىۋاتقان «ۋاقىت»، «تەرجۇمەن» قاتارلىق ئورتاق تۈركىي تىلىدىكى گېزىت-ژۇرناللاردا ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتى ھەققىدە كۆپلىگەن ماقالە ۋە ئەسەرلەرنى ئېلان قىلغان. 1915-يىلى مۇزداۋان ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جەنۇبىدىكى ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ساياھەت قىلىپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جەمئىيەت ئەھۋالىنى كۆزەتكەن. 1917-يىلىدىكى بولشېۋىكلار ئىنقىلابىدىن كېيىن، نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى، ئابدۇللا روزىباقىيېۋ قاتارلىق ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى بىلەن بىرلىكتە كوممۇنىزىم ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە زور ئىجتىمائىي ئىسلاھاتلارنى رېئاللاشتۇرۇشنى ئارزۇ قىلغان. ئۇ 1919-يىلى ئالمۇتادا ئابدۇللا روزىباقىيېفنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان «ئۇيغۇر بىلىك ھەيئىتى» گە قاتناشقان ۋە كېيىنرەك بۇ ھەيئەتكە رەئىسلىك قىلغان. 1925-يىلى مەزكۇر ھەيئەتنىڭ قارىمىقىدا ئۇيغۇر تىلىدىكى «بىرىنچى چامدام» ناملىق ئەدەبىي توپلام نەشر قىلىنغان. نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى بۇ توپلامدا «ئۇيغۇرىستان»، «يېڭى ئوچاق»، «ۋىسال» قاتارلىق شېئىرلار بىلەن «ئوماق ۋە ئامراق» قاتارلىق ھېكايىلىرىنى ئېلان قىلغان. 1930-يىللاردىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا، بولۇپمۇ يەتتەسۇ رايونىدا سىياسىي تەقىبلەشلەر ئەۋجگە كۆتۈرۈلۈپ، مىڭلىغان كىشىلەر تۇتقۇن قىلىندى. ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، خەلق توپ-توپى بىلەن قىرىلىپ كېتىدۇ. سىياسىي ساھەدىكى ئاكتىپلار بىلەن بىلىم ساھەسىدىكى سەرخىللار تازىلىنىدۇ. بۇ ئەھۋاللار نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلىدا كوممۇنىزىمغا، بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىگە ۋە سوۋېت سىستېمىسىغا بولغان گۇمان، ھەم ئۈمىدسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ باشقا مىڭلىغان كىشىلەر قاتارىدا سوۋېت چېگراسىدىن ئۆتۈپ، ئىلىنىڭ جاغىستاي يېزىسىغا قېچىپ كېلىدۇ ۋە ماتارىپ، ئاقارتىش ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. 1940-يىللاردا ئىلىدا ئىنقىلاب پارتلاپ، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى

ئەيسا موسكۋادىن يۇرتى غالجاتقا قايتىپ كېلىدۇ.[7]

ئۇ يۇرتىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەي، شۇ ۋاقىتتىكى بىلىملىك زىيالىيلاردىن تارىخچى ۋە ئەدىب نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى (ئۇيغۇر بالىسى) نى ئۇستاز تۇتۇپ، ئەدەبىيات ۋە تارىخ ئۆگىنىشكە باشلايدۇ. ئۇستازى نەزەرخوجا ئابدۇسەمەت ئوغلى ياش ئابدۇرەھىم ئەيسادا مىللەتپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.[8]

1920-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغا بارغاندا بارغانسېرى ئەشەددىيلىشىۋاتقان رۇس بولشېۋىكلىرىنىڭ سىياسىي بېسىمى ۋە مەجبۇرىي كوللېكتىپلاشتۇرۇش شاملى تۇپەيلى ئۇلارنىڭ ئا-ئىلىسىدىكىلەر بولشېۋىكلار ھۆكۈمرانلىقىدىكى تۇپراقلاردا ئەركىن ياشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بولشېۋىكلارنىڭ كوللېكتىپلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ نەتىجىسىدە ئاچارچىلىق باشلىنىپ، مىڭلىغان كىشىلەر يۇرت-ماكانلىرىنى تاشلاپ تەرەپ-تەرەپكە قاچىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دادىسى ئەيسائاخۇن «باي پومېشچىك»، «خەلق دۈشمىنى» دېگەن قالپاقلار بىلەن ئەيىبلىنىپ، قاماققا ئېلىنىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا غالجاتتا داۋاملىق ياشاشنىڭ مۇمكىنچىلىكى قالمايدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا 1928-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى چېگراسىدىن يوشۇرۇنچە قېچىپ ئۆتۈپ، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ چاپچال ناھىيەسىگە قاراشلىق يوقىرى جاغىستاي يېزىسىدىكى تاغىسىنىڭ ئۆيىگە پاناھ تارتىپ بارىدۇ. ئۆز ۋاقتىدا غالجاتتا

---

[7] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى» (يېرىمى قولىيازما، يېرىمى ماشىنكىدا بېسىلغان تارىخىي ئەسلىمە)، تاشكەنت، 1990-يىللار، 1-بەت

[8] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 1-بەت

ئىسمائىل يۈسۈپوف[6] مۇ بار ئىدى.

ئابدۇرەھىم ئەيسا موسكۋا يېزا-ئىگىلىك ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋاتقان يىللاردا ستالىن قوزغىغان سىنىپىي كۈرەش دولقۇنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلۈپ، پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى پۇقرالارنىڭ سىنىپىي تەركىبى ئايرىلىدۇ، شۇنداقلا كوللېكتىپلاشتۇرۇش شامىلى باشلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ غالجاتتىكى ئائىلىسى ھەم دادىسىنىڭ سىنىپىي تەركىبى «باي-پومېشچىك» دەپ ئايرىلىپ، بولشېۋىكلار ھاكىمىيىتىنىڭ زەربە بېرىش نىشانىغا ئايلىنىدۇ.

ئائىلىسىنىڭ سىنىپىي تەركىبى موسكۋادا ئوقۇۋاتقان ياش ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئوقۇش ھاياتىغىمۇ قارا سايە تاشلايدۇ. ئۇ موسكۋا يېزا-ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ ئىككىنچى ئوقۇش يىلىغا چىققىنىدا، يەنى 1927-يىلى «باي دېھقانىنىڭ بالىسى» دېگەن قالپاق بىلەن مەكتەپتىن ھەيدىلىدۇ. ئامالسىز قالغان ئابدۇرەھىم

---

[6] ئىسمائىل يۈسۈپوف (1914-2005) سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان سىياسىي ئەرباب. ئۇ ئابدۇرەھىم ئەيسا موسكۋادىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنى تەخمىنەن 1929-ياكى 1930-يىللىرى ئەتراپىدا موسكۋادىكى يېزا-ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن. 1934-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرۈپ قازاقىستانغا قايتىپ كەلگەن. 1940-يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە قاتنىشىپ، مىنسكى ھەربىي ئاكادېمىيەسىنى پۈتتۈرگەن. ئۇرۇش يىللىرى ئۇ لېنىنگراد فرونتىدا چاڭغۇ باتالىيونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن ۋە «لېنىن ئوردېنى» بىلەن مۇكاپاتلانغان. ئۇرۇشتىن كېيىن قازاقىستانغا قايتىپ كېلىپ، قازاقىستان كومپارتىيەسىنىڭ ھەر دەرىجىلىك ئورگانلىرىدا رەھبەرىي لاۋازىملاردا بولغان. خرۇشېۋ تەختكە چىققان يىللاردا، يەنى 1962-يىلىدىن 1964-يىلىغىچە ئىسمائىل يۈسۈپوف قازاقىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى كومپارتىيەسىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى بولغان. بۇ دەۋردە ئۇ ئالمۇتا ئوبلاستى قارىمىقىدا ئۇيغۇر رايونىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ۋە جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر تىياتىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن كۈچ چىقارغان.

## ئۇيغۇر مىللىي مائارىپى ئۇچۇن كۆيگەن يۈرەك

بۇ يىللاردا ئابدۇرەھىم ئەيسا ئانا يۇرتىنىڭ زامانىۋىي مائارىپتىن تولىمۇ ئۇزاق قالغانلىقىنى، مەۋجۇت مەكتەپلەرنىڭ كۆپىنچىسىنىڭ كونا ئۇسلۇبتىكى دىنىي مەكتەپلەر ئىكەنلىكىنى، ئاۋام خەلقتە پۈتكۈل مىللەت گەۋدىسى بىلەن ئويغىنىش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن، يېڭىچە ئۇسلۇبتىكى زامانىۋىي مائارىپنىڭ زۆرۈرلىكىنى چوڭقۇر دەرىجىدە تونۇپ يېتىدۇ.

ئۇ 1930 ـ يىلىدىن باشلاپ جاغىستايدا ئىلگىرى دىنىي ساۋات ئالغان مەكتەپ يېشىدىكى باللارنى يىغىپ، بىر سىنىپ تەشكىل قىلىدۇ ۋە مەخسۇس پەننىي دەرسلەر ئۆتۈلىدىغان يېڭىچە مەكتەپ ئاچىدۇ. كېيىنچە بۇ مەكتەپكە يوقىرى جاغىستاي، تۆۋەن جاغىستاي ۋە قاينۇق يېزىلىرىدىن باللار قوبۇل قىلىنىپ، 6 سىنىپلىق رەسمىي بىر مەكتەپكە ئايلىنىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا 1934 ـ يىلىغىچە بۇ مەكتەپكە مۇدىر بولىدۇ.[9]

1931 ـ يىلىدىكى قومۇل ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ تەسىرىدە پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستان تۇپراقلىرى مىللىي ئىنقىلاب دولقۇنىغا چۆمىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە 1933 ـ يىلى «ئاپرېل ئۆزگىرىشى» يۈز بېرىپ، جىن شۇرېننىڭ ھاكىمىيىتى ئۆرۈلىدۇ. پۇرسەتنى غېنىمەت بىلگەن مىلىتارىست شېڭ شىسەي ئۇيغۇر

[9] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 1 ـ بەت

ئەيسائاخۇننىڭ ياخشىلىقىنى كۆپ كۆرگەن كىشىلەر، كېيىنچە ئۇنى بولشېۋىكلار تۇرمىسىدىن قاچۇرۇپ، چېگرادىن ئۆتتۈپلىشىغا ياردەم قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ 1928 ـ يىلىدىن 1930 ـ يىلىغىچە بولغان جەرياندا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر تۆرلۈك يوللار بىلەن سوۋېت چېگراسىدىن قېچىپ ئۆتۈپ، ئىلىنىڭ يوقىرى جاغىستاي يېزىسىدىكى ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ماكانىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىدۇ.

بىلەن ئۆزىنى بېغىشلىغان ۋە بەلگىلىك ئۇنۇم پەيدا قىلغان يىللار ھېسابلىنىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا ئەينى ۋاقىتتا مەرىپەتپەرۋەر زات، مەكتەپ ئاتىلار كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئابدۇللا خەمىدىنىڭ ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈپ، 1941-يىلى «ئۈمىد» مەكتىپىنىڭ غۇلجا نوۋگورودتىكى 2-شۆبە مەكتىپىنىڭ ئورنىدا خانىم-قىزلار ھۈنەر-سەنئەت مەكتىپىنى قۇرۇپ چىقىدۇ. بۇ مەكتەپكە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى مۇنجىيە خانىم مەسئۇل بولىدۇ.[11]

---

[11] شېرىپ نىياز خۇشتار: «ئابدۇرەھىم ئەيسا»، «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، 342-بەت

دىيارىنىڭ ھاكىمىيەت تەختىگە چىقىدۇ. ئۇ ئۆز ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈن سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن دوست بولۇش، مىللەتلەر ھوقۇقتا باراۋەر بولۇش ۋە مىللىي مائارىپنى راۋاجلاندۇرۇش قاتارلىق «ئالتە بۈيۈك سىياسەت» نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر مەھەل تەرەققىيات ۋە تىنچلىق شوئارىنى توۋلايدۇ. بۇنىڭ بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جاي-جايلىرىدا مىللىي ئويغىنىشنىڭ پەردىسى ئېچىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مىللىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىلىرى ۋە سانايى-نەپىسە ئۆمەكلىرى ئارقا-ئارقىدىن قۇرۇلىدۇ. جاي-جايلاردا باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەر، چوڭ شەھەرلەردە گىمنازىيوم ۋە كەسپىي تېخنىكا مەكتەپلىرى، ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئىنستىتۇتى قاتارلىق ئالىي مەكتەپلەر تەسىس قىلىنىدۇ.

مانا مۇشۇنداق بىر قاينام-تاشقىنلىق دەۋردە ياشلىق باھارى ئۇرغۇپ تۇرغان ئابدۇرەھىم ئەيسا، پۈتۈن زېھنىنى يېڭى مائارىپچىلىق ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىغا بېغىشلايدۇ. 1934-يىلىنىڭ ئاخىرى ئابدۇرەھىم ئەيسا جاغىستايدىن غۇلجا شەھرىگە يۆتكىلىپ كىرىپ، ئاۋۋال «مۇتالىيە» مەكتىپىدە، ئاندىن «ئۈمىد» مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. كېيىنچە «ھۇسەيىنىيە» مەكتىپىگە يۆتكىلىدۇ. بۇ مەكتەپ «غۇلجا شەھەرلىك 5-مەكتەپ» كە ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، بۇ مەكتەپنىڭ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ.[10]

1935-يىلىدىن 1941-يىلىغىچە بولغان مەزگىل، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ غۇلجا مىللىي مائارىپىنىڭ تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچى

---

[10] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 1-بەت؛ شېرىپ نىياز خوشتار: «ئابدۇرەھىم ئەيسا»، «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل نەشرى، 341-بەت

1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۇرۇمچىگە يۆتكىلىپ بېرىپ، ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە دەسلەپ ئوقۇتقۇچى، كېيىن مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ يىللاردا ئۇ شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئىشلەۋاتقان لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئۇرۇمچى قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر قاتارلىق تالانتلىق ياش زىيالىيلار بىلەن يېقىن دوستلاردىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنداقلا مەكتەپتىكى خىزمىتىدىن سىرت داۋاملىق يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، كۆپلىگەن شېئىرلارنى يازىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسا شۇ يىللاردا پروزا ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ. ئۇنىڭ شۇ يىللاردا يازغان «تولۇن» ناملىق باللار ھېكايىسىنى، ئەدەبىياتشۇناسلار ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىدا باللار ھېكايىچىلىقىنىڭ دەسلەپكى پەردىسىنى ئاچقان ئەسەرلەرنىڭ بىرى، دەپ قارايدۇ.[13]

1942 ـ يىلى ئابدۇرەھىم ئەيسا شېڭ شىسەينىڭ مەخپىي ساقچىلىرى تەرىپىدىن ئۇرۇمچىدە قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ساقچى تەرەپ چېقىمچىلار تەمىنلىگەن ئۇچۇر بويىچە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شۇ مەزگىلدە گېزىتتە ئېلان قىلغان «قارلىغاچ بىلەن كەپتەر» ناملىق مەسەلىدە، «شېڭ دۇبەنىنىڭ ھاكىمىيىتىگە دارتىملىغان» كىنايە بار دەپ قارايدۇ، ھەمدە ئۇنى «خەتەرلىك ئۇنسۇر» دەپ قولغا ئالىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسا شۇ قېتىم قولغا ئېلىنىپ تاكى شېڭ شىسەي 1944 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇيغۇر دىياردىن كەتكۈچە بولغان جەرياندا تۈرمىدە ياتىدۇ. شېڭ شىسەي چوڭچىڭغا كەتكەندىن كېيىن، گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ۋۇ جوڭشىننى شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ

---

[13] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 2 ـ بەت

## ۋەتەن ئىشقىدىكى ياشلىق ۋە شېكىسىنى ئۆرمىسىدىكى يىللار

شۇ يىللاردا ئابدۇرەھىم ئەيسا قولىغا قەلەم ئېلىپ، ۋەتەنىنىڭ ھۆرلىكى، خەلقىنىڭ ئويغىنىشى، شۇنداقلا بىلىم ۋە مائارىپ ئارقىلىق مىللەتنى ئاقارتىش تېما قىلىنغان بىر يۈرۈش شېئىرلارنى يازىدۇ. ئۇ يەنە بۇ مەزگىللەردە بىر قىسىم سەھنە ئەسەرلىرىنىمۇ يازىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى شۇ يىللاردا «ئىلى گېزىتى» ۋە «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات سەھىپىسىدە «دەرتمەن» تەخەللۇسى بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ. ئۇ 1935 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان «دەرتمەنىنىڭ تىلىكى» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

*ئوقۇش، ئوقۇش، بىلىم ئېلىش ۋاقتى يەتتى،*
*نادان قېلىپ، يەم بولۇشنىڭ ۋاقتى كەتتى.*
*جان ئېلىمگە ئىچ سىرىمنى ئۇقتۇراي دەپ،*
*ئۆز ـ ئۆزۈمنى مۇنبەرلەردە قايناتقۇم بار!*

*كۆڭلى سۇنۇق مىسكىن ھالدا ياتقان ئەلنى،*
*گۈدۈك چېلىپ تاڭ سەھەردە ئويغاتقۇم بار.*
*سۆيۈملۈك ۋەتىنىمنىڭ كەڭ قوينىدا،*
*ئىلىم يۇرتى، چوڭ مەكتەپلەر ئورناتقۇم بار.*[12]

---

[12] مەرۇپ ئەيسا (گىسارو): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆتكۈرنىڭ سىرى»، 2 ـ بەت

## «باھار» تەشكىلاتى ۋە ئۈرۈمچىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن تەييارلىنىش

ئابدۇرەھىم ئەيسا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، يەنە ئۆزى ئىلگىرى ئىشلىگەن ئۆلكىلىك قىزلار ئوتتۇرا مەكتىپىدە مۇدىر بولۇپ ئىشلەيدۇ. بۇ مەزگىللەردە ۋەزىيەت ئىنتايىن سەزگۈرلىشىپ كەتكەن بولغاچقا، گومىنداڭ دائىرىلىرى ئۈرۈمچىدىكى ئۇيغۇر ۋە قازاق زىيالىيلىرىنىڭ ئىلى تەرەپ بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئارقىسىغىمۇ يوشۇرۇن قۇلاق قويۇلىدۇ.

1944-يىلى سېنتەبىردە ئىلقا تاغلىرىدىن باشلانغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئوق ئاۋازى ئۈرۈمچىدە نازارەت ئاستىدا تۇرىۋاتقان ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق ياش ئۇيغۇر سەرخىللارنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سالىدۇ. ئۇلار ئىنقىلاب يالقۇنىنىڭ تېزلىك بىلەن ھەممە جايلارغا تۇتىشىشىنى، مىللىي ئازادلىق تېگىنىڭ بالدۇرراق ئېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ.

1945-يىلى كىرىشى بىلەن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئازاد قىلىنىشى، مىللىي ئارمىيەنىڭ غەلىبىلىك جەڭلىرىنى قىلىپ تېز سۈرئەتتە شەرققە يۈرۈش باشلىشى، گومىنداڭ دائىرىلىرىنى قاتتىق ساراسىمىغا سالىدۇ. ھالبۇكى، ئۈرۈمچىدە قاپسىلىپ قالغان ئۇيغۇر سەرخىللىرى بىلەن جەنۇبىي ۋىلايەتلەردىكى ئۇيغۇر ياشلىرى،

رەئىسلىكىگە تەيىنلەپ، ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىدۇ. ۋۇ جوڭشىن ئۆلكە رەئىسى بولغاندىن كېيىن، شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە هايات قالغان بىر قىسىم ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا يەرلىك مىللەت مەھبۇسلىرىنى تۈرمىدىن چىقىرىپ، ۋەزىيەتنى يۇمشاتماقچى ۋە ئىلىدا قوزغالغان مىللىي ئىنقىلابنىڭ يالقۇنىنى سۆلھى يولى بىلەن ئۆچۈرمەكچى بولىدۇ. ئەنە شۇنداق داۋالغۇپ تۇرغان ۋەزىيەتتە ئابدۇرەھىم ئەيسا بىر قىسىم سەپداشلىرى بىللە بىلەن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ غۇلجاغا قايتىشىغا رۇخسەت قىلىنمايدۇ.

گومىنداڭ ھەربىي مەكتىپىدىن 18، يەرلىكتىن 70 تىن ئارتۇق ياشنىڭ ئەزالىققا قوبۇل قىلىنغانلىقىنى يازىدۇ.[15]

مەرۇپ ئەيسا ئەسلىمىسىدە سەيپىدىن ئەزىزى تىلغا ئالغان «ئىنقىلابىي ياشلار ۋە زىيالىيلار تەشكىلاتى» نىڭ ئۈرۈمچىدە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ باشچىلىقىدا قۇرۇلغان «باھار» تەشكىلاتى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئاقسۇدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدا ‹ئۇچقۇنلار تەشكىلاتى› قۇرۇلغان ۋاقىتتا، ئۈرۈمچىدە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ باشچىلىقىدا ‹باھار› تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ، يوشۇرۇن پائالىيەتلىرىنى قانات يايدۇرىدۇ. بۇ تەشكىلات ئىلىدىن باشلانغان مىللىي ئىنقىلابنىڭ ئىلھامى بىلەن 1945-يىلى فېۋرالدا قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ سېپىگە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك، تاتار ۋە رۇس مىللىتىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان ئىدى. بۇ تەشكىلاتنىڭ ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ مۇئاۋىن كونسۇلى رۇسلانوف بىلەن يوشۇرۇن ئالاقىسى بار ئىدى. ‹باھار› تەشكىلاتىنىڭ رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىدا ئابدۇرەھىم ئەيسا، قاسىمجان زۇلياروف، مەنسۇر نىيازى، كەنجى، ھامىد مۇقىيت، ئىسمائىل ئەنۋەرى، مامۇت سەدىرىدىن ۋە باشقىلار بار ئىدى. تەشكىلاتنىڭ ئاساسىي مەقسىتى خەلق ئىچىدىكى ئىلغار ياشلارنى ئەزالىققا قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى تەشكىللەش ۋە تەربىيەلەش، خەلقنى ئويغىتىش، پارتىزانلىق ھەرىكىتىگە تەييارلىق قىلىش، ۋاقتى كەلگەندە ئىلى ئىنقىلابچىلىرىغا ماسلىشىپ ئىچكىي تەرەپتىن ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىنى گومىنداڭچىلارنىڭ قولىدىن ئازاد قىلىشنى تېزلىتىشتىن ئىبارەت ئىدى.»[16]

---

[15] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، 191-بەت

[16] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 2-بەت

ئىلىدىن باشلانغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئۇپۇق نۇرىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتمەكتە ئىدى.

بۇ ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىمۇ يەر ئاستى پائالىيەتلىرىنى جىددىيلەشتۈردى. كونسۇلخانىدىكى مۇئاۋىن كونسۇلنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىرمۇنچە خادىملار ئۈرۈمچىدىكى سىياسىي سەزگۈرلۈكى يۇقىرى بولغان ئۇيغۇر، قازاق، تاتار ۋە باشقا يەرلىك مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرى بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى يوشۇرۇن تەشكىلات قۇرۇشقا، يەر ئاستى پائالىيەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، مىللىي ئارمىيە يېقىن كەلگۈسىدە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلىغاندا، ئىچكىي جەھەتتىن قوزغىلىپ ماسلىششقا ئۈندەيدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزىمۇ ئۆزىنىڭ «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 2-تومىدا، 1944-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1945-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈرۈمچىدە «خەلقچىل ياشلار بىرلەشمىسى»، «خەلقچىل ئىنقىلابىي ياشلار ئازادلىق تەشكىلاتى» قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ قۇرۇلغانلىقى، بۇ تەشكىلاتلارنىڭ 1949-يىلى بىرلەشتۈرۈلۈپ، «ئىنقىلابىي ياشلار تەشكىلاتى» بولۇپ قۇرۇلغانلىقىنى، بۇ تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىرىنىڭ نۇسرەت شەھىدى، توختى قۇربان قاتارلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.[14]

ئۇنىڭدىن باشقا سەيپىدىن ئەزىزى يەنە، 1945-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدە يەنە بىر مەخپىي تەشكىلات - «ئىنقىلابىي ياشلار ۋە زىيالىيلار تەشكىلاتى» نىڭ قۇرۇلغانلىقى ۋە مەخپىي كۆرەشلەرنى ئېلىپ بارغانلىقىنى، بۇ تەشكىلاتقا ئەينى ۋاقىتتا

---

[14] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى، 190-بەت

## «باھار» تەشكىلاتىنىڭ ئاشكارىلىنىشى ۋە ئىككىنچى قېتىم قولغا ئېلىنىش

1945 ـ يىلىنىڭ ياز ئايلىرىدا «باھار» تەشكىلاتى تېز سۈرئەتتە كېڭىيىۋاتقان كۈنلەردە، گومىنداڭ دائىرىلىرى جاسۇسلىرىنىڭ پاش قىلىشى بىلەن مەزكۇر تەشكىلاتىنىڭ ھەرىكىتىنى بايقاپ قالدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 2 ـ تومىدا مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قانداق پاش بولۇپ قالغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ تەشكىلات 1945 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ باشلىرىدا گومىنداڭ ساقچى ئورۇنلىرىغا پاش بولۇپ قېلىپ، كۆپلىگەن ئاساسلىق ئەزالىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى تەرىپىدىن قاماققا ئېلىنغان. بىرمۇنچىسى دەھشەتلىك قىيناق ئازابىدا ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. بۇ تەشكىلاتنىڭ پاش بولۇپ قېلىش جەريانى مۇنداق بولغان: تەشكىلاتنىڭ ئابدۇللا ئىسىملىك بىر ئەزاسىنىڭ خائىن ئىكەنلىكى سېزىلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارار قىلىنغان. بۇ ۋەزىپە تەشكىلاتنىڭ ئاكتىپ ئەزالىرىدىن كەنجى، قاسىم زۇلياروۋ، ئىسمائىل دېگەن كىشىلەرگە تاپشۇرۇلغان. ئۇلار ئابدۇللانى شەھەر سىرتىغا باشلاپ چىقىپ تاپانچا بىلەن ئاتقان. بىراق شۇ چاغدا غەيرىي ئادەم كېلىپ قالغانلىقتىن ئاتقۇچىلار قاچقان. ئىسمائىل قورقۇپ كېتىپ ئۆزىنى ساقچى ئىدارىسىگە مەلۇم قىلغان ۋە تەشكىلات ئەزالىرىنى پاش

دەرۋەقە، كونسايىن ئاشكارا بولۇۋاتقان ئارخىپ ماتېرىياللىرى، لوتپۇللا مۇتەللىپ باشچىلىقىدىكى ئوت يۈرەك ياشلار 1945 ـ يىلىنىڭ باشلىرىدا ئاقسۇدا قۇرغان «شەرقىي تۈركىستان ئۈچقۇنلار تەشكىلاتى» بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيسا، قاسىمجان زۇلياروف قاتارلىق ياشلار ئۈرۈمچىدە قۇرغان «باھار» تەشكىلاتىنىڭ، ئىلى ئىنقىلابىنىڭ ئىلھامى ۋە سوۋېت كونسۇلخانىسىنىڭ مەخپىي كۆرسەتمىلىرى بىلەن قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسەتمەكتە. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەزكۇر تەشكىلاتنى قۇرغۇچىلار بولسۇن، ياكى ئۇنىڭغا ئەزا بولغۇچىلار بولسۇن، كۆپىنچىسى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى بىلەن مەلۇم مۇناسىۋىتى بولغان، ياكى ئىلگىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا ئوقۇغان ياشلار ئىدى. خۇددى مەرۇپ ئەيسا ئەسلىمىسىدە تەكىتلەپ ئۆتكەندەك بۇ تەشكىلاتنىڭ تۈپ مەقسىتى، مەزكۇر تەشكىلاتقا ئەزا بولغان ئۈرۈمچىدىكى ياشلارنى تەشكىللەپ، ۋاقتىنچە يەر ئاستى پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىش، غەلىبەسېرى شەرققە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتقان مىللىي ئارمىيە ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم باشلىغاندا، مەزكۇر تەشكىلات ئەزالىرى ئىچكىي جەھەتتىن قوزغىلىپ، ئۈرۈمچىنىڭ بالدۇرراق ئازاد قىلىنىشى ئۈچۈن كۈچ قوشۇش ئىدى.

دېگەندەك «ئۇلار ئېغىزچە چۈشەندۈرۈش، تەشۋىق ۋاراقلىرى تارقىتىش، ئىلدىن يوشۇرۇن ئەۋەتىلگەن گېزىتلەر بىلەن ‹شەرق ھەقىقىتى› ژۇرناللىرىنى تارقىتىش، دۈشمەننىڭ قورال ئىسكىلاتلىرى بىلەن ئاتخانىلىرىدىكى مىللىي خىزمەتچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، كېرەك بولغاندا شۇ يەردىكى قوراللار بىلەن ئاتلارنى ئېلىپ قېچىش تەييارلىقىنى ئېلىپ باردۇ. قىسقىسى، پارتىزانلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋىي تەييارلىقلىرى ئوبدان ئىشلەنگەن ئىدى.»[17]

---

[17] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 3 ـ بەت

دەپ ئېلىپ ماڭىدۇ. ئېتىز-ئېرىق بويىدىكى خىلۋەت بىر جايغا كەلگەندە كەنجى (بۇ كىشى شۇ ۋاقىتتا ھەربىي خىزمەتچى بولغاچقا يان قۇرالى بار ئىكەن) تاپانچىسىنى چىقىرىپ ئابدۇللانى ئاتىدۇ. ئەمما دەل شۇ ۋاقىتتا غەيرى بىر كىشىنىڭ شەپىسى كېلىپ قالغاچقا، جىددىيلىشىپ قالغان كەنجىنىڭ كېچە قاراڭغۇلۇقىدا ئاتقان ئوقى ئابدۇللانىڭ ئەجەللىك يېرىگە تەگمەيدۇ. ئۇلار ئۇچەيلەن قېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. يارىلانغان ئابدۇللا دات-پەريات توۋلاپ، شۇ كېچىسى گومىنداڭ ساقچى تەرەپكە ئەھۋالنى مەلۇم قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ كېچىسى ئۇرۇمچىدە جىددىي تۇتقۇن باشلىنىدۇ. زولياروف بىلەن كەنجى شۇ كېچىسى ئەھۋالنىڭ خەتەرلىكلىكىنى سېزىپ، سۇ ماڭىدىغان سوڭگۈچ ئارقىلىق ئۇرۇمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسىغا كىرىۋالىدۇ ۋە پاناھلىق سورايدۇ. ئەمما سوۋېت كونسۇلخانىسى بۇ ئىش ئاشكارىلىنىپ قالسا ئۆزلىرىگە پايدىسىزلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ ئىككەيلەننى قوبۇل قىلمايدۇ ۋە كونسۇلخانىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. شۇ كېچىسى تاڭ سەھەردە بۇ ئىككەيلەن گومىنداڭ مەخپىي ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا باشلىق تەشكىلاتنىڭ باشقا ئاساسلىق ئەزالىرىمۇ ئىككىنچى كۈنى ئارقا-ئارقىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. سوۋېت كونسۇلىنىڭ يۈزسىزلىك قىلىشى بىلەن كونسۇلخانىدىن چىقىرىۋېتىلگەن قاسىمجان زولياروف بىلەن كەنجى ئىككەيلەن تۈرمىدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىيناقلارغا دۇچ كېلىدۇ، ھەمدە ۋەھشىيلەرچە قىيناپ ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئۇلارنىڭ جەسىتى كېيىنچە تىككۇدۇق (لىيۇداۋان) دىكى كۆمۈر كان قۇدۇقىغا تاشلىۋېتىلىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا باشلىق «باھار» تەشكىلاتىنىڭ باشقا ئەزالىرى تاكى 1946-يىلى 6-ئايغىچە گومىنداڭ تۈرمىسىدە ياتىدۇ.[19]

---

[19] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 3-بەت

قىلغان. شۇنىڭ بىلەن كەنجى، قاسىم زۇلياروۋ قاتارلىق بىرمۇنچە تەشكىلات ئەزالىرى قولغا ئېلىنغان.»[18]

مەرۇپ ئەيسانىڭ بايانلىرىغا قارىغاندا، «باھار» تەشكىلاتى قۇرۇلۇپ بىرقانچە ئاي ئۆتمەيلا، گومىنداڭ ساقچىلىرى تەشكىلاتنىڭ شەپىسىنى سېزىپ قالىدۇ، ھەمدە مەزكۇر تەشكىلات ئىچىگە ئابدۇللا (ختايچە ئىسمى ئا خۇشۇ) ئىسىملىك بىر قۇلاقچىنى ئۇرۇپ كىرگۈزىدۇ. ئابدۇللا ئۆزى ئىگىلىگەن مەلۇماتلارنى گومىنداڭ ئامانلىق ساقلاش باشقارمىسىغا يەتكۈزۈپ تۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ «باھار» تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرىنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالىدۇ. بۇ ئەھۋالدىن ئۇرۇمچىدىكى مەخپىي خادىملىرى ئارقىلىق خەۋەر تاپقان سوۋېت كونسۇلخانىسى، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ رەئىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانى كېچىدە كونسۇلخانىغا چاقىرتىپ ئەھۋالنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى، گومىنداڭ تەرەپكە ئۇچۇر يەتكۈزگەن خائىننى دەرھال تېپىپ ئۇجۇقتۇرىۋېتىشنى ئېيتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيسا، قاسىمجان زۇلياروف، كەنجى ۋە ئىسمائىل ئەنۋەرى قاتارلىق تەشكىلاتنىڭ تۆت نەپەر ئاساسلىق ئادىمى بىلەن جىددىي مۇزاكىرە قىلىپ، خائىن ئابدۇللانى قانداق ئۇجۇقتۇرىۋېتىش ھەققىدە مەسلىھەتلىشىدۇ. ئاخىرىدا ئابدۇللانىڭ گۇمانىنى قوزغاپ قويماسلىق ئۈچۈن بۇ ئىشقا يات ئادەمنى ئارىلاشتۇرماستىن، ئۇنى ئوبدان تونۇيدىغان 3 كىشى، يەنى زۇلياروف، كەنجى ۋە ئىسمائىل ئۈچەيلەن بىر تەرەپ قىلىشقا كېلىشىدۇ. پىلان بويىچە ئۇلار ئابدۇللانى شۇ كۈنى كەچتە قاسىمجان زۇليارۇفنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىدۇ. سورۇندا ئۇنىڭغا ھاراق ئىچكۈزۈپ مەست قىلغاندىن كېيىن، «مەرمىنساخان دېگەن داڭلىق چوكاننىڭ ئۆيىگە بارىمىز»

[18] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 2)، 191 ـ 190 ـ بەتلەر

ھەمدە تەشكىلات پاش بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئەزالىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىنىشى ھەققىدە تەپسىلىي توختالغان بولسىمۇ، ئەمما مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئىسمىنى پەقەتلا تىلغا ئالمايدۇ.

1946-يىلى 6-ئايدا ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ سۆھبەت ۋەكىلى ئوتتۇرىسىدا «11 بىتىم» غا ئىمزا قويۇپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغانلىقىنى جاكارلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمى، بىتىم روھىغا ئاساسەن گومىنداڭ تەرەپتىن ئابدۇرەھىم ئەيسا باشچىلىقىدىكى «باھار» تەشكىلاتىنىڭ تۈرمىدىكى ئەزالىرىنى سوراۋشتە قىلىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 2-تومىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1946-يىلى ئۈچ ۋىلايەت ۋەكىللىرى ئوتتۇرىسىدا گومىنداڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈۋاتقاندا، بىز تەرەپ ئۇلارنىڭ ئىشىنى سوراۋشتە قىلغان ئىدى. گومىنداڭ ساقچى جاللاتلىرى بۇ ئىشتىن تېنىۋېلىش بىلەن بىرگە، ‹بۇنداق ئادەملەر تۈرمىدە يوق› دەپ تۇرۇۋېلىپ، كەنجى ۋە قاسىم زۇلياروفنى جادۇ بىلەن توغرا ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ. ئەمما باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ئىكەن. جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى ۋە بىز تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ قاتتىق تۇرۇۋشى بىلەن، ‹بىتىم› دىن كېيىن ئۇلارنى قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. ئۈچ ۋىلايەت تەرەپنىڭ ۋەكىللىرى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىدىن ئەزىزوپ قاسىم، زۇلال، مامۇتوپ قۇربان، ھامىت ئىمىنوپ، ئىمىنجان، ئابدۇرەھىم ئۆمەر قاتارلىق 18 كىشىنى شىخوغا ئەۋەتىپ، مىللىي ئارمىيەگە قاتناشتۇردى. ئۇلار كېيىنچە مىللىي ئارمىيە تەركىبىدە ۋە ئازادلىقتىن كېيىنكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا زور خىزمەتلەرنى قىلدى.»[20]

ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە گەرچە «باھار» تەشكىلاتىنىڭ قۇرۇلۇشى، ئىنقىلابىي پائالىيەتلىرى،

---

[20] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، 192-بەت

تېگىشىشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. دەرۋەقە، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىۋاسىتە ئارىغا چۈشۈشى بىلەن گومىنداڭ ساقچى دائىرىلىرى ئۈرۈمچىدە ئابدۇرەھىم ئەيسانى تۈرمىدىن قويۇپ بەرگەن كۈنى، ئىلى تەرەپمۇ گومىنداڭ گېنېرالى لى گاۋچىڭنى شۇ كۈنى قويۇپ بېرىدۇ.[21]

ماھىنۇر قاسىمى «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن» ناملىق ئىككى توملۇق ئەسلىمىسىدە ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىۋاسىتە ئارىلىشىشى بىلەن، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1946-يىلى 6-ئاينىڭ ئاخىرى، يەنى «ئون بىر بىتىم» ئىمزالىنىپ 3 ھەپتە بولغاندا، تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەنلىكىنى تىلغان ئالىدۇ. 1946-يىلى 6-ئاينىڭ 26-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى شەخسەن ئۆزى ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق گومىنداڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلگەن قىسمەن سىياسىي مەھبۇسلارنى ئېلىپ، ئايروپىلان بىلەن غۇلجاغا قايتىدۇ.[22]

شۇ ۋاقىتتا ئىلىدا نەشر قىلىنىۋاتقان «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىمۇ مەخسۇس خەۋەر بېرىپ، 1946-يىلى 6-ئاينىڭ 19-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ بىتىمنىڭ روھىغا ئاساسەن مىللىي ئارمىيەگە ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ گېنېراللىرىدىن گو چى، ۋەن لىگيۇن، گاۋ بەيىيۇ قاتارلىقلارنى ئۆزى بىللە مەخسۇس ئايروپىلاندا ئۈرۈمچىگە قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى، ئەتىسى، يەنى 20-ئىيۇن كۈنى گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق سىياسىي مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن بوشاتقانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. «ئىنقىلابىي شەرقىي

---

[21] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 3-بەت

[22] ماھىنۇر قاسىمى: «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2014-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 411-بەت

## ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ تۈرمىدىن چىقىپ، ئىلىغا بېرىشى

«باھار» تەشكىلاتىنىڭ ئاساسلىق يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ گومىنداڭ تۈرمىسىدىن قويۇپ بېرىلىشى ئاسانغا توختىمايدۇ. بىتىم ئىمزالىنىپ، ئىلى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ دائىرىلىرى ئوتتۇرىسىدا «قاماقتىكى مەھبۇسلارنى ئالماشتۇرۇش» بويىچە كېلىشىم ھاسىل قىلىنىدۇ. ئەمما گومىنداڭنىڭ ساقچى ۋە ھەربىي ئورگانلىرى تۈرلۈك باھانە-سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق ئۆزلىرى ئۆچۈن «خەۋپلىك» سانالغان مەھبۇسلارنى تۈرمىدىن بوشىتىشنى كەينىگە سۈرىدۇ. گومىنداڭ ھەربىي تەرەپ ھەتتا «ئەسىرنى ئەسىرگە، مەھبۇسنى مەھبۇسقا تېگىشىش» شەرتىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانى مىللىي ئارمىيەگە ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كوماندىرى بىلەن ئالماشتۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى مەرۇپ ئەيسا ئاكىسى ھەققىدە يازغان ئەسلىمىسىدە، گومىنداڭ تەرەپنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسانى تۈرمىدىن بوشىتىشتا ناھايىتى يۇقىرى شەرت قويغانلىقىنى، يەنى ئۇنى گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ 1945-يىلى 6-ئاينىڭ 20-كۈنىدىكى شىخو ئۇرۇشىدا مىللىي ئارمىيەگە ئەسىرگە چۈشكەن گومىنداڭ گېنېرالى لى گاۋچىڭ بىلەن

ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى؛ يولداش زۇلال (تاجىك) قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى؛ يولداش قۇربان مامۇتوف ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى؛ يولداش ئابدۇرەھىم پەتەك ئاپتونوم رايونلۇق ئەمگەك نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى بولدى.»[24]

[24] ماھنۇر قاسىمى: «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن»، 1-توم، 412-بەت

تۈركىستان» گېزىتىگە بېسىلغان «ۋەكىللىرىمىز يېتىپ كەلدى» ناملىق خەۋەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: «19-ئىيۇن كۈنى بىزنىڭ ۋەكىللىرىمىزدىن ئەخمەت ئەپەندى ئىككى تەرەپ پۈتۈمىنىڭ مەھبۇسلارنى ئازاد قىلىش دېگەن پۇنكىتىغا ئاساسەن، بىزنىڭ قولىمىزغا ئەسىر بولۇپ چۈشكەن گومىنداڭ گېنېراللىرى گو چى، ۋەن لىگيۇن ھەم گاۋ بەيىيۇلەرنى ئۈرۈمچىگە بىللە ئېلىپ باردى. 20-ئىيۇن كۈنى پۈتۈمگە ئاساسەن ئۈرۈمچى سولاقخانىلىرىدىكى پۈتۈن مەھبۇسلارنى ئازاد قىلدى. ۋەكىللىرىمىز 26-ئىيۇن سائەت 9:00 دا ئازاد قىلىنغان مەھبۇسلاردىن ئابدۇرەھىم ئەيسانى بىللە ئېلىپ شەھرىمىز غۇلجاغا يېتىپ كەلدى.»[23]

شۇ قېتىم ئۈرۈمچىدىكى گومىنداڭ تۈرمىسىدىن ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن بىرلىكتە قويۇپ بېرىلگەنلەر ئىچىدە يەنە «باھار» تەشكىلاتىنىڭ غوللۇق ئەزالىرىدىن ھامۇت ئىمىنوف، قاسىم ئەزىزوف، زۇلال (تاجىك)، قۇربان مامۇتوف، ئابدۇرەھىم پەتەك قاتارلىق ياشلارمۇ بار ئىدى. ماھىنۇر قاسىمى ئەسلىمىسىدە بۇ كىشىلەرنىڭ كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا شېڭ شىسەيگە قارشى تۇرۇپ قولغا ئېلىنغان خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى 9-شۆبە مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. بۇ يولداشلار ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي مەخپىي كۈرەشنى قانات يايدۇرۇپ، بەختكە قارشى تۇتۇلۇپ قېلىپ قاماققا ئېلىنغان. تىنچلىق بىتىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن ئۇلار ئازادلىققا ئېرىشىپ غۇلجاغا قايتىپ كەلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار پۈتۈن ئۆمرىنى خەلقنىڭ ئازادلىق ئىشلىرىغا بېغىشلىدى. يولداش ھامۇت ئىمىنوف ئازادلىقتىن كېيىن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى؛ يولداش قاسىم ئەزىزوف شىنجاڭ

[23] ماھىنۇر قاسىمى: «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن»، 1-توم، 411-بەت

كونترول قىلىنىۋاتقان شىمالدىكى 3 ۋىلايەتنىڭ سايلام ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىلىدىغان گۇرۇپپا باشلىقلىرى گومىنداڭ تەرەپتىن، ياكى گومىنداڭنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەردىن بېكىتىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، گومىنداڭ تەرەپ كونترول قىلىنىۋاتقان 7 ۋىلايەتتىن قەشقەر ۋىلايىتىگە سەيپىدىن ئەزىزى، يەركەن ۋىلايىتىگە بۇرھان شەھىدى، خوتەن ۋىلايىتىگە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا، ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ئابدۇرەھىم ئەيسا، قاراشەھەر ۋىلايىتىگە ئىبراھىم تۇردى، قومۇل ۋىلايىتىگە ئۇيغۇر سايرانى قاتارلىق كىشىلەر سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ. ئىلى تەرەپ كونترول قىلىنىۋاتقان شىمالدىكى 3 ۋىلايەتتىن ئىلى ۋىلايىتىگە جوڭ دىخۋا، تارباغاتاي ۋىلايىتىگە تۈركىستان نوغايباييېۋ (تۇ يۈزى)، ئالتاي ۋىلايىتىگە سالىس قاتارلىق گومىنداڭچىلار گۇرۇپپا باشلىقى قىلىپ ئەۋەتىلىدۇ. ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغا گومىنداڭ تەرەپتىن چۇ ۋۇ مەسئۇل بولىدۇ.[25]

ھالبۇكى، ئۇيغۇرلار نوپۇسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدىغان جەنۇبتىكى ۋىلايەت-ناھىيەلەر گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىۋاتقان بولغاچقا، بۇ جايلاردا دېموكراتىك ئۇسۇلدا سايلام ئېلىپ بېرىش، يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى خالىغان كىشىلەرنى ۋالىي ياكى ھاكىم قىلىپ سايلاش ئىشى ئاسانغا توختىمايتتى. بولۇپمۇ گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچى تەرەپنىڭ بۇ جايلاردىكى سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشى ئېنىق ئىدى. ئەخمەتجان قاسىمى بۇ جىددىي ئەھۋالنى كۆزدە تۇتۇپ، 1946-يىلى 9-ئاينىڭ 14-كۈنى ئىلى تەرەپتىن ھەرقايسى ۋىلايەتلەرگە سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىشقا بارىدىغان مەسئۇل

[25] ماھنۇر قاسىمى: «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن»، 1-توم، 532-531-بەتلەر

## ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇغا ئەۋەتىلىشى

«ئون بىر بىتىم» نىڭ 1-ماددىسىدا «3 ئاي ئىچىدە ھەرقايسى ناھىيەلىك كېڭەش ھەيئىتى سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. شۇ ۋەجىدىن يېڭىدىن قۇرۇلغان شىنجاڭ ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت «سايلام ئېلىپ بېرىش نىزامى»نى تەستىقلاپ، 1946-يىلى 9-ئاينىڭ 13-كۈنى 10 ۋىلايەت بويىچە سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرى ۋە بۇ گۇرۇپپىلارنىڭ مەسئۇللىرىنى بېكىتىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا ئابدۇرەھىم ئەيسا غۇلجادىن ئۈرۈمچىگە قايتىپ كېلىپ، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن ھەمدەمدە بولىدۇ. ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت 10 ۋىلايەتتە ئېلىپ بېرىلىدىغان سايلام ئىشلىرىغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن 10 گۇرۇپپا تەسىس قىلىدۇ. مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ چىڭ تۇرۇشى بىلەن، گومىنداڭ كونتروللىقىدىكى 6 ۋىلايەتكە ئەۋەتىلىدىغان سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرىنىڭ كۆپىنچىسىگە ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىدىن باشلىق تەيىنلىنىدۇ. گومىنداڭ كونتروللۇقىدىكى 7 ۋىلايەتنىڭ ئىچىدە پەقەت ئۈرۈمچى ۋىلايىتىنىڭ سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغىلا گومىنداڭ تەرەپتىن مەسئۇل كىشى قويۇلىدۇ. ئەمما ئىلى تەرەپ ئەمەلىي

بىرلەشمە ھۆكۈمەت ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تەيىنلىگەن يېڭى ۋالىي ئابلىز مەخسۇم[27] ئاقسۇ ۋىلايەتلىك

[27] ئابلىز مەخسۇم (1899-1982) يىگىرمىنچى ئەسىردىكى مەشھۇر ئۇيغۇر سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ۋەتەن ۋە مىللەت ھەققىدىكى يالقۇنلۇق شېئىر-غەزەللىرى ۋە رىۋايەتكە ئايلانغان ئىش-ئىزلىرى ھېلھەم خەلق ئارىسىدا ياد ئېتىلىپ كەلمەكتە. ئابلىز مەخسۇم مەشھۇر دىنىي ئالىم ۋە ئىجتىمائىي ئىسلاھاتچى ئابدۇقادىر داموللام (1870-1924) نىڭ ئوغلى بولۇپ، 1899-يىلى ئاتۇشتا دۇنياغا كەلگەن. ياشلىق يىللىرىدا قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرۈپ، ھىندىستانغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئابلىز مەخسۇم ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقان يىللىرىدا ھىندىستان خەلقىنىڭ ئەنگلىيە مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۈرەشلىرى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، ئۇ ھىندىستان خەلقىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىنى چىن دىلىدىن قوللاپلا قالماستىن، بەلكى ۋەتىنىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈنمۇ باش قاتۇرغان. 1924-يىلى ئابدۇقادىر داموللام قەشقەردە سۇيىقەستكە ئۇچراپ ئۆلتۈرۈلگەندە، ئابلىز مەخسۇم تېخىچە ھىندىستاندا ئوقۇۋاتقان ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ ۋە بۇ سۇيىقەستنىڭ سىرىنى ئېچىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئەمما مىلتارىست ياڭ زېڭشىنىڭ بۇ دېلونىڭ تۈۋىنى يېپىشى سەۋەبلىك ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدۇ. ئابلىز مەخسۇم 1930-ۋە 1940-يىللاردىكى مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى دولقۇنلىرىدا شېڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ تۈرمىلىرىدە ئازاب چېكىدۇ، ئەمما ۋەتىنى ئۈچۈن تىكلىگەن غايىسى ۋە مىللىي ئىرادىسىدىن ئەسلا قايتمايدۇ. 1946-يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ئۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. ھالبۇكى، گومىنداڭ ھەربىي-ساقچى تەرەپنىڭ قاتتىق بېسىمىغا دۇچ كېلىپ، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بىتىمنىڭ روھى بويىچە ۋالىيلىق ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن مۇرەسسەسىز كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. 1949-يىلى كوممۇنىست خىتايلار ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئابلىز مەخسۇم كېيىنكى ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمىنى تۈرمىلەردە ۋە ئەمگەك لاگېرلىرىدا ئۆتكۈزىدۇ. تۈرمىدىن چىقىپ ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1982-يىلى سىرلىق بىر سۇيىقەست بىلەن پويىزغا سوقۇلۇپ، ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئابلىز مەخسۇمنىڭ ھاياتىنىڭ 47 يىلىنى شېڭ شىسەي، گومىنداڭ ۋە كوممۇنىست خىتاينىڭ تۈرمىلىرىدە ئۆتكۈزگەنلىكى قەيت قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىجادىيەتلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاز بىر قىسمى تۈرمىداشلىرى تەرىپىدىن يادقا ئېلىنىپ، خەلق ئارىسىغا تارقالغان. ئابلىز مەخسۇمنىڭ يۇلتۇز ۋە ئايدىن ئىسىملىك ئىككى قىز پەرزەنتىنىڭ بولغانلىقى مەلۇم.

خادىملارنى ئۈرۈمچىدىكى جەنۇبىي گۇلباغقا يىغىپ مەخسۇس يىغىن ئاچىدۇ، ھەمدە زوڭرو بولغان كۆرسەتمىلەرنى بېرىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمى يىغىندا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئەھۋالىنى ئالاھىدە مىسال قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ مىللىي ئارمىيەنىڭ ئۆز ۋاقتىدا مۇزداۋان ئارقىلىق جەنۇبقا چۈشۈپ، ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلغانلىقى، شۇ سەۋەبتىن ئاقسۇدىكى گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، ھەم ئۆچ ئېلىش ئېھتىمالىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى، شۇڭلاشقا ئاقسۇ ۋىلايىتىگە بارىدىغان خادىملارنىڭ خىزمەت ئۇسۇلىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىشى لازىملىقىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ.[26]

شۇنداق قىلىپ، سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرى ئارقا-ئارقىدىن يولغا چىقىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا باشچىلىقىدىكى گۇرۇپپىمۇ شۇ يىلى 9-ئاينىڭ 16-كۈنى ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ، ئاقسۇغا قاراپ ئاتلىنىدۇ.

دېگەندەك، ئابدۇرەھىم ئەيسا يېتەكچىلىكىدىكى سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچى تەرەپنىڭ قاتمۇ-قات بېسىمى ھەم تەھدىتىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ گومىنداڭپەرەس ۋالىيسى سېيىت ئەخمەت، مۇئاۋىن ۋالىيسى توختامىش قاتارلىقلارمۇ ئاقسۇغا ئۇلى تەرەپنى ھىمايە قىلىدىغان بىرىنىڭ يېگىدىن ۋالىي بولۇپ تەيىنلىنىشىگە چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرىدۇ. ئەمما ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھىم ئەيسا، گۇرۇپپا ئەزاسى قاسىمجان قەمبەرىلارنىڭ چىڭ تۇرۇشى، يەرلىك خەلقنىڭ، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ قىزغىن قوللىشى بىلەن، ئۆلكىلىك

[26] ماھنۇر قاسىمى: «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن»، 1-توم، 533-بەت

دەرھال قوشۇن باشلاپ بېرىپ، تەپ تارتماستىن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىيا ئەزالىرىنى ۋە قارشى ئېلىشقا كەلگەن خەلقنى قورشىۋاپتۇ. ئۇ ئەسكەرلىرىگە خەلققە قارىتىپ ئوق چىقىرىشقا بۇيرۇق بېرىپتۇ. ھاشىم مەزىن دېگەن كىشىگە ئوق تېگىپ نەق مەيداندا جان ئۈزۈپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا قۇربان يۈزبېشى دېگەن كىشىنىڭ پۇتىغا ئوق تېگىپتۇ. باي ناھىيەلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىنىڭ رەئىسى ھۆسەيىن ئېلى قاتارلىق 10 كىشىنى ئۇرۇپ زەخىملەندۈرۈپ، مەيداننى قانغا بوياپتۇ. ئىككى نەپەر تەرەققىيپەرۋەر ياشنى تۇتۇپ كېتىپتۇ. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر بۇ زوراۋانلىقلاردىن قىلچە قورقۇپ قالماي، ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ھاۋالىسى بىلەن خىزمەت بېجىرگىلى كەلگەنلىكى ھەققىدە بايانات ئېلان قىلىپ، بىتىمنى دەپسەندە قىلىدىغان بۇنداق ۋەھشىي قىلمىشلارغا قاتتىق ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ. قولغا ئالغانلارنى دەرھال قويۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپ قاتتىق تۇرۇپتۇ. بىراق توختامىش بىلەن پولك كوماندىرى لى ئىككىسى «ئوقۇشماسلىق بولۇپ قاپتۇ» دەپلا تۇرۇۋاپتۇ. سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەر تۈرمىگە تاشلانغان ئىككى نەپەر ياشنى چىقىرىپ بېرىشنى تەلەپ قىلسا، پولك كوماندىرى لى: «ئۇلار چەتئەلگە قېچىپ كېتىپتۇ، بىزدە يوق» دەپ تېنىۋاپتۇ.»[28]

دەرۋەقە، ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ باشقا ناھىيەلىرىدە ئېلىپ بېرىلغان سايلام ئىشلىرىمۇ ئوخشاشلا گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرىنىڭ قاتتىق بېسىمىغا ۋە تەھدىتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا باشچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئىنتايىن كۈچلۈك مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە سىياسىي سەزگۈرلۈك بىلەن سايلام ئىشلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكۈزۈلۈشىگە

---

[28] ماھنۇر قاسىمى: «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن»، 1-توم، 552-551-بەتلەر

ۋالىي مەھكىمىسىگە كىرىپ ئورۇنلىشىدۇ. ئارقىدىن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە قاراشلىق ھەرقايسى ناھىيەلەردە سايلام ئېلىپ بېرىش ئىشى باشلىنىدۇ. گومىنداڭ ھەربىي-ساقچى تەرەپ پۈتۈن كۈچى بىلەن سايلام ئىشلىرىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئاقسۇنىڭ ھەرقايسى ناھىيەلىرىگە ئەلى تەرەپنى ھىمايە قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ھاكىملىققا سايلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا ئورۇنىدۇ.

1945-يىلى يازدا جەنۇبقا يۈرۈش قىلغان مىللىي ئارمىيە تەرىپىدىن ئازاد قىلىنىپ، كېيىن يەنە گومىنداڭنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا چۈشۈپ قالغان باي ناھىيەسىدە، سايلام ئىشلىرى گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدىكى پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە ماھىنۇر قاسىمنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئاقسۇغا ئەۋەتىلگەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھىم ئەيسا، گۇرۇپپا ئەزالىرىدىن قاسىمجان قەمبەرى، يېڭىدىن تەيىنلەنگەن ئاقسۇ ۋالىيسى ئابلىز مەخسۇم، شۇنىڭدەك شايىپ قارى ھاجى، ئوسمان داموللام ۋە توختامىش (ئاقسۇنىڭ گومىنداڭپەرەس مۇئاۋىن ۋالىيسى) قاتارلىقلار بىلەن باي ناھىيەسىنىڭ سايلام ئەھۋالىنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىققانىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئاما ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ، باي، سايرام، قىزىللاردىن بولۇپ، 500 دىن ئارتۇق ئاتلىق ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقىپتۇ. ۋەكىللەر بىلەن ئاما قىزىلدىن 20 چاقىرىم يىراقلىقتىكى پىستە داۋان دېگەن يەردە ئۇچرىشىپتۇ. ئاما قايىنام-تاشقىنلىققا چۆمۈپتۇ. شۇ ئارىدا ئابىت شياڭجاڭ دېگەن بىرى قاسىمجان قەمبەرىنى تونۇپ قېلىپ، دەررۇ بايدا تۇرۇشلۇق گومىنداڭ ئامانلىق ساقلاش پولكىنىڭ لى فامىلىلىك كوماندىرىغا قاسىمجان قەمبىرىنىڭ ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلغان مىللىي ئارمىيەنىڭ رەھبىرى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن پولك كوماندىرى لى

سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزاسى، ئۆلكىلىك مائارىپ نازارىتىنىڭ خادىمى ئەنۋەر يۈسۈپنى قولغا ئېلىپ، ئۆلارغا تەھدىت سالىدۇ.[30]

خوتەن ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلگەن مۇھەممەدئىمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىمۇ گومىنداڭ ھەربىيلىرىنىڭ دەھشەتلىك بېسىمى ۋە تەھدىتىگە دۇچ كېلىدۇ. گومىنداڭ ھەربىي دائىرىلىرى مۇھەممەدئىمىن بۇغرانىڭ 1930 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا خوتەندە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، خوتەن ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرغانلىقى ۋە تاكى يەركەنگىچە بولغان رايونلارنى بىر مەزگىل ئىدارە قىلغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ خوتەن ۋىلايىتىگە كېلىشىگە چىش ـ تىرنىقى بىلەن قارشى چىقىدۇ. بۇ ئەھۋاللار ھەققىدە سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «خوتەنگە بېرىپ بىر ھەپتىدىن ئوشۇقراق تۇردۇم. ئەھۋال بەك جىددىي بولدى. مەتمىن ھەزرەت بارغاندىن كېيىن، گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئۇنىڭغا نۇرغۇن بېسىم ئىشلىتىپتۇ. ئۇ ئېغىر كۈرەشلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. خەلققە، ياش زىيالىيلارغا تايىنىپ بىرقانچە ناھىيەنىڭ سايلىمىنى ئۆتكۈزۈپتۇ. سايلاملارنىڭ بەزىسى ئۇتۇقلۇق، بەزىسى ئۇتۇقسىز ئۆتۈپتۇ. ئۇ بىتىمنى قەتئىي ئىجرا قىلىش، ئىستىبداتلىق زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، ئەركىنلىك توغرىسىدا خېلى جىق تەشۋىقاتلارنى قىپتۇ. خىزمىتىدە نەتىجە يوقمۇ ئەمەس، لېكىن خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ھەرىكەتلىرى ئۇلغايغانسېرى گومىنداڭ ھەربىيلىرى ئۇنى چەكلەپ، ئاخىرى ھەرىكەت قىلالمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ... ئۇ نارازىلىقىنى ئېيتىپ جاڭ جىجوڭغا تېلېگرامما

---

[30] بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986 ـ يىلى نەشرى، 645 ـ 642 ـ بەتلەر

يېتەكچىلىك قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ كونتروللۇقى كۈچلۈك بولغان ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ھەربىي ۋە ساقچىلارنىڭ ھەيۋە كۆرستىشىگە قارشى تىغمۇ-تىغ ئېلىشىدۇ. ئەمما سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى ئاقسۇدىن كەتكەندىن كېيىن، يېڭىدىن ۋالىيلىققا تەيىنلەنگەن ئابلىز مەخسۇم گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچىلىرىنىڭ ئېغىر تەھدىتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. ئۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئاقسۇدا ۋالىيلىق ۋەزىپىسىنى يۈرگۈزۈشكە ئامالى قالمىغاندا، يوشۇرۇن ھالدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمىغا مەكتۇب ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن مەدەت ئىزدەيدۇ.

ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن باشقا يەنە قەشقەر، يەركەن ۋە خوتەن ۋىلايەتلىرىگە ئەۋەتىلگەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىلىرىمۇ شۇ جايلاردىكى گومىنداڭ ھەربىي ۋە ساقچى دائىرىلىرىنىڭ قاتتىق مۇداخىلىسىگە ئۇچرايدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلگەن سايلام گۇرۇپپىسى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ باشچىلىقىدا قەشقەرنىڭ 12 ناھىيەسىدە سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ. ئەمما گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرى قوراللىق ئەسكەر ئەۋەتىپ، سايلامغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنىدۇ. بولۇپمۇ ئۇلۇغچات ناھىيەسىدىكى سايلامدا گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنىڭ مۇداخىلىسى سەۋەبىدىن خەلق كۆرسەتكەن نامزاتنى سايلاش ئىشى ئەمەلگە ئاشمايدۇ.[29]

يەركەن ۋىلايىتىدە سايلام ئىشلىرى تېخىمۇ زور قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ. يەركەننىڭ مۇستەبىت ۋالىيسى جۇ فاڭگاڭ گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرى بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدىكى سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. ھەتتا

[29] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، 231-230-بەتلەر

ۋە ئۆلتۈرۈش ۋەقەلىرىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى، جۈملىدىن «جانغا جان، قانغا قان ئالىمىز» دەيدىغان قىساس ئېلىش خاراكتېرىدىكى ۋەقەلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولدى. بۇنىڭ ئىچىدە تارباغاتاي ۋىلايىتىگە ئەۋەتىلگەن سايلامغا نازارەت قىلىش ئالتىنچى گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى، گومىنداڭنىڭ سادىق غالچىسى تۇ يۈزى، يەنى، تۈركىستان نوغايبايېۋ 10-ئاينىڭ 15-كۈنى دۆربىلجىندە غەزەبلەنگەن ئامما تەرىپىدىن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈلدى.»[32]

---

[32] ماھنۇر قاسىمى: «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن»، 1-توم، 552-بەت

بەرگەن ئىكەن، جاڭ جىجۇڭ ھەربىيلەر بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماسلىق ئۈچۈن «قايتىپ كېلىڭ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇ جاڭ جىجۇڭغا: «ۋەزىپەمنى ئادا قىلمىغۇچە خوتەندىن كەتمەيمەن!» دەپ جاۋاب تېلېگرامما بېرىپتۇ. كېيىن بىز لىيۇ زىخۇي، خا دوگباڭ (نۇربەگ، خوتەننىڭ گومىنداڭپەرەس ۋالىيسى) لارنى چاقىرىپ سۆزلەشتۇق. مەتمىن ھەزرەت لىيۇ زىخۇيغا قاتتىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ: «بېشىم كەتسە كەتسۇن، مەن خەلقنىڭ تەلىپىنى ھەل قىلماي خوتەندىن كەتمەيمەن، قولۇڭدىن كەلسە مېنى ئات!» دەپ ۋارقىرىدى.»[31]

دېمەك، بىتىمدىن كېيىنكى سايلام مەسىلىسى ئىلى تەرەپ بىلەن گومىنداڭ ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەشنىڭ ئالدىنقى سەپ جەڭ مەيدانىغا ئايلىنىدۇ. سايلامغا نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن جەنۇبىي ۋىلايەتلەرگە ئەۋەتىلگەن ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ، گومىنداڭ ھەربىي-ساقچىلىرى تەرىپىدىن قاتتىق تەھدىت ۋە ھۇجۇمغا ئۇچرىشى ئازاد رايون ئىلىدىكى خەلقنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. بۇنىڭ بىلەن سايلامغا نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئىلى تەرەپكە ئەۋەتىلگەن گومىنداڭ ۋەكىللىرىمۇ يەرلىك خەلقنىڭ كۈچلۈك قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە ماھنۇر قاسىمنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنۇ بايانلار ئۇچرايدۇ: «جەنۇبىي شىنجاڭدا گومىنداڭ جاھىل كۈچلىرىنىڭ سايلام جەريانىدا قىلغان زوراۋانلىقلىرى، ئۈچ ۋىلايەت خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. بولۇپمۇ گومىنداڭ ئارمىيە-ساقچىلىرىنىڭ بىز تەرەپتىن تەشكىللەنگەن سايلامغا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسىدىكىلەرنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋېلىشى، ھەتتا سايلامغا قاتناشقان ئاممىغا تەپ تارتماستىن ئوق چىقىرىپ، بىرمۇنچە كىشىلەرنى يارىلاندۇرۇش

[31] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-2)، 248-247-بەتلەر

يۇسۇپ ئالپتېكىن ۋەكىللىكىدىكى «ئۈچ ئەپەندى» لەر گۇرۇھى بىلەن ئەخمەتجان قاسىمى ۋەكىللىكىدىكى ئىلى ئىنقىلابچىلىرى ئوتتۇرىسىدا سىياسىي ئىدېئولوگىيە ۋە مىللىي ھەق-ھوقۇقلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ يوللىرى مەسىلىسىدە جىددىي ئىختىلاپلار مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئابدۇرەھىم ئەيسا ئىككى تەرەپنىڭ ئاخىرقى نىشانىدىكى ئورتاقلىقنى كۆزدە تۇتۇپ، تەرەپلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى تەڭشەشتە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. ئۇ بۇ مەزگىللەردە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئۇ مۇھەممەدئىمىن بۇغرانىڭ 1930-يىللاردىكى مىللىي ئىنقىلابتا ئوينىغان رولى، تارىخ ۋە سىياسەت ئىلمىدىكى چوڭقۇر بىلىمى ھەمدە كىشىلىك پەزىلىتىگە چىن دىلىدىن ھۆرمەت قىلدى.

1947-يىلى كىرىشى بىلەن گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن ئىلى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ چېكىگە يېتىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پالەچ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. شۇ يىلى 7-ۋە 8-ئايلاردا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى ئارقا-ئارقىدىن ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ غۇلجاغا كېتىدۇ. ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيسامۇ شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىدىكى ۋەزىپىسىنى تاشلاپ غۇلجاغا قايتىپ كېلىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسا غۇلجاغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. 1948-يىلى 8-ئاينىڭ 1-كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدا غۇلجادا «ئىتتىپاق» تەشكىلاتى، يەنى «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، ئابدۇرەھىم ئەيسا «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى مەمۇرىيەت بۆلۈمىنىڭ

## ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىرلىكتە كۈرەش قىلغان 4 يىل

ئابدۇرەھىم ئەيسا ئىككىنچى قېتىم تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت تەركىبىدە ئۈرۈمچىدە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى - ئەخمەتجان قاسىمى، رەھىمجان سابىرھاجى قاتارلىقلار بىلەن بىللە سىياسىي سەھنىدىكى كۈرەشنى داۋاملاشتۇرىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسا ئاقسۇدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مۇئاۋىن رەئىس ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت يىغىنىدا ئالاھىدە تەۋسىيە قىلىشى بىلەن، 1946-يىلىنىڭ ئاخىرى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. شۇندىن كېيىن ئابدۇرەھىم ئەيسا شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنى بازا قىلىپ، ئالىي مائارىپ ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتە گومىنداڭچىلار بىلەن كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارىدۇ. ئۇ شۇ يىللىرى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ ئەزاسى، قوشۇمچە تەمرات نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئاتاقلىق ئىنقىلابچى ۋە تارىخچى مۇھەممەدئىمىن بۇغرانى، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورلىقىغا تەكلىپ قىلىدۇ، ھەمدە ئوقۇغۇچىلارغا ئۇيغۇر تارىخىدىن لېكسىيە بېرىشكە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.[33]

گەرچە مەسئۇت سابىرى، مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا

---

[33] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 3-بەت

قاتنىشىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئۆلكىسى بولغانلىقىنى جاكارلايدۇ.

ئارقا-ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان بۇ سىرلىق ئۆزگىرىشلەرنى زادىلا قوبۇل قىلالمىغان ئابدۇرەھىم ئەيسا، بىر مەزگىل كۆز ئالدىدىكى رېئاللىقتىن كۆڭلى سوۋۇپ كېتىدۇ. ۋەتەننىڭ تەقدىرى مەسىلىسى ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى مەمۇرىي بۆلۈمىدىكى باشلىقلىق ۋەزىپىسىنى تاشلاپ، غۇلجانىڭ بۆلاق دادامتۇ يېزىسىدىكى قورۇسىغا كۆچۈپ چىقىدۇ ۋە جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغاچ بىر مەزگىل قاتتىق ئويلىنىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ تاشكەنتتە ياشاۋاتقان ئەڭ كىچىك ئىنىسى مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە، ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ: «مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسى ئەزەلدىن ۋەتەننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ روھىي كەيپىياتىغا ئېغىر تەسىر قىلدى. ئۇ روھى چۈشكەن ھالدا داۋاملىق خىيال سۈرۈپ يۈرىدىغان ۋە كەم سۆز بولۇپ قالدى. بۇرۇن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن قوشنا بولۇپ ئولتۇرغان ۋاقىتلىرىدا خوشال-خورام ياشىغان بولسا، ئەمدى ئەخمەتجان قاسىمسىز بۇ قورۇدا تۇرۇشنى خالىمىدى. ئۇ بۇ جاينى تەرك ئېتىپ، باشقا مەھەللىگە كۆچۈپ كەتتى. ئۇ يېڭىدىن تەشكىل قىلىنغان ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۈرۈمچىگە چاقىرتىلغاندىمۇ بارغۇسى كەلمىدى. شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى ئۆزىگە بېكىتىپ بەرگەن غۇلجانىڭ بۆلاق دادامتۇدىكى قورۇ-جايىغا چىقىپ، ئەمگەك قىلىشنى ياخشى

باشلىقى بولۇپ سايلىنىدۇ. ئۇ شۇ يىللاردا «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ خىزمىتىگە بىۋاسىتە ياردەملىشىپ ئىشلەيدۇ.[34]

بۇ جەرياندا ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىگە بولغان ساداقىتى، شۇنداقلا بۇ جەھەتتە كۆرسەتكەن ئالاھىدە خىزمەتلىرى ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك ئالتۇن مېدال بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ.[35]

1949-يىلى كۈزدە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە دىراماتىك ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، ئەخمەتجان قاسىمى باشچىلىقىدىكى رەھبەرلەر غۇلجادىن سىرلىق رەۋىشتە ئايرىلغانچە قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇ يىلى ئۆكتەبىردە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ ئالدىن يۈرەر قىسىملىرى ئۈرۈمچىگە توسالغۇسىز كىرىپ كېلىدۇ. غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسى بىلەن موسكۋا ئارقىلىق ئىلىغا ئەۋەتىلگەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالاقىچىسى دېڭ لىچۈننىڭ مەخپىي ئورۇنلاشتۇرۇشى ئارقىسىدا، سەيپىدىن ئەزىزى يوشۇرۇنچە ئۈمەك باشلاپ بېيجىڭ سەپىرىگە چىقىدۇ. ئىلىدىكى سابىق شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمىتى، مىللىي ئارمىيە ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماقۇللىقى بولمىغان، ھەتتا سىياسىي سەھنىدىكى زور كۆپچىلىك ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، سەيپىدىن ئەزىزى بېيجىڭدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرى بىلەن كۆرۈشىدۇ، ھەمدە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تەقدىرىنى پىچىدۇ. ئۇ بېيجىڭدا خىتاي مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ يىغىنىغا

[34] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 3-بەت

[35] شېرىپ نىياز خوشتار: «ئابدۇرەھىم ئەيسا»، «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، 341-340-بەتلەر

## غۇلجا-ئۈرۈمچى-بېيجىڭ ئارىلىقىدا: تېگىرقاش ۋە تىركىشىش

1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قايتىدىن تەشكىللىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا غۇلجادىكى ئابدۇرەھىم ئەيسا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ 25 كىشىلىك ھەيئىتىنىڭ بىرى، خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ كاندىدات ھەيئەت ئەزاسى قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ. ئەمما ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىشتىن كۆڭلى سوۋۇپ، داداملىۇدا يېتىۋالىدۇ. 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئۆلكە رەئىسى بۇرھان شەھىدى غۇلجاغا ئارقا-ئارقىدىن تېلېگىرامما يوللاپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شىنجاڭ ئۆلكىلىك ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكىنى، ئۇنىڭ دەرھال ئۈرۈمچىگە كېلىپ ۋەزىپىسىنى ئۆتكۈزۈۋېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنلا ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ، ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھەيئەت ئەزاسى، قوشۇمچە ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرى بولىدۇ. ئەمما ئۇ ئىلى ئىنقىلابى جەريانىدا يېتىشىپ چىققان ئۇيغۇر سەرخىللىرى بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، ھېچ بولمىغاندا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غايىسى ئۈچۈن

كۆرىدىغان بولۇپ قالدى. شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت رەئىسى ئۇنى ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرلىقىغا تەيىنلەپ پەرمان چىقىرىپ، قايتا ـ قايتا چاقىرتقاندىن كېيىنلا، ئاندىن ئۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۆز خىزمىتىنى ئىشلەشكە كىرىشتى.»[36]

[36] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 6 ـ بەت

مەرۇپ ئەيسا ئۆزىنىڭ 1951-يىلىنىڭ ئاخىرى ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيساغا ھەمراھ بولۇپ بېيجىڭغا بارغانلىقىنى، ئاكىسىنىڭ خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدا مۇئاۋىن مۇدىر بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ بېيجىڭدىكى مىللەتلەر ئىنستىتۇتىغا كىرىپ ئوقۇغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.[37]

ئابدۇرەھىم ئەيسا بېيجىڭدا خىزمەت قىلغان دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا ئۆزىنىڭ خىزمەت ئورنىدىكى ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەرگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى يەتكۈزۈش، ھەمدە ھېچ بولمىغاندا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونترولى ئاستىدا ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرمەكچى بولىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ بۇ ۋەزىپىنىڭ «نامى ئۇلۇغ سۈپرىسى قۇرۇق» بىر مەنسەپ ئىكەنلىكىنى، بېيجىڭدا تۇرۇپ يىراقتىكى ۋەتىنىنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1952-يىلى يازدا بېيجىڭدىكى ۋەزىپىسىدىن ئىستېپا سوراپ، ئۈرۈمچىدىمۇ تۇرغۇسى كەلمەي ئۇدۇل غۇلجاغا قايتىپ كېتىدۇ.

---

[37] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى؛ 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

كۈرەش قىلىشقا بەل باغلايدۇ. 1951 ـ يىلى غۇلجادىكى «51 چىلەر» مەجلىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ھەققىدىكى تەكلىپ ـ پىكىرلەر، ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇرەھىم ئەيسا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك سىياسىي سالاھىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى دەسلەپكى قەدەمدە تونۇپ يېتىدۇ. ئەمما ئۇ بەل قويۇۋەتمەستىن خىتاي كوممۇنىستلىرى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بۇ ھەقتىكى ھەقىقىي نىيىتىنى بىلىپ بېقىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ.

1951 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا ئۇيغۇرلاردىن بىر مۇئاۋىن مۇدىر تەيىنلەش تەكلىپى كۆنتەرىتىپكە قويۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ۋاڭ جېن، دېڭ لىچۈن قاتارلىق خىتاي كوممۇنىستلىرى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئىلىدىن كەلگەن كادىرلار ئىچىدىكى مىللىي ئىرادىسى ناھايىتى كۈچلۈك، خىتاي كوممۇنىستلىرىغا ئاسانلىقچە بوي بەرمەيدىغان بىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، ئۇنى ئۈرۈمچى ۋە غۇلجانىڭ مۇھىتىدىن ئايرىۋېتىش، بىر مەزگىل بېيجىڭغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ ئىدىيەسىنى ئاستا ـ ئاستا ئۆزگەرتىش خىيالىغا كېلىدۇ.

ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلەنگەنلىكى ھەققىدە ئۇقتۇرۇش كېلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئامالسىز قالغان ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈرۈمچىدىن ئايرىلىپ بېيجىڭغا بارىدۇ، ھەمدە خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىدىكى يېڭى ۋەزىپىسىنى تاپشۇرىۋالىدۇ.

بېشىدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، ئۇيغۇر دىيارىدىكى باشقارمىدىن يوقىرى دەرىجىلىك مىللىي كادىرلارغا «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى (لايىھە)» ناملىق ھۆججەت بىلەن خىتاي كومپارتىيەسى غەربىي-شىمال بيۇروسى مىللەتلەر كومىتېتىنىڭ «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى (لايىھە) ھەققىدە پىكىر ئېلىش، تەكشۈرۈش پروگراممىسى»نى قوشۇپ ئەۋەتىدۇ.[38]

ئىلىدىكى مەسئۇل رەھبىرىي كادىرلار خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بۇ ھۆججەت ۋە پىكىر ئېلىش ماتېرىيالىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، 1951-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى غۇلجا شەھىرىدىكى «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى كۈتۈپخانىسىنىڭ زالىدا مەجلىس ئاچىدۇ. تارىخچى قەھرىمان غوجامبەردىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، يېپىق ھالدا ئېچىلغان مەزكۇر مەجلىسكە «غۇلجادىكى مىللىي كادىرلار، زىيالىيلار ۋەكىللىرى، سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر قىسىم خادىملىرى، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئاتاقلىق ئوفىتسېرلىرى، ئىجتىمائىي-سىياسىي تەشكىلاتلارنىڭ لىدېرلىرى، دىنىي زاتلار ۋە ياشلار ۋەكىللىرى بولۇپ 60 قا يېقىن ئادەم قاتنىشىدۇ. شۇ جۈملىدىن 5-كورپۇسنىڭ قوماندانى لېسكىن، 5-كورپۇس ئارقا سەپ ھەربىي تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى رەسۇلوف، رەھبىرىي كادىرلاردىن سەيدۇللا سەيپۇللايېۋ، ئەسئەت ئىسھاقوف، ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپى ياسىن خۇدابەردى، غېنى باتۇر، فاتىخ باتۇر، ئوسمان زىيام، ئەردە ۋە باشقا ھەر ساھەدىكى

[38] لى شېڭ: «جۇڭگو شىنجاڭ: يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى، 6-5-بەتلەر

## ئابدۇرەھىم ئەيسا غۇلجادىكى «51 چىلەر» مەجلىسىدە

1950-ۋە 1951-يىللىرى ئابدۇرەھىم ئەيسا شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزاسى، ئۆلكىلىك ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەر بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرغان بولسىمۇ، ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتلاردا غۇلجاغا بېرىپ-كېلىپ تۇردى. بولۇپمۇ خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتىنىڭ كونىلۇكى ئاستىدا ئۇيغۇرلارغا زادى قايسى دەرىجىدىكى ئاپتونومىيە ئېلىش مەسىلىسى، ئۇنىڭ كاللىسىدىن پەقەت نېرى كەتمەيدۇ. مۇستەقىللىق چۈشى بەرباد بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان كۆپلىگەن سەپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە، ھېچ بولمىغاندا خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇشى كېرەك. ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق مىللىي جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كونىلۇكى ئاستىدا ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك ھوقۇققا ئېرىشىشى كېرەك، دېگەن قاراشتا ئىدى.

1951-يىلىنىڭ باشلىرىدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى، ئۇيغۇر سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھەققىدىكى قاراشلىرىنى بىلىپ باقماقچى ۋە ئۇلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرمەكچى بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن شۇ يىلى 3-ئاينىڭ

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ تېخى ئېلان قىلىنمىغان 3-تومىدا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1951-يىلى غەربىي-شىمال بيۇروسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى، مىللىي كادىرلارغا «ئاپتونومىيە توغرىسىدا پىكىر ئېلىش خېتى» دېگەن بىر ئالاقە خېتى تارقاتقان ئىدى، جۈملىدىن مەنمۇ بۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدىم. ئەمما مەن بۇ خەتكە ھېچقانداق جاۋاب قايتۇرمىغان ئىدىم، چۈنكى بۇ مەسىلە خېلى چوڭقۇر ئويلىنىدىغان بىر مەسىلە ئىدى. غۇلجادا مۇشۇ خەتنى تاپشۇرۇپ ئالغان بىر قىسىم مەسئۇل كادىرلار باش قوشۇپ ۋە ئۆز-ئارا پىكىرلىشىپ، غەربىي-شىمال بيۇروسىنىڭ پىكىر ئېلىش خېتىگە جاۋاب قايتۇرماقچى بوپتۇ. بۇ مەجلىسكە ۋىلايەت دەرىجىلىك ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ئىدارە دەرىجىلىك كادىرلاردىن بولۇپ قاتناشقان ئادەملەرنىڭ سانى 51 بوپتىكەن. مەن بۇ خەۋەرنى شۇ ۋاقىتتا غۇلجاغا بېرىپ قايتقان سەيپۇللايوفتىن ئاڭلىدىم. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ غەربىي-شىمال بيۇروسىغا يازغان جاۋاب خېتىنى سەيپۇللايوفقا تاپشۇرغان ئىكەن، مەن خەتنى كۆرۈپ ناھايىتى قاتتىق نارازى بولدۇم. سەيپۇللايوفنىمۇ شۇ مەجلىسكە قاتناشقانلىقى ئۈچۈن تەنقىد قىلدىم.»[42]

ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە شىنخو، چۆچەك قاتارلىق جايلاردىكى ساقچى ئىدارىلىرىدە ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ ھەربىي رازۋېتكا بۆلۈمىدە خىزمەت قىلغان، ئەمما كېيىنچە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ

---

[42] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، 1990-يىللاردا يېزىلىپ، بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتىغا سۇنۇلغان، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى نەشىر قىلىش تەستىقى بەرمىگەن ئەسەر، ئا-نۇسخا (دەسلەپكى كومپيۇتېردا بېسىلغان نۇسخا)، 214-213-بەتلەر؛ ب-نۇسخا (تەھرىرلىكتىن ئۆتكەن نۇسخا)، 107-106-بەتلەر

رەھبىرىي كادىرلار ۋە زىيالىيلار قاتنىشىدۇ.»[39]

ئەينى ۋاقىتتىكى شاھىتلارنىڭ تەكىتلىشىچە، غۇلجادىكى بۇ مەجلىسنى ئېچىشنى «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق ھەيئەت ئەزالىرى بىلەن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ سابىق ۋالىيسى قېييۇمبەگ خوجانىڭ تەشەببۇس قىلغانلىقى مەلۇم.[40] يېپىق ئېچىلغان بۇ مەجلىستە 12 ماددىلىق بىر تەكلىپ-پىكىر لايىھەسى (بەزىلەر 15 ماددىلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ) تەييارلىنىپ، ئۇنىڭغا يىغىن ئىشتىراكچىلىرىدىن 51 كىشى ئىمزا قويىدۇ. ئۇنىڭدا ئاساسلىقى ئىككى نېگىزلىك مەسىلە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، بىرى ئۇيغۇرىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىقىنى تەلەپ قىلىش، يەنە بىرى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە - سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىگە ئوخشاش - «ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇش ھوقۇقىنى بېرىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەمما يىغىن قاتناشچىلىرى كەسكىن مۇزاكىرەلەردىن كېيىن، ئۇيغۇرىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىق مۇئەمماسىنى ھازىرقى ۋەزىيەتتە، ھەم بېيجىڭنىڭمۇ، ھەم موسكۋانىڭمۇ قوللىمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، ھازىرچە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇرىستان ئۈچۈن، ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك سىياسىي سالاھىيەت تەلەپ قىلىش پىكرىدە بىرلىككە كېلىدۇ.[41]

---

[39] قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (1949-2012)»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2013-يىل ئۇيغۇر كىرىل يېزىقىدىكى نەشرى، 118-119-بەتلەر

[40] قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (1949-2012)»، 119-بەت

[41] قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (1949-2012)»، 120-بەت

مەسىلىلەر ھەققىدە ھازىرغىچە قولىمىزدا بار بولغان مەنبەلەر مۇشۇنچىلىك. بۇ يىغىننىڭ 1951-يىلى ئېچىلغانلىقى، يىغىنغا 51 كىشىنىڭ قاتناشقانلىقى ياكى يىغىندا قارار قىلىنغان تەكلىپ-پىكىرلەر لايىھەسىگە 51 كىشىنىڭ ئىمزا قويغانلىقى سەۋەبلىك، بۇ يىغىن ئۇيغۇر ھازىرقى زامان سىياسىي تارىخىدا «51 چىلەر مەجلىسى» ياكى «51 چىلەر قۇرۇلتىيى» دەپ ئاتالغان. ھالبۇكى، تارىخىي ئەھمىيىتى زور بولغان بۇ يىغىن ھەققىدە ھازىرغا قەدەر ئاشكارا بولغان ھۆججەتلىك ماتېرىياللار ۋە ئارخىپلار يوق. چۈنكى مەزكۇر يىغىندىن كېيىن، بارلىق ھۆججەتلەر خىتاي تەپتىش ئورگانلىرى تەرىپىدىن مۇسادىرە قىلىنغان بولۇپ، ھازىرغىچە تەقدىرى ئېنىق ئەمەس.[44]

ئۇنداقتا، غۇلجادىكى «51 چىلەر» مەجلىسىگە ئابدۇرەھىم ئەيسامۇ قاتناشقانمۇ؟ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھازىر تاشكەنتتە ياشاۋاتقان ئەڭ كىچىك ئىنىسى مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئېلىپ بارغان تېلېفون سۆھبىتىمىزدە، ئۇ ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ غۇلجادىكى بۇ مەجلىسكە قاتناشقانلىقى ۋە مەجلىستە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ھەققىدە كەسكىن پىكىر بەرگۈچىلەرنىڭ بىرى بولغانلىقىنى بايان قىلدى.[45] سەيپىدىن ئەزىزى، گارشابانى ۋە باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى ئەسلىمىلىرىدە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ غۇلجادىكى «51 چىلەر» مەجلىسىدە بار-يوقلۇقى تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمما 1958-يىلى 5-ئايدا

---

[44] قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (1949-2012)»، 120-119-بەتلەر؛ قەھرىمان غوجامبەردى: «ئۇيغۇرلار: قەدىمكى زاماندىن تا ھازىرقى كۈنلەرگىچە بولغان ئېتنو-سىياسىي تارىخى»، ئالمۇتا، 2005-يىلى ئۇيغۇر كىرىل يېزىقىدىكى نەشرى، 678-بەت

[45] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى؛ 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

ئىلىدىكى ئۇيغۇر، قازاق سىياسىي سەرخىللىرىنى باستۇرۇشىغا ھەمكارلاشقان گارشابانى (موڭغول) «تارىخنىڭ ساداسى» ناملىق ئەسلىمىسىدە «51 چىلەر» مەجلىسى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەركەز ‹مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇش نىزامى› بىلەن غەربىي-شىمال بيۇروسى مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان بۇ ھەقتىكى پىكىر ئېلىش خېتىنى قوشۇپ تارقاتقاندىن كېيىن، 1951-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى غۇلجادا 51 كىشى قاتناشقان سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى. يىغىندا بەزىلەر مەركەزنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە خىلاپ كېلىدىغان خاتا تەشەببۇسلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەن ئىلىدىن ئۈرۈمچىگە قايتىدىغان ۋاقتىمدا سەيپۇللايوفنىڭ غۇلجادىكى ‹51 چىلەر› سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلغانلىقىنى، يىغىندا شىنجاڭدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش مەسىلىسىنىڭ مۇزاكىرە قىلىنغانلىقىنى ئاڭلىدىم. ئۇلار يىغىندا ئاساسلىقى مۇنداق 4 تۈرلۈك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ: (1) شىنجاڭدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش؛ (2) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى دۆلەت گىربىنىڭ ئاستى تەرىپىدە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ گىربى بولۇش؛ (3) شىنجاڭغا كىرگەن خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنى ئىچكىرىگە قايتۇرۇپ كېتىش ياكى تارقىتىۋېتىش، شىنجاڭنىڭ ئامانلىق ئىشلىرىغا مىللىي ئارمىيە مەسئۇل بولۇش؛ (4) خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتكەن تەشكىلاتىدا تۇرۇشلۇق تولۇق ھوقۇقلۇق ۋەكىلىنىڭ قېشىدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۆزەتكۈچى ۋەكىلى بولۇش.»[43]

غۇلجادىكى بۇ يىغىن ۋە يىغىندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نېگىزلىك

[43] 王永庆整理，《历史的回音：格尔夏回忆录》，乌鲁木齐：新疆生产建设兵团出版社，2012年版，第76-75页

جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش تەشەببۇسى ئاساسلىقى 1951-يىلى غۇلجادا ئېچىلغان «51 چىلەر» مەجلىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان. 1957-يىلى مايدا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يىغىنىدا «يەرلىك مىللەتچىلەر» ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشتىن ئىبارەت سەزگۈر تېمىدىن ئەگىپ ئۆتۈپ، ئاساسلىقى خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا تۈركۈملەپ كۆچۈرۈلۈشى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ھەربىي ھوقۇقلارنىڭ پۈتۈنلەي خىتاي كادىرلارنىڭ قولىغا مەركەزلىشىپ قېلىشى، «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن ۋېۋىسكىنىڭ پەقەت قەغەز يۈزىدە قەپ قېلىپ، يەرلىك مىللىي كادىرلارنىڭ ھوقۇق مەركىزىدىن چەتلەشتۈرۈلگەنلىكى مەسىلىسىنى كۆپرەك تىلغا ئالغان.[48]

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈستىدىن چىقارغان ئەيىبنامىسىدىكى «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان» دېگەن بايانلار، ئەمەلىيەتتە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ «51 چىلەر» مەجلىسىدە ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپ-پىكىرلىرىدىن ئېلىنغان نەقىللەردۇر.

گەرچە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ «51 چىلەر» مەجلىسىدە كونكرېت قايسىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى، نېمىلەر دېگەنلىكى ۋە قانداق تەشەببۇستا بولغانلىقىنى دەلىللەيدىغان ھۆججەت ۋە ماتېرىياللارنى تېپىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇنىڭغا دۆڭگىگەن

[48] "M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov" August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176, Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901)

ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق كىشىلەرنى «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلەپ چىقارغان ھۆججەتتە، ئابدۇرەھىم ئەيسا «مۇستەقىللىق دەۋاسى قىلىپ، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى بۇزماقچى بولغان»، «خەنزۇلارنىڭ ياردىمىسىزمۇ سوتسىياسلىزم قۇرالايمىز دېگەن»، «ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان» دېگەندەك جىنايەتلەر بىلەن ئەيىبلەنگەن.[46] «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1958-يىلى 4-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى سانىدا بېسىلغان باش ماقالىدە، ئابدۇرەھىم ئەيسا «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلىنىپ، مۇنداق دېيىلگەن: «ئابدۇرەھىم ئەيسا مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان رېسپۇبلىكىسى ياكى شەرقىي تۈركىستان رېسپۇبلىكىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان.»[47]

1958-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادا تۇرۇشلۇق كونسۇلى شالۇنوف، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا زاكىروف بىلەن غۇلجادا مەخپىي سۆھبەتلىشىدۇ. شالۇنوف شۇ كۈنى موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا، زاكىروفنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» نىڭ ئىچكىي ئەھۋاللىرى ھەققىدە بەرگەن مەلۇماتلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختىلىدۇ. زاكىروفنىڭ غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلىغا تەكىتلىشىچە، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش

---

[46] «ئۇگچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيەگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىندى»، «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958-يىللىق 5-سان

[47] «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1958-يىلى 4-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى باش ماقالىسىگە قاراڭ

ھەيۋەتلىك بىر مەجلىس بولدى. مەجلىستە شۆبە بيۇرو تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن ئالدىن سۆزلەيدىغان ئادەم تەييارلاپ قويۇلغان ئىكەن. ئۇلار مىللىي كادىرلار بولۇپ، ھە-دېسىلا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۇشىدىغان ھېلىقى ئاتالمىش ئاكتىپلاردىن ئىكەن. مەجلىستە «51 چىلەر ئەكسىيەتچى ھەرىكىتى» ، «ئەكسىيەتچى تەتۈر ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە قارشى تۇرۇش» دېگەن سۆز-ئىبارىلەر ۋە شوئارلار توۋلاندى. مەجلىسكە قاتناشقان كادىرلار، بولۇپمۇ مىللىي كادىرلار بۇ ئىشتىن ناھايىتى ھودۇقۇپ قالدى. كېيىن مەن بۇنى سېزىپ قېلىپ، سۆز قىلدىم: «غەربىي-شىمال بيۇروسىنىڭ ئاپتونومىيە توغرىسىدا پىكىر سوراپ يازغان خېتىگە جاۋاب بېرىش خاتا ئەمەس. ئەگەر ئاپتونوم رايون قۇرۇش ئىشى توغرىسىدا توغرا پىكىر بولسا بەرگەن ياخشى، چۈشەنمەستىن بەزى پىكىرلەر بېرىلگەن بولسا، ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈش بېرىلسە بولىدۇ. لېكىن شۇ مەجلىستە ياكى مەجلىستىن كېيىن ئايرىم كىشىلەرنىڭ خاتا سۆزلەرنى قىلىشى، بولۇپمۇ «خەنزۇلار چىقىپ كەتسۇن! ...» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشى خاتا. شۇ مەجلىسكە قاتناشقان مەسئۇل مىللىي كادىرلارنىڭ ئاشۇنداق بىر قىسىم سۆزلەرگە رەددىيە بەرمىگەنلىكىمۇ بىر خاتالىق!...» دەپ تەنقىد قىلدىم. مەجلىس شۇنىڭ بىلەن ئاياقلاشتى. مەن مەجلىستىن كېيىن يولداش ۋاڭ جېن، يولداش شۇ لىچىڭ ۋە يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن سۆزلەشتىم. مەن ئۇلارغا: «بۈگۈنكى مەجلىسنىڭ كەيپىياتى ۋە مەجلىستە ئوتتۇرىغا قويۇلغان شوئارلار غۇلجىدىكى مەجلىسنىڭ ئەمەلىيىتىدىن ئېشىپ كەتتى. بۇ توغرا ئەمەس، خاتا قىلغان كادىرلارنى توغرا تەنقىد قىلىش كېرەك،» دېگەن پىكىرىمنى ئېيتتىم. ئۇلار مېنىڭ پىكىرىمگە كۆرۈنۈشتە قوشۇلغان بولدى. مەجلىس يەنىلا ھۇگا-سۇرەن بىلەن بىر نەچچە كۈن

يوقىرىقى بىر قاتار «جىنايەت» لىرىدىن، ئۇنىڭ 1951 ـ يىلىدىكى «51 چىلەر» مەجلىسىدە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنىڭ ئاكتىپ تەشەببۇسچىلىرىدىن بولغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ، غۇلجادىكى «51 چىلەر» مەجلىسى ۋە بۇ مەجلىستە تەييارلانغان ئاپتونومىيە ھەققىدىكى تەكلىپ پىكىرلەرگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلغانلىقىنى يازىدۇ. بولۇپمۇ ۋاڭ جېننىڭ چاپانىنى تەتۈر كىيىپ، غۇلجادىكى بۇ مەجلىسنىڭ قانداق شارائىتتا ئېچىلغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايلا، مەجلىس قاتناشچىلىرىنى بىردەك «تەتۈر ئىنقىلابچىلىق» بىلەن ئەيىبلىگەنلىكىنى تىلغان ئالىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ جاۋاب خەتنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنىدا ئاپتونومىيەنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ھەر خىل پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىكەن، ئۇنىڭ توغرىسىمۇ، خاتاسىمۇ، ھەم نامۇۋاپىقلىرىمۇ بار ئىدى. پىكىر بەرگۈچىلەر خەنزۇ كادىرلارنىڭ خاتالىقىنى تەنقىد قىلغاندا ‹خەنزۇ كادىرلار چىقىپ كەتسۇن! ...› دېگەن پىكىرلەرنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ. بۇ ئەلۋەتتە توغرا بولمىغان پىكىر. مەن شۇ كۈنى سەيپۇللايوفتىن خەتنى ئېلىپ، دەرھال يولداش ۋاڭ جېننىڭ قېشىغا باردىم. بۇ مەجلىسنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ۋە بەزى پىكىرلەرنىڭ خاتا قويۇلغانلىقىنى ئېيتتىم. مەن يولداش ۋاڭ جېنغا: ‹بۇ يېڭى قويۇلىۋاتقان مەسىلە بولغاچقا، ھەممە ئادەمنىڭ پىكرى ئوخشاش بولۇپ كېتىشى ناتايىن، بۇنى ئويلىشىپ باقساق بولىدۇ› دېدىم. بىراق بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتمەيلا، شۆبە بيۇرونىڭ بىر كېڭەيتىلگەن مەجلىسى ئېچىلدى. بۇ مەجلىس يولداش ۋاڭ جېن ئېيتقاندەك تەربىيە بېرىدىغان مەجلىس بولماستىن، بەك سۈرلۈك ۋە بەك

شالىنى چاچىدۇ، ئاندىن 5-كورپۇسنىڭ قوماندانى لېسكىننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «سەن جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 5-كورپۇسنىڭ باش قوماندانى تۇرۇپ ‹51 چىلەر› مەجلىسىگە قاتنىشىپسەن، بۇ ۋەتەن ساتقۇچ قىلمىشتۇر، بۇنىڭ بەدىلىنى تۆلەيسەن،» دەپ ۋارقىرايدۇ. ۋاڭ جېن يەنە مىللىي ئارمىيە كادىرلىرىنىڭ كىيىمدىكى ئاي-يۇلتۇزلۇق كاكار ۋە مېداللارنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ: «سەنلەرنىڭ ھەربىي كىيىمىڭلاردىكى ئاي-يۇلتۇزلۇق بەلگە-كاكارلار زادى نېمىنىڭ ئىپادىسى؟ نېمىشقا سەنلەرنىڭ ھەربىي كىيىمىڭلاردىكى ئاي-يۇلتۇزلۇق بەلگىلەر، كورىيە سوقۇشىدا ئەسىرگە چۈشكەن تۈركىيە ئەسكەرلىرىنىڭ ھەربىي كىيىمىدىكى ئاي-يۇلتۇز بىلەن ئوخشايدۇ؟»[50] دەپ تۈۋلايدۇ.

قەھرىمان غوجامبەردىمۇ ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ 1951-يىلى ئاپرىلدا جىددىي كېڭەيتىلگەن يىغىن چاقىرىپ، غۇلجادىكى «51 چىلەر» مەجلىسىگە قاتناشقان مىللىي كادىرلارنى «بۆلگۈنچىلىك» بىلەن ئەيىبلىگەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ: «ۋاڭ جېن 1951-يىلى 13-ئاپرېلدىن 19-ئاپرېلغىچە ئۆتكۈزۈلگەن خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن مەجلىسىدە، ئاندىن ئۆلكىلىك بىرىنچى نۆۋەتلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە ۋەكىللىرى، شۇ جۈملىدىن غۇلجادىكى قۇرۇلتاي ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قاتنىشىشىدىكى 225 كىشىلىك (بۇنىڭ ئىچىدە 105 نەپەر خەنزۇ كادىر بار) يىغىنىدا، ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ‹ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى› قۇرۇش ۋە باشقا تەلەپلىرىنى قەتئىي رەت قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە بۇ تەلەپكە ئىمزا قويغانلارنى قاتتىق تەنقىدلىگەن. بىر ھەپتە داۋام قىلغان

[50] 王永庆整理，《历史的回音：格尔夏回忆录》，第79-76页

ئېچىلدى.»[49]

گارشابانى ئۆز ئەسلىمىسىدە 1951-يىلى 4-ئاينىڭ 13-كۈنىدىن 19-كۈنىگىچە ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدىكى غەربىي بىنادا، ۋاڭ جېننىڭ شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىنى ئاچقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ يىغىندا ۋاڭ جېن، شۇ لىچىڭ ۋە دېڭ لىچۈن قاتارلىق يۇقىرى دەرىجىلىك خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ، غۇلجادىكى «51 چىلەر» مەجلىسى ۋە ئۇنىڭدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپ-پىكىرلەرگە قاتتىق زەربە بەرگەنلىكىنى يازىدۇ. يىغىنغا نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى خىتاي كادىرلار بىلەن باشقارما دەرىجىلىكتىن يۇقىرى مىللىي كادىرلار بولۇپ، جەمئىي 225 كىشى قاتنىشىدۇ. ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان ئاساسلىق كادىرلارنىڭ ھەممىسى يىغىنغا قاتنىشىدۇ. ئالدى بىلەن شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ ئىككىنچى سېكرېتارى شۇ لىچىڭ سۆز قىلىپ، غۇلجادىكى «51 چىلەر» مەجلىسىدە ئوتتۇرا قويۇلغان ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىرلەرنىڭ خاتا بولغانلىقىنى، خىتاينىڭ دۆلەت ئەھۋالىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايدىغانلىقىدىن ۋەز ئېيتىدۇ. ئەمما شۇ لىچىڭنىڭ سۆزى تۈگىمەيلا ۋاڭ جېن ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ: «يېقىندا بەزىلەر شىنجاڭدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇپتۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلىغانلىق، شۇنداقلا مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىق قىلغان ئۇچىغا چىققان خاتا قىلمىش!» دەپ ۋارقىرايدۇ. ۋاڭ جېن ئارقىدىن غۇلجادىكى «51 چىلەر» مەجلىسىگە قاتناشقان سەيپۇللايوفنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىگىز قولى بىلەن ئۇنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، زەھەرخەندىلەرچە ھۇجۇم قىلىپ

---

[49] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 213-214-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 107-بەت

بۇ مەجلىستە ئۇ 〈51 چىلەر قۇرۇلتىيى〉 نىڭ قاتناشچىلىرىنى 〈مىللەتچىلىك〉 ، 〈ئەكسىيەتچىلىك〉 ، 〈ئەكسىلئىنقىلابچىلىق〉 ۋە 〈ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى پارچىلاش〉 بىلەن ئەيىبلىگەن.»[51]

دېمەك، يوقىرىقى بايانلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 1951-يىلى 3-ئاينىڭ 4-كۈنى غۇلجادا ئۆتكۈزۈلگەن «51 چىلەر» مەجلىسى ۋە بۇ مەجلىستە ئوتتۇرىغا چۈشكەن ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ-پىكىرلەر، بىر ئايدىن كېيىنلا ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرى تەرىپىدىن كەسكىن رەت قىلىنىدۇ ۋە قاتتىق تەنقىد قىلىنىدۇ. ئىلى ئىنقىلابىنىڭ سەمەرىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھاكىمىيەت مىراسلىرى بىلەن مىللىي ئارمىيەنىڭ تىزگىنىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن سەيپىدىن ئەزىزىمۇ بۇ مەسىلىدە ئارا تۇرالمايدۇ. بۇ يىغىنغا قاتناشقان ئاساسلىق ئۇيغۇر كادىرلار، جۈملىدىن سەيپۇللايوف، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق سەرخىللارغا چېكىت ئۇرۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» دولقۇنىدا ئۇلارغا قاتتىق زەربە بېرىلىدۇ.

---

[51] قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (2012-1949)»، 122-بەت

## ئابدۇرەھىم ئەيسا: «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى قانداق بولىدۇ؟»

1951 - يىلى غۇلجادا ئېچىلغان «51 چىلەر» مەجلىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش توغرىسىدىكى تەكلىپ - پىكىرلەر، شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدىلا ۋاڭ جېن تەرىپىدىن مۇرەسسەسىز بىر شەكىلدە رەت قىلىنغاندىن كېيىن، ئابدۇرەھىم ئەيسا بىر مەھەل قاتتىق ئۈمىدسىزلىككە چۈشىدۇ. ۋەتەننىڭ نامەلۇم تەقدىرى ئۇنى قاتتىق ئازابلايدۇ. لېكىن ئۇ بۇ غايىسىدىن ۋاز كەچمەي ئاخىرىغىچە ئىلىشىش ئىرادىسىگە كېلىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسا خىتاي مەملىكەتلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىپ بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يوقىرى قاتلىمدىكىلەرگە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئارزۇسى ۋە سىياسىي ئىرادىسىنى بىۋاستە ئاڭلىتىشقا تىرىشىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۇ بۇ ئويىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يوقىرى قاتلىمدىكىلەردە خىتاي تەۋەسىدىكى مىللەتلەرگە سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مودېلى بويىچە ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ھوقۇقى بېرىش خىيالىنىڭ ئەسلا يوقلۇقىنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بېيجىڭدىكى خىزمىتىدىن ئىستىپا سوراپ، ئۇرۇمچىدىمۇ ئىشلەشنى خالىماي ئۇدۇل غۇلجاغا قايتىپ كېلىدۇ.

كېيىن «خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈپ خاتالىقلارنى تۈزەش» باسقۇچى يېتىپ كەلگەن ۋاقىتتا، ئابدۇرەھىم ئەيسا بۇ ئىشقا ئۆزى مەسئۇل بولۇپ، بىگۇناھ قاملىپ ناھەق جازاغا ئۇچرىغان نۇرغۇنلىغان كىشىلەرنىڭ تۈرمىدىن ئازاد بولۇشىغا سەۋەب بولدى. ناھەق قاماللغانلىقى ئىسپاتلىنىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن كىشىلەرنىڭ قايتىدىن ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا غەمخورلۇق قىلدى.»[53]

1953 ـ يىلى ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونىدا يولغا قويۇلماقچى بولغان ئاپتونومىيە مەسىلىسىدىكى ئاخىرقى قارارنى چىقىردى. ستالىن ھايات ۋاقتىدا خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزي كومىتېتى، خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا قانداق بىر ئۇسۇل ۋە شەكىلدە ئاپتونومىيەنى يولغا قويۇش ئۇسۇلىنى ئىرچىل ھالدا كەينىگە سۈرەپ كەلگەن ئىدى. چۈنكى مەيلى ماۋ زېدوڭ بولسۇن، ياكى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى بولسۇن، ستالىننىڭ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدا يولغا قويغان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك فېدېراتسىيە مودېلىنى قوبۇل قىلماسلىققا، خىتايدا باشقىچە بىر دۆلەت سىستېمىسىنى تۇرغۇزۇشقا جۇرئەت قىلالمىغان ئىدى. ئەمما ستالىننىڭ ئۆلۈشى بىلەن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر «چوڭ ئاكىسى» دىن كېلىدىغان بۇ پىسخىك بېسىمدىن قۇتۇلدى. شۇنداق قىلىپ، خىتاي كومپارتىيەسى ئاپتونومىيە مەسىلىسىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مودېلىنى، يەنى ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت مودېلىنى قوبۇل قىلىشنى رەت قىلدى.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، خىتاي كومپارتىيەسى خىتايدا ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىلگىرىكى «فېدېراتسىيە

[53] مەرۇپ ئەيسا (گىسارول): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 4 ـ بەت

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئىنىسى مەرۇپ ئەيسا بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئابدۇرەھىم ئەيسانى بىر مەزگىل بېيجىڭدىكى بۇ ‹ئېتى ئۇلۇغ، سۈپرىسى قۇرۇق› لاۋازىمدا ئىشلىگەندىن كېيىن، بېيجىڭدا داۋاملىق تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇ ئۆزى سۆيگەن ئىلى ۋىلايىتىگە قايتىپ كېتىپ، شۇ يەردە خىزمەت ئىشلەشنى تەلەپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئۈرۈمچىدىكى ئەمگەك نازارىتىنىڭ نازىرلىق ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، غۇلجاغا قايتىپ كەلدى ۋە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ ئىشلەشكە باشلىدى.»[52]

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ غۇلجاغا قايتىپ كەلگەن ۋاقىتلىرى، دەل ۋاڭ جېننىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ئىككى يىلدىن ئارتۇق رەھىمسىز ھۆكۈمرانلىقى ئاخىرلاشقان، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى غەربىي-شىمال بيۇروسىنىڭ ئىككىنچى سېكرېتارى شى جۇڭشۈن (شى جىنپىڭنىڭ دادىسى) نى ئۈرۈمچى ۋە غۇلجاغا ئەۋەتىپ، ۋاڭ جېننىڭ «خاتالىقلىرى» نى تەنقىد قىلىۋاتقان، شۇنداقلا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان يەرلىك كادىرلارنىڭ خىزمىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋاتقان بىر مەزگىلگە توغرا كەلگەن ئىدى. خۇددى مەرۇپ ئەيسا تەكىتلەپ ئۆتكەندەك: «ئابدۇرەھىم ئەيسا مەيلى قايسى لاۋازىمدا ئىشلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، قەتئىي قوغدىدى. خىتاي كەلگۈندىلىرىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن يەرلىك خەلقنىڭ مەنپەئەتى توقۇنۇشۇپ قالغاندا، ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەستىن ئۆز خەلقىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىدى. شۇ يىللاردا يۈرگۈزۈلگەن ‹3 كە قارشى تۇرۇش›، ‹5 كە قارشى تۇرۇش›، ‹تەتۈر ئىنقىلابچىلارنى باستۇرۇش› سىياسىي ھەرىكەتلىرى جەريانىدا نۇرغۇن كىشىلەر ناھەق قولغا ئېلىنىپ جازاغا ئۇچرىغان ئىدى.

---

[52] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 4-بەت

ماقۇللانغان نىزامنامىدە: ‹خىتاي كومپارتىيەسى كەلگۈسىدە خىتايدا مۇستەقىل، ئەركىن، دېموكراتىك، بىرلىككە كەلگەن ۋە قۇدرەتلىك فېدېراتسىيەلىك جۇمھۇرىيەت قۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ› دەپ بەلگىلەنگەن ئىدى. ئەمما ئىنقىلاب غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسى بۇ ھەقتە ھېچقانداق زۆرۈر ئېنىقلىما بەرمەي تۇرۇپ، فېدېراتسىيەلىك دۆلەت تۈزۈمىنى ئەمەلدىن قالدۇردى.»[56]

بۇ ھەقتە سەيپىدىن ئەزىزىمۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1954-يىلىنىڭ باشلىرىدا بېيجىڭدا ئاپتونومىيە توغرىسىدا مۇزاكىرە بولغاندا بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان كەسكىن پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن يالغۇز مەنلا ئەمەس، باشقا مىللىي رايونلاردىن كەلگەنلەر، مەسىلەن، ئىچكى موڭغۇلىيەدىن كەلگەنلەرمۇ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت قۇرۇش تۈزۈمىنى تەكىتلىدى. ئۇلارمۇ ئاشۇ (جۇڭگو كومپارتىيەسى) 6-قۇرۇلتىيى 6-يىغىنىنىڭ قارارىنى مىسال قىلىپ كۆرسەتتى. شۇ مەجلىستە لى ۋېيخەن: ‹بۇ قارار شۇ ۋاقىتتا مۇزاكىرە قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما كېيىن ئەمەلدىن قالغان ئىدى›، دەپ تۇرۇۋالدى. ئۇ يەنە جۇڭگونىڭ، ھەم جۇڭگودىكى مىللەتلەرنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن جۇڭگودا مىللىي تېرىتورىيەلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلىدۇ. يوقىرىدىن تۆۋەنگىچە رايونلۇق ئاپتونومىيە، ئوبلاستلىق ئاپتونومىيە، ناھىيەلىك ئاپتونومىيە، كېيىنچە مىللىي يېزا قۇرۇلىدۇ، دېدى. ئۇ يەنە جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە مىللەتلەر ئەھۋالى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشىمايدۇ. سوۋېت

[56] "Iu. Andropov to the Central Committee of the CPSU, 'On the Struggle with Local Nationalism in China'", February 05, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 36-43, Translated by David Brophy. Wilson Center, Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175896)

تۈزۈمىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت» قۇرۇش پروگراممىسىدىن يېنىۋالىدۇ. ستالىن ئۆلگەندىن كېيىن، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدىكىلەر خىتايدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك دۆلەت مودېلىنى يولغا قويمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ ئېنىق ئاشكارىلايدۇ. خىتاي كومپارتىيەسى 1922-يىلى ئۆتكۈزۈلگەن ئىككىنچى قۇرۇلتىيىدا ماركسىزمنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىدىكى پرىنسىپى بويىچە موڭغول، تىبەت ۋە شىنجاڭدا ئاپتونومىيەنى يولغا قويىدىغانلىقى، فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى دۆلەت قۇرۇش ئارقىلىق خىتايدىكى مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغانلىقى ھەققىدە پروگرامما قوبۇل قىلغان ئىدى.[54] 1931-يىلى 11-ئايدا جۇڭخۇا سوۋېتىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىدا ماقۇللانغان «ئاساسىي قانۇن پروگراممىسى» دا: «جۇڭگو سوۋېت ھاكىمىيىتى جۇڭگو تېررىتورىيەسىدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ،» دېيىلگەن.[55] سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سوتسىيالىستىك دۆلەتلەردىكى كوممۇنىستلار ۋە ئەمگەكچىلەر پارتىيەلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يۈرى ئاندروپوفنىڭ، 1958-يىلى 2-ئاينىڭ 5-كۈنى سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا يوللىغان «خىتايدىكى يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش توغرىسىدا» ناملىق دوكلاتىدا مۇنداق دېيىلىدۇ: «خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغۇچە بولغان ئارىلىقتا خىتاي كومپارتىيەسى، خىتايدا فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى بىر دۆلەت قۇرۇدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كەلگەن ئىدى. 1945-يىلى يەنئەندە ئېچىلغان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 7-قۇرۇلتىيىدا

---

[54] 《中共中央文件选集》第1册，中共中央党校出版社1989年版，第111页

[55] 《中共中央文件选集》第7册，中共中央党校出版社1991年版，第775页

ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىدا قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىشى يىغىنى ئېچىلىدۇ. يىغىندا قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتىنىڭ 50 كىشىلىك ھەيئەت ئەزالىرى سايلاپ چىقىلىدۇ. پاتىخان سۇگۇربايوف تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، لى چۈەن، ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئەنۋەر جاكۇلىن، نۇسۇپقان كۇنباي تەييارلىقلار تەييارلىق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىككە سايلىنىدۇ. قۇربانغالى ئوسمانوف تەييارلىق كومىتېتىنىڭ باش كاتىپلىقىغا سايلىنىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا يەنە لى چۈەن سېكرېتارلىقىدىكى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى پارتگۇرۇپپىسىدىكى 7 كىشىلىك ھەيئەتنىڭ بىرى بولىدۇ.[58]

شۇ مەزگىللەردە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئابدۇرەھىم ئەيسا، شىمالدىكى 3 ۋىلايەتتە قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك ئاپپاراتىدىن ئورۇن ئالغان بىردىن بىر ئۇيغۇر ئىدى. ئۇ بۇ جەرياندا ئەگەر شىمالدىكى 3 ۋىلايەتتە قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلسا، ئىلى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي ئورنى زادى قانداق بولىدۇ؟ ئىلى ۋىلايىتى مەمۇرىي جەھەتتىن قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە بولامدۇ ياكى كەلگۈسىدە قۇرۇلىدىغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بىۋاسىتە قارامدۇ؟، دېگەن مەسىلىلەردە كەسكىن تالاش-تارتىش قىلىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن شىمالىي شىنجاڭنىڭ كۆپچىلىكى، يەنى ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قىلىش،

---

[58] قۇربانغالى ئوسمانوف: «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى» (خىتايچە نەشرى)، 1993-يىل، 9-قىسىم، 10-1-بەتلەر

ئىتتىپاقىدا ئاز سانلىق مىللەتلەر 50 - 60 پىرسەنتكىچە تەشكىل قىلىدۇ. جۇڭگودا ئاران 6 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. مۇشۇ ئوخشىمايدىغان شارائىتنى كۆزدە تۇتۇش كېرەك، دېدى. بىز مەركەزنىڭ يوقىرىقى يوليورۇقىغا ئاساسەن شىنجاڭدا ئاپتونومىيەنى يوقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ تەشكىل قىلىش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتۇق.»[57]

شۇنداق قىلىپ، 1953 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1954 - يىلىنىڭ باشلىرىغىچە بولغان جەرياندا ئۇيغۇر دىيارىدا ئاپتونومىيە قۇرۇش ۋە ئۇنىڭغا تەييارلىق قىلىش خىزمەتلىرى باشلىنىدۇ. ئەمما ئۇيغۇر دىيارىدا ئاپتونومىيە مەسىلىسى سەيپىدىن ئەزىزى ئېيتقاندەك يوقىرىدىن تۆۋەنگە قاراپ ئەمەس، بەلكى ئاساسلىق يەرلىك مىللەت بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيەسى بىر چەتكە تاشلاپ قويۇلۇپ، ئالدى بىلەن قازاق، قىرغىز، موڭغول قاتارلىق ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ ئاپتونومىيەسى كونتېرتىپنىڭ بېشىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

1954 - يىلىنىڭ باشلىرىدا خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى بىلەن ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلىدۇ. شۇ يىلى 3 - ئاينىڭ ئاخىرى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسى ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي 3 ۋىلايەتتە دەرىجىلىك قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتى قۇرۇشنى قارار قىلىدۇ، ھەمدە قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 1954 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇرۇن قۇرۇلۇپ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

1954 - يىلى 4 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 21 - كۈنىگىچە

---

[57] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە - 3)، ئا - نۇسخا، - 166 - 167 بەتلەر؛ ب - نۇسخا، 85 - 84 - بەتلەر

بولۇش سالاھىيتى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتتە قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشقا تەييارلىق قىلىش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ھەم پارتىگورۇپپىسىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ئىدى.

ئۇنىڭ ئۈستىگە 1958 - يىلى 5 - ئايدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارنى «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» دېگەن «جىنايەت» بىلەن ئەيىبلەپ ئېلان قىلغان باش ماقالىدىمۇ، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىقلارنىڭ قازاق، قىرغىز، موڭغۇل، تۇڭگان قاتارلىق ئۇششاق مىللەتلەرنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيە نىسبىتىگە شېرىك بولۇشىغا قارشى تۇرغانلىقى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. مەزكۇر باش ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ ئەكسىيەتچى مىللەتچى ئۇنسۇرلار خەنزۇ كادىرلارغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇلارنى چەتكە قېقىش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى باشقا مىللەت خەلقلىرىنىمۇ خەنزۇلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۆز يېنىغا تارتىشقا ۋە قۇترىتىشقا ئۇرۇنغان. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلار باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىمۇ ئوخشاشلا چەتكە قاققان ۋە ئۇلارغا زەربە بەرگەن. ئۇلار باشقا قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردىن باراۋەرلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمان بولۇشىغا، گۈللىنىشىگە ۋە راۋاجلىنىشىغا قارشى. ئۇلار باشقا مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغىمۇ قارشى. ئۇلار شىنجاڭدا بىرقانچە رايونلار بويىچە تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەنىڭ يولغا قويۇلۇشىغا ‹تۆت مىليون ئۇيغۇر خەلقى ۋە ئۇلارنىڭ تۇپرىقى قازاق، قىرغىز ۋە موڭغۇللارنىڭ باشقۇرۇشىغا بۆلۈپ بېرىلدى› - دەپ ھاقارەت كەلتۈردى. ئۇلار قازاقلارنى چەتكە قېقىش ئۈچۈن ‹ئۇيغۇرىستان› قۇرۇلغاندىن كېيىن، قازاقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆتكىۋېتىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ كېلىش

ئىلىدا ئايرىم ۋىلايەت قۇرۇش، ئاتۇشنى قوشۇپ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇش كېرەك، دېگەن پىكرنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. مېنىڭ بۇ پىكرىمگە ئۇيغۇر كادىرلار قاتتىق نارازىلىق بىلدۈردى. قارشىلىق ئادەتتىكىچە ئەمەس، ھەتتا ناھايىتى جىددىي ۋە ناھايىتى قەتئىي بولدى. مەن ئۇلار بىلەن قايتا-قايتا سۆھبەت ئۆتكۈزدۈم. ئۆزۈمنىڭ پىكرىنى تەكىتلەپ: «باشقا مىللەتلەرگىمۇ ياردەم قىلىشىمىز كېرەك، ئۇلارنى تۈزلەڭلىككە چۈشۈرۈپ دېھقانچىلىق قىلدۇرۇش كېرەك. ئۇلارمۇ زاۋۇت قۇرسۇن، تۇراقلىق مەكتەپلەرنى قۇرسۇن، شۇنداق بولغاندىلا ئۇلار سوتسىيالىزم يولىغا ماڭالايدۇ.» دېدىم. مەسىلەن، ئىلى ۋىلايىتى بىلەن ئاتۇش ناھىيەسىنى قازاق ۋە قىرغىز ئىككى ئوبلاستقا قوشۇپ بېرىش مەسىلىسىدە مەن كۆپرەك ئۇيغۇر كادىرلارغا: «كەڭ قورساق بولۇشىمىز كېرەك، شىنجاڭدا ئۇيغۇرلار ئاساسلىق چوڭ مىللەت بولغانلىقى ئۈچۈن ئاز سانلىق مىللەتلەرگە كۆپرەك ياردەم قىلىشىمىز كېرەك.» دەپ چۈشەنچە بەردىم. كېيىن ئىشلار ھامان شۇنداق بولدى.»[59]

بۇ يەردە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىلى ۋىلايىتىنى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىش، غۇلجانى قازاق ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش پىكرىگە قارشى چىققۇچى ئۇيغۇر كادىرلار كىملەر ئىدى؟ گەرچە سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىگە قارشى چىققۇچى ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ كىملىكىنى ئوچۇق دېمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ ئاساسلىق كىشى ئىكەنلىكى ئېنىق. چۈنكى بۇ ھەقتە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ پىكرىگە قارشى تۇرۇشقا ئەڭ ھوقۇقلۇق كىشى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئىدى. يەنى، ئۇ ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى

---

[59] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 167-بەت؛ ب-نۇسخا، 85-بەت

## ئابدۇرەھىم ئەيسا: «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ ئاچقۇچى كىمنىڭ قولىدا؟»

شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسىم تۇپراقلىرى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى، موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، تۇڭگان ئاپتونوم ئوبلاستى قاتارلىق ئاپتونوم ئوبلاستلارغا، ھەتتا ئۇيغۇرلار مۇتلەق كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان ۋىلايەتلەرنىڭ بەزى ناھىيەلىرى باشقا كىچىك مىللەتلەرنىڭ ئاپتونوم ناھىيەسى قىلىپ بۆلۈپ بېرىلگەندىن كېيىن، نۆۋەت ئۇيغۇرلار ئۈچۈن قانداق بىر ئاپتونومىيەنىڭ يولغا قويۇلىدىغانلىقىغا تىركىلىدۇ.

1954 ـ ۋە 1955 ـ يىللىرى ئارىلىقىدا بېيجىڭغا كۆپ قېتىم قاتراپ، «ئۇيغۇر ئاپتونومىيەسى» ئۈچۈن ئۆزىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى پەش قىلغان سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1954 ـ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەن بېيجىڭدا مەجلىستە بولۇۋاتقان كۈنلىرىم ئىدى. بىر كۈنى يولداش شى جۇڭشۈن بۇرھان ئەپەندى بىلەن ئىككىمىزنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئاپتونومىيە توغرىسىدا بىزگە يولداش ماۋ زېدوڭنىڭ بىر يوليورۇقىنى يەتكۈزدى. شى جۇڭشۈن بىزگە: ‹شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيە نامىنى 'شىنجاڭ ئاپتونومىيەسى' دېسەك قانداق؟ بۇ توغرىدا رەئىس ماۋ زېدوڭ سىلەر ئىككىڭلارنىڭ پىكرىنى

خام خىيالىدا بولغان.»[60]

دەرۋەقە، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1954 ـ يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇش جەريانىدا شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىدىكى ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى قاتارلىقلار بىلەن بولغان مۇرەسسەسىز تارتىشمىلىرى، بولۇپمۇ سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئىلى ۋىلايىتىنى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىش، غۇلجانى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش پىكرىگە قەتئىيلىك بىلەن قارشى تۇرۇشى، ئۇنىڭ سىياسىي تەقدىرىنى شۇ ۋاقىتتىلا بەلگىلەپ قويغان ئىدى. دېگەنىدەك، 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەش» دولقۇنىدا، ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۇيغۇر سىياسىي سەرخىللىرى ئىچىدىن تۇنجى تۆركۈمدە زەربە بېرىلگەن نىشانغا ئايلاندى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىدا ئايلارچە نازارەتكە ئېلىنىپ، ئۆزىنى تەكشۈرۈش ۋە مەسىلە تاپشۇرۇشقا قىستالدى. ئاخىرىدا «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى» دېگەن سىياسىي سۇيىقەست بىلەن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، ھاياتىدىن ئايرىلدى.

---

[60] «ئوگچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيەگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۈزۈل ـ كېسىل تارمار قىلىندى»، «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958 ـ يىللىق 5 ـ سان

ئىدىيەمدىن ئۆتكۈزەلمىگەن ۋە قانداق قىلىشنى بىلەلمىگەن بۇ مەسىلە ئاخىرى ھەل بولدى. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن يولداش لى ۋېيخەن بىلەن سۆزلەشكەندە، ئۇ ئادەم: «شىنجاڭدىكى ئاپتونومىيەنىڭ نامى توغرىسىدا رەئىس ماۋ زېدوڭ سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلدى. ئەسلىدە بۇ ئىشنى ماڭا تاپشۇرغان ئىدى. مەن سىزنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىڭىزنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، بۇ ۋەزىپىنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا رازى بولمىغان ئىدىم. ئاندىن بۇ ۋەزىپىنى شۇ يەردە شى جۇڭشۈنگە تاپشۇرغان ئىدى. رەئىس ماۋ زېدوڭ ئاخىرىدا يولداش سەيپىدىننىڭ پىكرى توغرا، 'شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونومىيە رايونى' دېيىلگىنى تۈزۈك دەپ يوليورۇق بەردى،» دېدى. شۇنداق قىلىپ شۇ بويىچە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلدى.»[61]

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ يوقىرىقى بايانلىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ جاي-جايلىرىنى پارچىلاپ، ئۇيغۇرلاردىن باشقا مىللەتلەرگە ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيە تەسىس قىلغاندىن كېيىن، ئەڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر دىيارىدا قۇرۇلىدىغان ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونومىيەنىڭ ئالدىغا ھەتتا «ئۇيغۇر» دېگەن مىللەت نامىنىمۇ قوشۇشنى خالىمايدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى بۇ مەسىلىدە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبىرى ماۋ زېدوڭ ۋە خىتايدا ئاپتونومىيە قۇرۇش ئىشلىرىغا بىۋاسىتە ئارىلاشقان شى جۇڭشۈن، لى ۋېيخەن قاتارلىقلار بىلەن كۆپ قېتىم سۆزلىشىپ، ئاخىرىدا «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن نامنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.

---

[61] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 166-169 بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 86-88-بەتلەر

سورايدۇ،› دېدى. بۇ گەپ ماڭا ناھايىتى قاتتىق تۇيۇلدى. يەنە كېلىپ ھەم تۇيۇقسىز، ھەم ئويلىمىغان يەردىن چىقتى. مەن دەرھال جاۋاب بېرىپ: ‹ئاپتونومىيە تاغ-دەرياغا ياكى زېمىنغا قاراپ بېرىلمەيدۇ، بەلكى مىللەتكە قاراپ بېرىلىدۇ. ئەگەردە مىللەت بولمىغاندا ئاپتونومىيەمۇ بولمايدۇ،› دېدىم. مەن بۇ سۆزنى قىلغاندا مەندىن بىراز نارازىلىق كەيپىيات بىلىنىپ تۇراتتى. مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىشقا ئىلاجىسىز قالغان ئىدىم. بۇنىڭغا شى جۇڭشۈنمۇ بىر نېمە دېيەلمەي ھودۇقۇپ قالدى. بۇرھان ئەپەندى: ‹ۋۇي! بۇ سۆزنى ئالدىرىماي قىلسىڭىز بولاتتى. رەئىس ماۋ زېدوڭنىڭ يولىيورۇقى ئەمەسمۇ، ماقۇل دېيىش كېرەك!؟› دېدى. مەن ئاچچىقىمنى بۇرھان ئەپەندىدىن ئالدىم: ‹دېسەم نېمە بولاتتى! توغرا سۆزنىمۇ قىلغىلى بولمامدىكەن؟ دېسەم، تىلىمنى كېسىۋالامدىكەن!؟...› دېدىم. بىرازدىن كېيىن مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ، يولداش شى جۇڭشۈنگە: ‹رەئىس ماۋ زېدوڭ ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرىدۇ. ئۇ بىزدىن تېخىمۇ ئەتراپلىق ۋە كەڭ ئويلىنىشى مۇمكىن. بىز رەئىس ماۋ زېدوڭنىڭ يولىيورۇقىنى ئىجرا قىلىمىز. ئەمما بۇ مەسىلىدە ياخشىراق ئويلىشىپ باقساق. 'ئۇيغۇر' دېگەن نام ئەگەر شىنجاڭنىڭ ئاپتونومىيەسىگە قوشۇلمىسا، بۇ ئاپتونومىيە نامىنى خەلقنىڭ رازىلىقىدىن ئۆتكۈزۈش قىيىن بولىدۇ، ھەتتا قارشىلىقلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ پىكرىمنى سىزنىڭ رەئىس ماۋ زېدوڭغا يەتكۈزۈشىڭىزنى، ھەم رەئىس ماۋ زېدوڭنىڭ قايتا ئويلىشىپ بېقىشىنى ئۆتۈنىمەن،› دېدىم. ئىككى كۈندىن كېيىن، شى جۇڭشۈن يەنە بۇرھان ئىككىمىزنى چاقىرىپ: ‹رەئىس ماۋ زېدوڭ يولداش سەيپىدىننىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. يەنى 'ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى' دېسەك ياخشى بولىدىكەن. بۇ سۆزۈمنى سەيپىدىنگە يەتكۈزۈپ قويۇڭلار دەپ تاپشۇردى،› دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئۈچ كۈندىن بۇيان ئويلاپ-ئويلاپ

ئابدۇرەھىم سەئىدى، ئابلىز قارى قاتارلىق بىر تۈركۈم سىياسىي سەرخىللار تۈرلۈك ئۇسۇللاردا ئۆزلىرىنىڭ نارازىلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ئۇلار ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇپ، ئالىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئارزۇسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ.

مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى خىتاي بويىچە مىللەتلەر ئىشلىرى يىغىنى ئېچىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ۋە ئۇنىڭ ھوقۇق دائىرىسىنى ئېنىق كۆرسىتىش، «ھەددىنى بىلمىگەن يەرلىك مىللەتچىلەر» گە ئاگاھلاندۇرۇش بېرىش قارارىغا كېلىدۇ.

1957-يىلى 8-ئاينىڭ بېشىدا خىتاي مەملىكەتلىك مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى چىڭداۋدا ئېچىلىدۇ. بۇ يىغىنغا ھەرقايسى ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاساسلىق مىللىي رەھبەرلىرى ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى مىللەتلەر خىزمىتىگە مەسئۇل كادىرلار قاتنىشىدۇ. يىغىندا خىتاي باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەي 8-ئاينىڭ 4-كۈنى خىتايدىكى مىللەتلەر مەسىلىسى ۋە ئاپتونومىيە ھەققىدە ئۇزۇن بىر نۇتۇق سۆزلەيدۇ. ئۇ يىغىندا سەيدۇللا سەيپۇللايوف ۋە ئەسئەت ئىسھاقوف قاتارلىقلارنىڭ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ھوقۇقى بېرىش ھەققىدىكى تەكلىپ-پىكىرلىرىنى كەسكىن رەت قىلىپ، مۇنداق دەيدۇ: «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغان ۋاقىتتا، بىز ‹ئۇيغۇرىستان› دېگەن نامنى قوللانمىدۇق. چۈنكى شىنجاڭدا ئۇيغۇرلاردىن باشقا يەنە 12 مىللەت ياشايدۇ. 13 مىللەتكە 13 ‹ئىستان› قۇرۇپ بەرگىلى بولمايدۇ. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دېيىلگەندىكىن، ‹قالپاق› بەرىبىر ئۇيغۇرلارنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلدى، ئەمەسمۇ!؟»[62]

---

[62] جۇ ئېنلەي: «مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىدىكى بىرقانچە مەسىلە

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر دىيارىدا 1955-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلىدۇ. ۋۇسكا ۋە لوزۇنكىلاردىكى خىتايچە خەتلەر ئۇيغۇرچە خەتنىڭ ئاستىغا چۈشىدۇ. ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ۋىلايەتلەرنىڭ ۋالىيلىرى ۋە ناھىيەلەرنىڭ ھاكىملىرى ئۇيغۇرلاردىن قويۇلىدۇ. ھالبۇكى، كومپارتىيە ھەممىگە رەھبەرلىك قىلىدىغان كوممۇنىستىك سىياسي سىستېمىدا ئۇيغۇرلاردىن بىرىنچى قول باشلىق قويۇلغان ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر، خىتايلاردىن بىرىنچى قول پارتكوم سېكرېتارى قويۇلغان ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرىغا شەرتسىز بويسۇنىدىغان ئەھۋال شەكىللىنىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاپتونومىيە ھوقۇقى پەقەتلا قورچاق ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدا ئىپادىلىنىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك خىتاي كوممۇنىستلىرى كونترول قىلىدۇ.

بۇ ئەھۋال ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق بىر تۈركۈم ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى قاتتىق ئۈمىدسىزلەندۈرىدۇ. ئۇلار ئىلى ئىنقىلابىنىڭ مېۋىسىنىڭ بىكارغا كەتكەنلىكىنى، مىڭلىغان قۇربانلارنىڭ قېنى بەدىلىگە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ۋە ئۇنىڭ قىممەتلىك ھاكىمىيەت مىراسلىرىنىڭ نابۇت بولغانلىقىنى، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇرلارغا رۇس كوممۇنىستلىرى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قېرىنداش مىللەتلەرگە بەرگەن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىرىدەك جۇمھۇرىيەت ھوقۇقى تۇرماق، ھەتتا ئۆلكە دەرىجىلىك ئاپتونومىيەنىڭ ئاچقۇچىنىمۇ بەرمىگەنلىكىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلىشىدۇ.

بۇنىڭ بىلەن 1955-يىلدىن 1957-يىلغىچە بولغان جەرياندا سەيپۇللايوف، ئەسئەت ئىسھاقوف، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرەھىم ئەيسا،

چىڭداۋ يىغىنى سەيپىدىن ئەزىزى ماۋ زېدوڭغا ھەمراھ بولۇپ موسكۋاغا كەتكەن بىر مەزگىلدە ئېچىلدى. شۇڭا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى بولغان سەيپىدىن ئەزىزى بۇ يىغىنغا قاتنىشالمايدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا بۇ مەزگىلدە خىتاي ھەج ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇمۇ قاتنىشالمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە چىڭداۋ يىغىنى ئېچىلىشتىن بۇرۇنلا، ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر سەرخىللىرى 1956-يىلىدىكى «ئېچىلىپ-سايراش» دولقۇنى ۋە 1957-يىلىنىڭ باشلىرىدا باشلانغان «ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى» مەزگىللىرىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئاتالمىش «ئاپتونوم رايون»، «ئاپتونوم ئوبلاست» ۋە «ئاپتونوم ناھىيە» دېگەنلەرنىڭ قەغەز يۈزىدىكى ساختا ھوقۇقلار ئىكەنلىكىدىن شىكايەت قىلغان ئىدى.

مەرۇپ ئەيسا ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1957-يىلى مايدا، يەنى ئۇنىڭ خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكىگە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ چەتئەلگە مېڭىشتىن بىر ئاي ئىلگىرى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئۆرۈمچىدە يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا ئاچقان كېڭەيتىلگەن يىغىنغا قاتناشقانلىقىنى، بۇ يىغىندا خىتاينىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە ساختا ئاپتونومىيەسىنى قاتتىق تەنقىد قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.[64]

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ بۇ قېتىمقى يىغىندا ئوتتۇرىغا قويغان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىدىكى ساختا ئاپتونومىيەسى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى تەنقىدىي پىكىرلىرى، ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ نېرۋىسىغا تېگىدۇ.

---

[64] مەرۇپ ئەيسا (گىسارۇق): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 4-بەت

ئابدۇللا زاكىروفنىڭ 1958-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى شالۇنوۇفقا ئاشكارىلىشىچە، چىڭداۋ يىغىنىغا قاتناشقان شىنجاڭ ۋەكىللىرى جۇ ئېنلەينىڭ بۇ سۆزىگە قوشۇلمىغان، ھەممە ئۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غايىسىدە چىڭ تۇرغان. ئۇلار جۇ ئېنلەيگە: «قازاقىستاندا 100 دىن ئارتۇق مىللەت ياشايدۇ، ئەمما سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى مەزكۇر جۇمھۇرىيەتتىكى ئاساسلىق يەرلىك مىللەت بولغان قازاقلارنى كۆزدە تۇتۇپ، قازاق سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنى قۇردى. بۇ جۇمھۇرىيەتتىكى باشقا مىللەتلەر قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۈنلۈكى ئاستىدا ئالىي ئاپتونومىيەدىن تەڭ بەھرىمان بولماقتا. ئۇيغۇرلار شىنجاڭدىكى ئاساسلىق يەرلىك مىللەت. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، نېمىشقا ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلسا بولمايدۇ؟» دەپ سوئال قويىدۇ. چىڭداۋ يىغىنىدا شىنجاڭ ۋەكىللىرى جۇ ئېنلەينىڭ سۆزىگە قايىل بولمىغانلىقى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاپتونومىيە سىياسىتىگە نارازى بولغانلىقى ئۈچۈن، خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋغا، رايوندا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» ئېلىپ بېرىش ھەققىدە ئېچكىي يوليورۇق بېرىدۇ.[63]

---

توغرىسىدا»، چىڭداۋ، 1957-يىلى 8-ئاينىڭ 4-كۈنى

（周恩来：《关于我国民族政策的几个问题》，《周恩来选集》（下册），北京：人民出版社，1997年版）

[63] “M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov” August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176, Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901)

قولىدا!﴾ دېگەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئۇ: ﴿خەنسۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىدىكى ھەممە پارتىيەۋى ئورۇنلار ۋە مەمۇرىي ئورۇنلارنى بوشاتسۇن، ئۇلار ئىگىلەپ تۇرغان ئورۇنلار ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللىي كادىرلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىلسۇن. خەنسۇ كادىرلار مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالماسلىقى كېرەك، پەقەت ياردەمچى رول ئوينىشى كېرەك، ئۇلارنىڭ بولۇشى مىللىي كادىرلارغا پۇتلىكاشاڭ بولىدۇ، بىز خەنسۇلارنىڭ ياردىمىسىزمۇ سوتسىيالىزم قۇرالايمىز،﴾ دېدى. ئۇ يەنە ﴿يەرلىك مىللەتلەر خەنسۇلار بىلەن سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە باراۋەر ئەمەس؛ ئۇيغۇرلارنىڭ يېرىدىن ئېلىنغان دارامەتنىڭ ئالتىدەن بەش قىسمى خەنسۇلارغا، ئالتىدەن بىر قىسمى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئېھتىياجىغا سەرپ قىلىنماقتا. ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ئارمىيەسى دېگەن نېمە ئۇيغۇرلارنىڭ ياخشى يەرلىرىنى تارتىۋالدى. مۇنداق شارائىتتا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغىنى بىلەن قۇرۇلمىغىنىنىڭ ھېچ پەرقى يوق. بىز خەنسۇلاردىن ھوقۇقنى بېرىشنى تەلەپ قىلىمىز، ئەگەر يەنە بەرمىسە، تارتىۋېلىشىمىز كېرەك!﴾ دەپ زەھەر تارقاتتى.»[65]

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورگان مەتبۇئاتى بولغان «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958-يىللىق 5-سانىدا «ئوڭچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيەگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىندى» ناملىق باش ماقالىسىنى ئېلان قىلىدۇ. بۇ ماقالىدا ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق ئۇيغۇر سەرخىللىرى دەھشەتلىك تۈردە ھۇجۇم نىشانى قىلىنىدۇ. ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئابدۇرەھىم ئەيسا مەركەزنىڭ مىللىي

---

[65] «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1958-يىلى 4-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى باش ماقالىسىگە قاراڭ

ئېنىقراقىنى ئېيتقاندا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ بۇ قېتىمقى يىغىندىن كېيىن، ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە ئابدۇرەھىم ئەيساغا قاتتىق زەربە بېرىش ۋە ئۇنى كۆزدىن يوقىتىشنىڭ پىلانىنى تۈزۈپ قويىدۇ.

دېگەندەك، 1957-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەشكە سەپەرۋەرلىك قىلىش يىغىنى» دا بىرىنچى پاي ئوق ئابدۇرەھىم ئەيساغا ئېتىلىدۇ. ئۇنىڭ 1951-يىلى غۇلجادىكى «51 چىلەر مەجلىسى» دە قىلغان سۆزلىرىدىن تارتىپ، تاكى 1957-يىلى 5-ئايدا ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن «ئېچىلىپ-سايراش» يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەنقىدىي پىكىرلىرىگىچە بولغان سۆزلىرىنىڭ ھەممىسى، ئۇنىڭ «جىنايىتى» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسا 1958-يىلى 1-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى» دېگەن نام بىلەن سۇيىقەستكە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، 1958-يىلى 4-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى «شىنجاڭ گېزىتى» دە ئۇنى «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلەپ باش ماقالە ئېلان قىلىنىدۇ.

ماقالىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئابدۇرەھىم ئەيسا مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان رېسپۇبلىكىسى ياكى شەرقىي تۈركىستان رېسپۇبلىكىسى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى. كومپارتىيەگە قارشى ھاقارەت سۆزلىرىنى ئىشلەتتى. ئۇ ‹پارتىيە چوڭ مىللەتچىلەرنىڭ خەنسۇ بولمىغان مىللەتلەرنى بوزەك قىلىشىغا يول قويىدىغان ئاپپارات. ئۇنىڭ سىياسىتى خەنسۇ ئەمەس مىللەتلەر ئۈچۈن بالايى-ئاپەت،› دېدى. ئابدۇرەھىم ئەيسا زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردىلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، پارتىيەگە قارشى ئىتتىپاق تۈزدى. ئۇ پارتىيەدىن ھوقۇق تالىشىپ: ‹ئاچقۇچ كىمنىڭ

## ئابدۇرەھىم ئەيسا 1957 - يىلدىكى ھەج سەپىرىدە

ئابدۇرەھىم ئەيسا 1956 - يىلى خىتاي مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئىككىنچى نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلىنىدۇ.[68]

1957 - يىلى يازدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر، تۇڭگان، قازاق، قىرغىز قاتارلىق مۇسۇلمان مىللەتلەر ئارىسىدىن تاللاپ چىقىلغان 17 كىشىلىك ھەج ئۆمىكىنى سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىدۇ. بۇ خىتاي كومپارتىيەسى ھاكىمىيەت بېشىغا چىققاندىن بۇيان، ئىككىنچى قېتىم ئۇيغۇر دىيارىدىكى مۇسۇلمانلاردىن دۆلەت خىراجىتى بىلەن ھەج ئۆمىكى تەشكىللەپ، تۇڭگان مۇسۇلمانلىرى بىلەن بىرلىكتە ئەرەبىستانغا ئەۋەتىشى ئىدى. كوممۇنىست خىتاينىڭ ھۆكۈمەت نامىدىن ھەج ئۆمىكى تەشكىللەپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىشى، ئەمەلىيەتتە 1954 - يىلى باشلانغان بولۇپ، تاكى 1956 - يىلىغا قەدەر تۇڭگان مۇسۇلمانلىرىلا ئەۋەتىلگەن ئىدى. كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي مۇسۇلمانلىرىدىن ھەج ئۆمىكى تەشكىللەش ئىشى 1956 - يىلىدىن باشلىنىدۇ.

---

[68] 中国伊斯兰教协会第二届委员会常委，委员名单, 2015-03-30 (http://www.chinaislam.net.cn/about/wygw/lijie/201505/30-965.html )

تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى ‹خاتا› دەپ ھۇجۇم قىلىپ، ‹شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقى بىلەن قۇرۇلمىغانلىقىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق› - دېدى. ئۇ يەنە ‹ئاچقۇچ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىگە قاراش كېرەك› - دېدى.»[66] ماقالىدە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ: «ئابدۇرەھىم ئەيسا ‹خەنسۇلار ئىلىنى بېسىۋالدى، خەنسۇلارنىڭ ياردىمىسىزمۇ بىز سوتسىيالىزم قۇرالايمىز› - دېدى. ئۇلار ئۆتكەن يىلى مايدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا بىر مۇقامدا ناخشا ئېيتىپ، ئوت قويۇرۇقلۇق بىلەن: ‹مىللىي كادىرلاردا خىزمەت بار، ھوقۇق يوق› ، ‹خەنسۇلار تەختتىن چۈشسۇن› ، ‹بارلىق ئاپتونوم ئورۇنلار، ھەتتا ھەربىي قوشۇنلار ۋە پارتىيە كومىتېتى ئورۇنلىرى مىللىيلەشتۈرۈلسۇن› - دەپ جار سالدى.»[67]

دەرۋەقە، ئابدۇرەھىم ئەيسا خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىنى ئىگىلەپ 6 يىلدىن كېيىن، ئاران تەسلىكتە تەسىس قىلغان «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى» دېگەن بۇ ئۆلكە دەرىجىلىك مەمۇرىي ئورگاننىڭ، ئەمەلىيەتتە «ئېتى ئۇلۇغ سۇپرىسى قۇرۇق» بىر ساختا ئاپتونومىيە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئاچقۇچىنىڭ ‹ئاپتونومىيە› قالپىقى كىيدۈرۈلگەن ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى خىتاي پارتكوم سېكرېتارلىرىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئۆز دەۋرىدىلا چوڭقۇر دەرىجىدە تونۇپ يەتكەن ئىدى.

[66] «ئوگچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيەگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىندى» ، «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958 - يىللىق 5 - سان

[67] «ئوگچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيەگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىندى» ، «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958 - يىللىق 5 - سان

ۋالىيسى يولبارس، «سۈرگۈندىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى» نىڭ رەئىسلىككە تەيىنلىنىدۇ.[70] يولبارس تەيبېيدىكى گومىنداڭ قۇرۇلتىيىدا سۆز قىلىپ، كوممۇنىست خىتايغا قارشى كەڭ كۆلەملىك قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈپ، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنى تارتىۋېلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ.

1954-يىلىدىن باشلاپ تەيۋەن تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقى بىلەن تەيۋەندىكى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى» كەشمىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئۆمەكلەر ئەۋەتىپ، ئۇ يەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى ئۆزىگە تارتىشقا ئۇرۇنىدۇ. مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ تەيۋەنگە كېلىش تەكلىپىنى رەت قىلغاندىن كېيىن، تەيۋەن دائىرىلىرى ئۆزىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى باش ئەلچىسى ما بۇفاڭ بىلەن تەيبېيدىكى ئاتالمىش «سۈرگۈندىكى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمىتى» نىڭ رەئىسى يولبارسبەگنى مەككىگە ئەۋەتىپ، شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنى كونترول قىلماقچى بولىدۇ.[71]

مانا مۇشۇنداق بىر مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى «ھەج تاۋابىتى» نامىدا مەخسۇس ئۆمەك تەشكىللەپ، سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئەۋەتىش قارارىغا كېلىدۇ. كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قارارغا كېلىشىدە بىرىنچىدىن، ئۆزىنىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيەدىكى يېتىم ھالىتىدىن قۇتۇلۇش ۋە مۇسۇلمان ئەللىرىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان بولسا،

[70] Justin M. Jacobs, Xinjiang and the Modern Chinese State, Seattle & London: University of Washington Press, 2016, p, 207

[71] Justin M. Jacobs, Xinjiang and the Modern Chinese State, pp. 212-213

خىتاي ھۆكۈمىتى 1956 - يىلى تۇنجى قېتىم ئۇيغۇرلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «جۇڭگو ھەج ئۆمىكى» تەشكىللەپ، بۇرھان شەھىدىنىڭ يېتەكچىلىكىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىدۇ. شۇ يىلى ھەج پائالىيىتى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەزكۇر ئۆمەك مىسىر، ئىئوردانىيە، لىۋان، سۇرىيە قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىنى زىيارەت قىلىپ، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ خىتايدىكى مۇسۇلمانلارغا قاراتقان دىنىي سىياسىتىنى ئىسلام دۇنياسىغا تەشۋىق قىلىدۇ.[69]

دۆلەت خىراجىتى بىلەن ھەج ئۆمىكى تەشكىللەپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىش ۋە كومپارتىيەنىڭ دىنىي سىياسەتلىرىنى ئىسلام دۇنياسىغا تەشۋىق قىلىش، شۇ ۋاقىتتىكى كوممۇنىست خىتاينىڭ تاشقىي سىياسىتىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا «سوغۇق ئۇرۇش» نىڭ رىقابىتىدە تىپىرلاۋاتقان كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ يېتەكچىسى - سوۋېتلەر ئىتتىپاقىدىن ئالغان دىپلوماتىيە مودېلى ئىدى.

1955 - يىلى ھىندونېزىيەنىڭ باندوڭ شەھرىدە ئېچىلغان «ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى» دىن كېيىن، ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان دۇنيادىكى ئىككى چوڭ لاگېر، يەنى غەرب لاگېرى بىلەن كوممۇنىزم لاگېرى ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇشنىڭ يەنە بىر ئىس - تۈتەكسىز جەڭ مەيدانى، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا رەسمىي ئېچىلىدۇ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى تەيبېيدا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى» تەسىس قىلىدۇ. 1950 - يىلى تىبەت يولى بىلەن تەيۋەنگە قېچىپ كەلگەن قومۇل

---

[69] بۇرھان شەھىدى: «ئاسىيا - ئافرىقادىكى 5 دۆلەتكە زىيارەت»، «بۇرھان شەھىدى ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1989 - يىل خىتايچە نەشرى، 58 - 49 - بەتلەر

ئۆمىكىگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ھەرەمگە ئەۋەتىلىشى، ئىنتايىن تاسادىپىي بولغان ئىدى. 1956 - يىلى بۇرھان شەھىدىنىڭ ئوتتۇرا - شەرق زىيارىتىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا ئەپەندىنى قايىل قىلالايدىغان بىر نامزاتقا ئېھتىياجى چۈشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ۋەزىپە 1940 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، ئۈرۈمچىدە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ناھايىتى يېقىن شەخسىي مۇناسىۋىتى بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ يەلكىسىگە يۈكلىنىدۇ.

1957 - يىلى 6 - ئايدا ۋۇ خوڭبىڭ ئۆمەك باشلىقى، ئابدۇرەھىم ئەيسا مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولغان خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكى بېيجىڭدىن يولغا چىقىپ، يۈننەن، بىرما، ھىندىستان ئارقىلىق سەئۇدى ئەرەبىستانىغا يېتىپ بارىدۇ. مەزكۇر ئۆمەك جەمئىي 17 كىشىدىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىغا ۋەكىل بولغان كىشىلەر بىلەن دىنىي ساھەدىكى زاتلار بار ئىدى.[72]

ئابدۇرەھىم ئەيسا ئىنتايىن چىگىش ۋە مۇرەككەپ بىر ھېسسىيات ئىلكىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى جايلاشقان قۇتسال تۇپراققا دەسسەيدۇ. بۇ ھەج ئۆمىكى جىددەدىن مەككىگە يېتىپ كەلگەندە، سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارمۇ ئەيسا ئەپەندىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەج تاۋابىتىگە ھازىرلىنىدۇ.

ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» ناملىق ئەسلىمە كىتابىنىڭ ئىككىنچى تومىدا، ئۆزىنىڭ مەككىدە خىتاي ھەج ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى ئابدۇرەھىم

---

[72] «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ھەج ئۆمىكى مەككىگە يۈرۈپ كەتتى»، «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى (خىتايچە)، 1957 - يىلى 1 - سان

ئىككىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ماسلىشىش ۋە تەيۋەن دائىرىلىرى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغان مەككىدە كۈچ سىنىشىشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى 1956 ـ يىلى بۇرھان شەھىدىنىڭ باشچىلىقىدا، 1957 ـ يىلى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ باشچىلىقىدا، 1958 ـ يىلى ئەنۋەر جاكۇلىنىڭ باشچىلىقىدا 3 قېتىم «خىتاي دۆلەتلىك ھەج ئۆمىكى» تەشكىللەپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىدۇ.

ئاتېئىزم، يەنى دىنسىزلىق پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ، مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغان مەككىگە ھەج ئۆمىكى ئەۋەتىشى گەرچە ھەيران قالارلىق ئىش بولسىمۇ، ئەمما كوممۇنىست خىتاي ئۆز كۆڭلىدە ئاز دېگەندە مۇنداق ئۈچ خىل چوتنى سوققان ئىدى: بىرى، ھەج ئۆمىكى ئەۋەتىش باھانىسىدا ئىسلام ئەللىرى بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش، دىپلوماتىك قانال ئېچىش ۋە تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى دىپلوماتىك تەسىرىنى چەكلەش؛ ئىككىنچىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ـ شەرق ئىستراتېگىيەسىگە ماسلىشىپ، سوغۇق ئۇرۇشنىڭ يەنە بىر قانىتى ئېچىلغان مەككىدە، ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب كۈچلىرى بىلەن كۈچ سىنىشىش؛ ئۈچىنچىسى، تۈركىيە ۋە ئەرەب ئەللىرىدە شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى قىلىۋاتقان مۇھەممەدئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلەرنى قايتۇرۇپ كېلىش ياكى ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈشكە ئۇرۇنۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ بۇ قېتىملىق خىتاي مەملىكەتلىك ھەج

تەۋسىيە قىلدىم. پولات قادىرى قولىدىكى ئاپپاراتى بىلەن ئۇلارنى بىرقانچە پارچە سۈرەتكە تارتتى ۋە ئارقىدىنلا سۈكۈتنى بۇزۇپ ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشقا باشلىدى. كېيىن پولات قادىرى قېشىمغا كېلىپ بولغان پاراڭلارنى ئاڭلاتتى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ سۈرەتكە تارتىۋاتقاندا ئۆمەك باشلىقى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۇنىڭغا: «پولات، ئالدى بىلەن قېشىمغا كېلىپ ئولتۇر، ئاندىن سۈرەتكە تارتساڭمۇ

---

مەقبۇل چوبانى قاتارلىق بىر قىسىم ياشلار مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئەپەندىلەرگە ئەگىشىپ چەتئەلگە چىقىپ كېتىدۇ. شۇندىن كېيىن پولات قادىرىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ھاياتى باشلىنىدۇ. ئۇ تۈركىيەگە بارغاندىن كېيىن بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن ئەيسا ئەپەندىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى مىللىي دەۋا ئىشلىرىغا يېقىندىن ياردەمدە بولىدۇ. 1957- ۋە 1958-يىللىرى ئەيسا ئەپەندى بىلەن بىرلىكتە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىپ، خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكى تەركىبىدە مەككىگە كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ھاجىلار بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئۇ ئەيسا ئەپەندىنىڭ ھاۋالىسىغا بىنائەن 1957-يىلى مەككىدە ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن يوشۇرۇن ۋە ئوچۇق-ئاشكار ھالدا بىرقانچە قېتىم كۆرۈشىدۇ. ۋەتەننىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئۇزۇندىن ئۇزۇن سۆھبەتلىشىدۇ. ئۇ شۇ يىللاردا يەنە ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتىدە خىتاي تىلىدىن دەرس بېرىدۇ. بۇ مەزگىللەردە پولات قادىرىنىڭ «خىتاي مۇستەملىكىسى - شەرقىي تۈركىستان» ناملىق كىتابى نەشر قىلىنىدۇ. 1960-يىللاردا پولات قادىرى تۈركىيەدىن ئايرىلىپ، غەربىي گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدىن ئاڭلىتىش بېرىۋاتقان «ئازادلىق رادىيوسى» نىڭ ئۇيغۇرچە بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. 1970-يىلى يازدا تۈركىيەدە دەم ئېلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز قوزغالغان يۈرەك كېسىلى سەۋەبىدىن 51 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. پولات قادىرى 1949-يىلى كۈزدە ۋەتەندىن ئايرىلغاندا ئايالى بىلەن 2 بالىسى ۋەتەندە قەپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئايالى ۋە پەرزەنتلىرى كېيىنچە خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نۇرغۇن سىياسىي بېسىملارغا ۋە رىيازەتلەرگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ بىر ئائىلە كىشىلىرى شۇ ئايرىلغانچە ئۆمۈرۋايەت يۈز كۆرۈشەلمەيدۇ. 5 ياش ۋاقتىدا دادىسىدىن ئايرىلغان پولات قادىرىنىڭ چوڭ قىزى چولپان خانىم ئارىدىن 64 يىل ئۆتكەندە، يەنى 2013-يىلى 5-ئايدا ئىستانبۇلغا كېلىپ، بىر ئۆمۈر كۆرەلمىگەن دادىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلايدۇ ۋە مەرھۇمنىڭ روھىغا دۇئا قىلىدۇ (ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى، ئۇيغۇرچە تورى).

(https://www.rfa.org/uyghur/tarix-bugun/polat-qa-dir-08252014065008)

ئەيسا ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق ھاجىلار بىلەن تونجى قېتىم ئۇچرىشىش جەريانى ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات بېرىدۇ: «1957-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى ھىجازدا ئولتۇراقلاشقان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلاردىن 12 كىشى، پادىشاھ سەئۇد بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئۇنىڭ مىنادىكى سارىيىغا باردۇق. مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەخسۇس تەييارلانغان چېدىرغا كىرىشىمىزگە، قارشى تەرىپىمىزدە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن قىزىل ھاجىلاردىن تەشكىللەنگەن بىر كوممۇنىست ھەيئەتنى كۆردۇق. بىر ھازا بىر-بىرىمىزگە ئۈنسىز قارىشىپ تۇرغاندىن كېيىن، مەن ھەمراھىم پولات قادىرى[73] غا ئۇلارنى سۈرەتكە تارتىۋېلىشنى

---

[73] پولات قادىرى تۇرفانى (1919-1970) شەرقىي تۈركىستاننىڭ 1940-يىللاردىكى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مۇھىتىدا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان سەرخىللارنىڭ بىرى. ئۇ 1919-يىلى قۇتۇبى ناھىيەسىدە ئولتۇراقلاشقان تېگى تۇرپاندىن بولغان بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 1941-يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنى پۈتتۈرۈپ، «شىنجاڭ گېزىتى» دە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1943-يىلى تۇتقۇن قىلىنىپ، شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ياتقان. ئىلى ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە 1945-يىلىنىڭ ئاخىرى مەسئۇت سابىرى، مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىندىن ئىبارەت «ئۈچ ئەپەندى» گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىي شەھەرلىرى بولغان نەنجىڭ ۋە چوڭچىڭلاردىكى سىياسىي پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندە ياش پولات قادىرى ئۇلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ سىياسىي پائالىيەتلەرگە قاتناشقان. ئۈرۈمچىدە «ئالتاي نەشرىياتى» نىڭ قۇرۇلۇشى، «ئەرك گېزىتى» نىڭ نەشر قىلىنىشى، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۇتۇپخانىسى» نىڭ ئېچىلىشىدەك بىر قاتار ئىشلاردا ئاكتىپ ياردەمچى بولغان. 1948-يىلى پولات قادىرىنىڭ «ئۆلكە تارىخى» ناملىق كىتابى ئالتاي نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. كوممۇنىست خىتاي ئۇيغۇر دىيارىغا بېسىپ كىرىشكە باشلىغان 1949-يىلىنىڭ ئاۋغۇست ۋە سېنتەبىر ئايلىرىدا پولات قادىرى باشقا نەچچە ئونلىغان مەسلەكداش دوستلىرى بىلەن بىللە، مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلەرگە ئەگىشىپ ۋەتەندىن ئايرىلىدۇ. شۇ يىلى ئۆكتەبىرنىڭ ئاخىرلىرى ئابدۇرەھىم ئۆتكۈر، ھاجى ياقۇپ، قۇربان قۇداي، چىڭگىزخان داموللام، خېۋىر تۆمۈر، ئابدۇرەھىم قىلىچ، ئۇيغۇر ئادىل قاتارلىق كىشىلەر ھىندىستان چېگراسىغا يېقىن كۆكئارت داۋىنىدىن قايتىپ كېلىدۇ. ئەمما پولات قادىرى، ساتتار

ئابدۇرەھىم ئەيسا باشلاپ كەلگەن كوممۇنىست ھاجىلار ئۆمىكى بىلەن بولتۇرقىدەك ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشىمىزمۇ ياكى بىر ھەيئەت بولۇپ تەشكىللىنىپ كۆرۈشسەك ياخشىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھىجازدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا جىددىي تارتىشمىلار بولۇپ، بىر ھەيئەت سايلاش قارارى ئېلىنىدۇ. مۇھاجىرلار ئارىسىدىن پولات قادىرى، ھامىت ھاجى قىرغىز، ئابدۇللا قارى ۋە ئابدۇرەھىم توردى قاتارلىق 4 كىشىلىك بىر ھەيئەت سايلاپ چىقىلىدۇ. مەزكۇر ھەيئەت ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ چېدىرىغا بېرىپ، كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندا ئۇ خىتاي ھەج ئۆمىكى تەركىبىدە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ھاجىلارنى يىغىپ قىرغىن كۈتىۋالىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا مەزكۇر ھەيئەتكە سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى، ئەيسا ئەپەندىگە ئۆزلىرىنىڭ سالامىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى، ئەگەردە ئەيسا ئەپەندى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دېسە، مۇۋاپىق پەيتتە كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاردىكى جىددىيچىلىك ۋە سوغۇق ئېچىلىپ، ئىككى تەرەپ نورمال پاراڭلىشىدۇ. 4 كىشىلىك مۇھاجىرلار ھەيئىتى ئابدۇرەھىم ئەيسا باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ھاجىلارغا، ئۆزلىرىنىڭ 8 يىللىق مۇھاجىرەت ھاياتى داۋامىدا بېشىدىن كۆچۈرگەنلىرى ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى ئاڭلىتىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا باشلىق ۋەتەندىن كەلگەن ھاجىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئەرەبىستاندا ياخشى ياشاۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنگەنلىكىنى، ئەمما مۇساپىرچىلىقتىكى ئىنسانلارنىڭ ھېچ بىر زامان ئۆز ۋەتىنىدە ياشىغاندەك بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە

ئابدۇرەھىم ئەيسا باشلاپ كەلگەن كوممۇنىست ھاجىلار ئۆمكى بىلەن بۇلتۇرقىدەك ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشىمىزمۇ ياكى بىر ھەيئەت بولۇپ تەشكىللىنىپ كۆرۈشسەك ياخشىمۇ؟» دەپ سورايدۇ. بۇنىڭ بىلەن ھىجازدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا جىددىي تارتىشمىلار بولۇپ، بىر ھەيئەت سايلاش قارارى ئېلىنىدۇ. مۇھاجىرلار ئارىسىدىن پولات قادىرى، ھامىت ھاجى قىرغىز، ئابدۇللا قارى ۋە ئابدۇرەھىم تۇردى قاتارلىق 4 كىشىلىك بىر ھەيئەت سايلاپ چىقىلىدۇ. مەزكۇر ھەيئەت ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ چېدىرىغا بېرىپ، كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغاندا ئۇ خىتاي ھەج ئۆمكى تەركىبىدە شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ھاجىلارنى يىغىپ قىرغىن كۈتىۋالىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا مەزكۇر ھەيئەتكە سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار بىلەن يۈز كۆرۈشكەنلىكىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى، ئەيسا ئەپەندىگە ئۆزلىرىنىڭ سالامىنى يەتكۈزۈپ قويۇشنى، ئەگەردە ئەيسا ئەپەندى ئۆزلىرى بىلەن كۆرۈشمەن دېسە، مۇۋاپىق پەيتتە كۆرۈشۈشنى خالايدىغانلىقىنى بايان قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى جىددىيچىلىك ۋە سوغۇق ئېچىلىپ، ئىككى تەرەپ نورمال پاراڭلىشىدۇ. 4 كىشىلىك مۇھاجىرلار ھەيئىتى ئابدۇرەھىم ئەيسا باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن ھاجىلارغا، ئۆزلىرىنىڭ 8 يىللىق مۇھاجىرەت ھاياتى داۋامىدا بېشىدىن كۆچۈرگەنلىرى ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرىنى ئاڭلىتىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا باشلىق ۋەتەندىن كەلگەن ھاجىلارمۇ ئۇلارنىڭ ئەرەبىستاندا ياخشى ياشاۋاتقانلىقىدىن سۆيۈنگەنلىكىنى، ئەمما مۇساپىرچىلىقتىكى ئىنسانلارنىڭ ھېچ بىر زامان ئۆز ۋەتىنىدە ياشىغاندەك بولمايدىغانلىقىنى، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، بۇ جەھەتتە

بولىدۇ،» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئارىسىدا پاراڭ باشلىنىپتۇ. پولات قادىرى بۇ ھاجىلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى، قانداق يوللار بىلەن ھەججە كەلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى دوستلىرىدىن كىملەرنىڭ ساق ۋە كىملەرنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى سوراپتۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا شەرقىي تۈركىستانلىق ھاجىلارنىڭ ئالدى بىلەن خىتاي پايتەختى بېيجىڭغا توپلىنىپ، ئۇ يەردىن ئايروپىلان بىلەن ھىندىستان ئارقىلىق قاھىرەگە، ئۇ يەردىن جىددەگە كەلگەنلىكىنى، مىسىردا تەھسىل كۆرگەن ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان بىلەن تۈركىيەدە تەھسىل كۆرگەن قۇربان قۇداي ۋە ھاجى ياقۇپ (ھاجى ياقۇپ ئۆلتۈرۈلمىگەن، ئەيسا ئەپەندى بۇ يەردە خاتالاشقان بولسا كېرەك - ئاپتور) دىن باشقا پۈتۈن سەپداشلىرىنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى، ئىسمى تىلغا ئېلىنغانلارنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ھايات قالغانلاردىن بىر قىسمىنىڭ سوراق ۋە تەقىپلەردىن كېيىن، ئىپادىسىگە قاراپ ھۆكۈمەت مەمۇرىيەتلىرىدە خىزمەت بېرىلگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتۈپتۇ. پولات قادىرى بۇلارنى ئاڭلاپ، ئابدۇرەھىم ئەيسادىن تەكرار يەنە بىر قېتىم كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىنىڭ بار-يوقلىقىنى سوراپتۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا «تەكرار كۆرۈشەيلى» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.»[74]

بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈشتىن كېيىن، ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن مىناغا توپلانغان 200 گە يېقىن شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغا خىتاپ قىلىپ: «ئالدىنقى يىلى شەرقىي تۈركىستاندىكى بىرىنچى نومۇرلۇق خائىنلاردىن بۇرھان شەھىدىنىڭ يېتەكچىلىكىدە تۇنجى قېتىملىق كوممۇنىست ھاجىلار ئۆمىكى كەلگەندە، ھەرقايسىڭىزلەر ئۇلار بىلەن ئايرىم-ئايرىم كۆرۈشكەن ئىدىڭىزلەر. بۇ يىل

[74] Ömer Kul yayina hazirlayan: Esir Doğu Türkistan İçın-2: Isa Yusuf Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), Ankara: Berikan Yayınevı Neshriyati, 2007, ss. 145-146

قانچىلىك شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرنىڭ ياشايدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى، كورىيە ئۇرۇشىغا تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ئەسكەر بولۇپ قاتناشقان ياكى قاتناشمىغانلىقى ھەققىدە سوئاللار سورايدۇ. بۇ سوئاللارغا قارىتا پولات قادىرى چەتئەللەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مۇھاجىرلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرىنىڭ تۈپ مەقسىتىنىڭ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى، 8 يىللىق مۇھاجىرەتتە ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى خەلقئارا جامائەتكە، جۈملىدىن ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا بەلگىلىك دەرىجىدە تونۇتقانلىقىنى، تۈركىيە، مىسىر ۋە سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلارنىڭ ئەركىن ۋە ھۆر ياشاۋاتقانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتىدۇ.[76]

ئەتىسى، يەنى 1957-يىلى 7-ئاينىڭ 11-كۈنى ئەيسا ئەپەندى، مىسىر مېھمانخانىسىنىڭ رېستورانىدا ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن يالغۇز كۆرۈشىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ 1940-يىللاردا ئۈرۈمچىدە تونۇشقىنىدىن بۇيان ئارىدىن 8-10 يىل ئۆتۈپ چەتئەلدە تۇنجى قېتىم بىر ئۈستەلدە كۆرۈشۈشى ئىدى. ئەيسا ئەپەندى ئابدۇرەھىم ئەيساغا قول بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۈرۈمچىدە تونۇشقىنىدىن بۇيان، ئۇنى ۋەتەنسۆيەر بىر مۇنەۋۋەر دەپ بىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر بۇ قېتىم ئوچۇق-ئاشكارا ۋە سەممىيەتلىك بىلەن سۆزلىشىش مۇمكىن بولسا، بۇ سىرنىڭ پەقەت ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قالىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسامۇ جاۋابەن: «ئەلۋەتتە، بولىدۇ، پۇرسەت تېپىپ ئۇزۇن سۆزلىشەيلى،» دەپ ئىپادە بىلدۈرىدۇ. تاماقتىن كېيىن مەككىدىكى مىسىر مېھمانخانىسىنىڭ

[76] Ömer Kul yayina hazirlayan: Esir Doğu Türkistan İçın-2: Isa Yusuf Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), ss. 149-165

ئۇلارغا ھېچ بىر تەقىبنىڭ يوقلىقىنى ئېيتىشىدۇ.[75]

1957-يىلى 7-ئاينىڭ 10-كۈنى ئەيسا ئەپەندى، سەپدىشى پولات قادىرى بىلەن مىنادىن مەككىگە قايتىپ، خىتاي ھەج ئۆمىكى ئورۇنلاشقان مىسىر مېھمانخانىسىغا چۈشىدۇ. شۇ كۈنى كېچىسى پولات قادىرى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ياتىقىغا كىرىپ، بىرقانچە سائەت ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىدۇ.

كۆرۈشۈش جەريانىدا ئالدى بىلەن پولات قادىرى ۋەتەن ھەققىدىكى كۆپلىگەن سوئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ. يەنى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا 2 مىليوندەك كۆچمەن خىتاينى يەرلەشتۈرگەنلىكى، خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ نېمە ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا ھېچ بولمىغاندا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدەك نامدا بولسىمۇ ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك ھوقۇق بەرمەستىن، بەلكى ئۆلكە دەرىجىلىك ساختا «ئاپتونومىيە» بەرگەنلىكىنى، سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەسىرىنى، مىللىي ئارمىيەنىڭ تەقدىرىنىڭ قانداق بولغانلىقىنى سۈرۈشتۈرىدۇ. ئۇ يەنە شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي مائارىپ، مەدەنىيەت ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەلەرنىڭ ھەققىي ئەھۋالى ھەققىدە سوئاللار سورايدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا بۇ سوئاللارنىڭ بەزىلىرىگە ئېھتىيات بىلەن جاۋاب بېرىدۇ، بەزىلىرىنى جاۋابسىز قالدۇرىدۇ. ئارقىدىن ئابدۇرەھىم ئەيسا پولات قادىرىدىن ئۇلارنىڭ چەتئەلدىكى ھاياتى ۋە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ھەققىدە سوئال سورايدۇ. يەنى مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ قەيەرگە يەرلەشكەنلىكى، ئۇلارنىڭ چەتئەللەردىكى سىياسىي پائالىيەتلىرى ۋە ئۇلارنىڭ تەيۋەندىكى گومىنداڭ دائىرىلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىنىڭ بار-يوقلىقى، تۈركىيەدە

[75] Ömer Kul yayina hazirlayan: Esir Doğu Türkistan İçın-2: Isa Yusuf Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), ss. 147-148

قالغان ئىككى تۇڭگاندىن بىرىنىڭ ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ۋۇ خوڭبىن، يەنە بىرىنىڭ ما فامىلىلىك بىرسى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇرىدۇ. ئەتراپىدا بىرقانچە «قۇلاق» بولغاچقا ئابدۇرەھىم

ئۇزۇن ئۆتمەيلا پاكىستان چېگراسىدىن قوغلاپ چىقارغان (ئالپتېكىن، 2007: 216-217). ئابدۇرەھمان ھىدايەتوف 1956-يىلى، 1957-يىلى ۋە 1958-يىلى ئۇدا 3 قېتىم خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكى تەركىبىدە سەئۇدى ئەرەبىستانىغا كەلگەن ۋە ئۆزىنى خىتاي مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 3-كاتىپى دەپ تونۇشتۇرغان. 1957-يىلى ئىككىنچى قېتىم ھەجگە كەلگىنىدە ئۇ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كەينىدىن گويا قۇيرۇقتەك ئەگىشىپ، پۈتۈن ئىش-ھەرىكەتلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزەتكەن ۋە ماتېرىيال توپلىغان. 1958-يىلى ئابدۇراھمان ھىدايەتوف 3-قېتىم خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكى تەركىبىدە ئەرەبىستانغا كېلىدۇ. بۇ قېتىم ئۇ خىتاي ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئەنۋەر جاكۇلىنغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن بولۇپ، مەككە، مەدىنە ۋە جىددە قاتارلىق جايلاردا شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي پائالىيەتلىرى ھەققىدە ماتېرىيال توپلايدۇ. ئەيسا ئەپەندىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ھەج تاۋابىتى جەريانىدا ئەنۋەر جاكۇلىن ئەرەبىستاندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارغا پاسسىپ ۋە سوغۇق مۇئامىلىدە بولىدۇ، كوللېكتىپ سورۇنلاردا گەپ-سۆز قىلىشتىن قاچىدۇ، ئەمما ئابدۇراھمان ھىدايەتوف ئاكتىپ ۋە ئاشكارا پائالىيەت قىلىدۇ. جىددەدە ياشايدىغان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلاردىن ئابدۇلۋارىس ھاجىنىڭ ئەيسا ئەپەندىگە بايان قىلىشىچە، 1958-يىلى 5-ئاينىڭ ئاخىرى ئۇ خىتاي ھەج ئۆمىكى تەركىبىدە جىددەگە كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ھاجىلار بىلەن كۆرۈشكىلى بارىدۇ. شۇ ئەسنادا ئابدۇراھمان ھىدايەتوف ئۇنىڭ ئالدىنى توسۇپ: «ئالغان ئۇچۇرلىرىمىزغا قارىغاندا، ئىبراھىم ۋاسىلى مىسىردىن كۆپ مىقداردا ‹تۈركىستان ئاۋازى› مەجمۇئەسىنى ئېلىپ، 1958-يىلى 5-ئاينىڭ 24-كۈنى جىددەگە كەپتۇمىش. ئەيسا يۇسۇپ دەرھال بۇ ئادەمگە تېلېفون بېرىپ مەككىگە چاقىرتىپتۇ. سىزنىڭ ماشىنىڭىز بىلەن يېرىم كېچىدە جىددەدىن مەككىگە يېتىپ بارغان ئىبراھىم ۋاسىلى بىر مەخپىي يىغىن ئېچىپ، بىزگە قارشى پائالىيەتلەردە بولۇش ئۈچۈن قارار ئالغانمىش، بۇ توغرىمۇ؟» دەيدۇ (ئالپتېكىن، 2007:236). بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇراھمان ھىدايەتوفنىڭ 1956-يىلدىن 1958-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا قۇرغان ئىشپىيونلۇق تورى جىددە، مەككە، مەدىنە ۋە تائىف شەھەرلىرىدە خېلى كەڭ يېيىلغان. ھالبۇكى، 1959-يىلدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج ئۆمىكى ئەۋەتىشنى توختىتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇراھمان ھىدايەتوفنىڭ قىزىل خىتاي ياكى سوۋېت ئىستىخباراتى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىسى بولغان مەككىدە قۇرغان ئىشپىيونلۇق تورىمۇ يېيىلىدۇ.

هويلىسىدا ئەيسا ئەپەندى ئابدۇرەھىم ئەيسانى كۆتىدۇ، ئەمما ئابدۇرەھىم ئەيسا تاشقىرىغا چىققاندا ئۇنىڭغا ئەگىشىپ بىرقانچە ئۇيغۇر ۋە تۇڭگان ھاجىلارمۇ پەيدا بولىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۇلارنى ئەيسا ئەپەندىگە بىر-بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ، قىشىدىكى ئۇيغۇر كىشىنىڭ بېيجىڭدىكى خىتاي مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ئۇچىنچى كاتىپى ئابدۇراھمان ھىدايەتوف[77]،

[77] ئابدۇراھمان ھىدايەتوف (ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەسلىمىسىدە بۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى ئابدۇراھمان ھىدايوف دەپ يازىدۇ) - تۇرپاندا تۇغۇلغان كىشى بولۇپ، 1930-يىللاردا شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى (SAGU) نىڭ مەۋرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ئەيسا ئەپەندىنىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، ئابدۇراھمان ھىدايەتوف 1937-يىلى تاشكەنتتىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ، ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن تاكى 1943-يىلى شىڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىسى بۇزۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا سوۋېت ئىستىخباراتى ئۈچۈن مەخپىي خىزمەت قىلغان. ئىلى ئىنقىلابىدىن كېيىن سىياسىي ساھەدە قايتا كۆرۈلۈشكە باشلىغان. ئۇ خىتايچە ۋە رۇسچە تىللارغا پۇختا بولۇپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن، دەسلەپ شىنجاڭ ئۆلكىلىك تاشقى ئىشلار ئىشخانىسىدا، 1954-يىلىغىچە قەشقەر ۋىلايەتلىك دۆلەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا، 1955-يىلى تۇرپان ۋىلايەتلىك دۆلەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىدا ئىستىخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. 1956-يىلى ئابدۇراخمان ھىدايەتوف بېيجىڭغا يۆتكىلىپ، نامدا خىتاي مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىدە خىزمەت قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمما ئەمەلىيەتتە خىتاي دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئۈچۈن ئىشلىگەن. ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئەسلىمىسىدە بۇ كىشىنىڭ ھەم خىتاي، ھەم سوۋېت ئىستىخباراتى ئۈچۈن قوش بىسلىق خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى تەخمىن قىلىدۇ. 1950-يىللاردا كەشمىردىكى گىلگىتتىن جىددەگە كېلىپ يەرلەشكەن شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلاردىن ياسىن ھاجىنىڭ ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنگە ئاشكارىلىشىچە، 1953-يىلى ئابدۇراھمان ھىدايەتوف «ئابدۇرەشىت قارى» دېگەن ساختا ئىسىم بىلەن، قەشقەردىن يولغا چىققان 50 كىشىلىك بىر كارۋاننىڭ بېشى سۈپىتىدە پاكىستانغا كەلگەن. ئۇ پاكىستاندا بىر مەزگىل تۇرۇپ، كەشمىر، راۋالپىندى ۋە كاراچىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ تەيۋەن، تۈركىيە ۋە ئەرەب ئەللىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى يوشۇرۇن كۆزەتكەن. كېيىنچە شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ پاكىستان ھۆكۈمەت تەرەپكە ئەرز قىلغان. بۇنىڭ بىلەن پاكىستان دۆلەت ئامانلىق ساقچىلىرى ئۇنى تۇتۇپ سوراق قىلغان، ھەمدە

ۋە ئابدۇرەھىم قىلىچ قاتارلىق كىشىلەرنىڭ گۇناھى نېمە ئىدى؟» دەپ سورايدۇ. بۇنىڭغا ئابدۇرەھىم ئەيسامۇ، ئەتراپىدىكى قۇلاقلارمۇ جاۋاب بەرمەيدۇ. ئاخىرىدا خىتاي ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ۋۇ خوگبىن سۆز قىستۇرۇپ، ئەيسا ئەپەندىلەرنىڭ قورقماستىن ۋەتەنگە قايتىشىنى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئۇلارنىڭ چەتئەلدىكى كومپارتىيەگە قارشى پائالىيەتلىرىنى ئەپۇ قىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا يوقىرى دەرىجىدە ئەمەل بېرىدىغانلىقىدىن ۋەز ئېيتىدۇ. ئەيسا ئەپەندى: «ئەگەر بۇ كوممۇنىزم دېگەن بىزنىڭ بىلگىنىمىزدەك ۋە ماھىيىتىنى چۈشەنگىنىمىزدەك بىر تۈزۈم بولىدىغان بولسا، ئۇلارنىڭ لۇغىتىدە ئەپۇ كەلىمىسى مەۋجۇت ئەمەستۇر،» دەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى سۆھبەت ئاخىرلىشىدۇ. شۇنداق قىلىپ، ئەيسا ئەپەندى بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايرىم بىر جايدا ئۇزۇن سۆزلىشىش ئىمكانىيىتىمۇ بولمايدۇ.[78]

1957-يىللىق ھەج پائالىيىتىگە سوۋېت ئىتتىپاقى 22 كىشىلىك بىر ھەج ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ. بۇ ھەج ئۆمىكىگە ئىبراھىم كەۋشەك ئىسىملىك شىمالىي كافكازلىق بىرى ئۆمەك باشلىقى بولۇپ بارىدۇ. 7-ئاينىڭ 11-كۈنى ئەيسا ئەپەندى بىرقانچە ھەمراھلىرى بىلەن ئىبراھىم كەۋشەك باشچىلىقىدىكى سوۋېت ھاجىلىرى چۈشكەن مېھمانخانىغا كۆرۈشكىلى بارىدۇ. ئۇلار ئىبراھىم كەۋشەك بىلەن ئەمدىلا يۈز كۆرۈشۈشكە ئۈستىگە قەۋەتتىن ئىككى نەپەر سوۋېت ھاجىسى پەسكە چۈشىدۇ. ئىبراھىم كەۋشەك ئۇلارنى ئەيسا ئەپەندىگە تونۇشتۇرىدۇ. ئەيسا ئەپەندى پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ: «مەملىكىتىڭىزلەرنىڭ ئەھۋالى قانداق؟» دەپ سورايدۇ. كافكازلىق سوۋېت ھاجىلىرى: «بىزنىڭ شىمالىي كافكازنىڭ ھاۋاسى ياخشى، سۈيى ئەلۋەك،» دەپ

[78] Ömer Kul yayina hazirlayan: Esir Doğu Türkistan İçın-2: Isa Yusuf Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), ss. 167-172

ئەيسا ۋەتەنننىڭ ئەھۋالى توغرىسىدا گەپ قىلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئەيسا ئەپەندىدىن مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالىنى سورايدۇ. ئەيسا ئەپەندى ئۆزلىرىنىڭ مۇھاجىرەتتە ئۆتكۈزگەن 8 يىللىق هاياتىدا ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى ۋە نەشىر قىلغان گېزىت-ژۇرناللىرى ھەققىدە سۆزلەيدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا: «بۇ قىلغان پائالىيەتلىرىڭىز بىلەن نەشرىياتلىرىڭىز نېمىگە يارايدۇ، كاشكى!؟» دەيدۇ. ئەيسا ئەپەندى بۇ گەپنىڭ ئېيتىلىشىدىكى مەقسەتنى چۈشىنىپ: «كۆپ ئىشلارغا يارايدۇ، ئەپەندىم،» دەيدۇ-دە، «مەن سىلەرگە 8 يىللىق مۇھاجىرەت هاياتىمىزنى ئاڭلاتتىم، ئەمدى سىلەر ئۆتكەن 8 يىلدا شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن بىرنى خەۋەردار قىلامسىلەر؟» دەيدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا 1955-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇپ، ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا مىللەتلەرگە مۇختارىيەت بېرىلگەنلىكىنى ۋە ھەر ساھەدە نەتىجىلەر قولغا كېلىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. ئەيسا ئەپەندى ئۇنىڭغا يەنە سوئال قويۇپ: «مۇختارىيەتتىن گەپ ئاچتىڭىز، ئەپەندىم، مۇختارىيەت هوقۇقى بېرىلگەن بىر خەلق ئۆز يۇرتىغا مىليونلارچە كۆچمەن يەرلەشتۈرۈلسە، مال-مۈلكى تارتىۋېلىنىپ كوللېكتىپلاشتۇرۇلسا، سەرخىللىرى ‹پان-تۈركىست›، ‹پان-ئىسلامىست›، ‹يەرلىك مىللەتچى›، ‹جاڭ كەيشىنىڭ قۇيرۇقى› ۋە ‹ئامېرىكا جاسۇسى› دېگەن تۆھمەتلەر بىلەن ئۆلتۈرۈلسە، بۇنىڭغا نېمە ئۈچۈن گەپ قىلالمايدۇ؟» دەيدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قاتىل ۋە جىنايەتچى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. ئەمما ئەيسا ئەپەندى: «ئەلۋەتتە، ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئارىسىدىكى نۇر مۇھەممەد، روزى مۇھەممەد، تۇراپ قاتارلىق گومىنداڭ دەۋرىدىكى سېتىلغان مۇناپىقلار ئۆلۈمگە لايىق دېيىلگەندىمۇ، ئەمما كوممۇنىستلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مەسئۇت سابىرى، ئوسمان باتۇر، ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان، قۇربان قۇداي

# «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن ئابدۇرەھىم ئەيسا

ئابدۇرەھىم ئەيسا 1957-يىلى 7-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مەككە، مەدىنەدىكى ھەج پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، 8-ئاينىڭ بېشىدا ۋەتەنگە قايتىپ كېلىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەجدىن قايتىپ كەلگەن ۋاقىتتا چىڭداۋدا خىتاي مەملىكەتلىك مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنى ئېچىلىپ، خىتاي باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەي خىتايدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» ئېلىپ بېرىشنىڭ پەردىسىنى ئاچقان ئىدى. خۇددى سەيپىدىن ئەزىزى تەكىتلەپ ئۆتكەندەك، «چىڭداۋ يىغىنى ئەمەلىيەتتە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشكە ئىدىيەۋى تەييارلىق قىلىش يىغىنى بولغان ئىدى.»[81]

سەيپىدىن ئەزىزى يەنە 1957-يىلى 9-ئايدا خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى 8-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلغانلىقىنى، بۇ يىغىندا يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش توغرىسىدا قارار قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، ئەمما ئۆزى بۇ ۋاقىتتا موسكۋادا بولغاچقا بۇ يىغىنغا قاتنىشالمىغانلىقىنى، شۇ ئارىلىقتا موسكۋاغا كەلگەن ئۇلەنفۇدىن بۇ يىغىننىڭ تەپسىلاتىنى ئاڭلىغانلىقىنى يازىدۇ.[82]

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋاڭ ئېنماۋنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۈرۈمچىدە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت

[81] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 214-بەت؛ ب-نۇسخا، 108-بەت

[82] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 214-بەت؛ ب-نۇسخا، 108-بەت

جاۋاب بېرىدۇ. ئەيسا ئەپەندى ئۇلارغا كىنايە قىلىپ: «سىزلەردە ھاۋا ۋە سۇدىن باشقا بىر نەرسە يوقمۇ؟» دەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ھاجىلىرىنىڭ زۇۋانى تۇتۇلىدۇ.[79]

ئەيسا ئەپەندى ئەسلىمىسىدە يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى ھەج ئۆمىكى بىلەن خىتاي ھەج ئۆمىكىدىكىلەرنىڭ مەككىدىكى پائالىيەتلىرى ۋە باشقىلارغا بەرگەن تەسىرىنى سىزىپ چىقىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ يىل ھەج باھانىسى بىلەن قىزىل خىتايدىن ھەجگە كەلگەن ھاجىلارنىڭ سانى 17 نەپەر كىشى ئىدى. بۇلاردىن 9 نەپىرى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەنلەر، 8 نەپىرى خىتاي مۇسۇلمانلىرى (تۇڭگانلارنى دېمەكچى) ئىكەن. بۇ ‹خىتاي مۇسۇلمانلىرى› دېگەنلەردىن بەزىلىرىنىڭ خىتاي جاسۇسى ياكى خىتاي ئىستىخبارات خادىملىرى ئىكەنلىكىنى تەخمىن قىلدىم. راستىنى ئېيتقاندا، بىر خىتاي مۇسۇلمانى بىلەن بىر خىتاي جاسۇسىنى پەرقلەندۈرۈش ھەقىقەتەنمۇ قىيىن ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقىدىن كەلگەن قىزىل ھاجىلار شەخسلەرنىڭ ئۆيلىرىدە يېتىپ-قوپۇپ ھەج تاۋابىتىنى ئېلىپ بارغان بولسا، قىزىل خىتايدىن كەلگەن ھاجىلار جىددە، مەككە ۋە مەدىنىدە ئەڭ ھەشەمەتلىك مېھمانخانىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى.»[80]

ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە 1957-يىلى يازدا مەككىدە ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋە ئۇ باشلاپ بارغان خىتاي ھەج ئۆمىكى تەركىبىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ھاجىلار بىلەن كۆرۈشۈش جەريانى ھەققىدە مۇشۇنچىلىك مەلۇمات بېرىدۇ.

[79] Ömer Kul yayina hazirlayan: Esir Doğu Türkistan İçın-2: Isa Yusuf Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), ss. 173-174

[80] Ömer Kul yayina hazirlayan: Esir Doğu Türkistan İçın-2: Isa Yusuf Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), s. 174

سەرخىللىرىنىڭ بىرى ۋە خەلق ئارىسىدا تونۇلغان شائىر. ئۇ ئاتۇشتا قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1935-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇشقا ئەۋەتىلىپ، تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ساھەلىرىدە خىزمەت قىلغان. 1943-يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، تۈرمىگە تاشلانغان. 1946-يىلى ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلگەن. شۇندىن كېيىن ئۆلكىلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىدا ئىشلىگەن ۋە «خانتەڭرى» ژۇرنىلىنىڭ باش مۇھەررىرى بولغان. 1947-يىلى بىتىم بۇزۇلۇپ، ئەخمەتجان قاسىملار ئىلىغا قايتىشقا مەجبۇر بولغاندا ئىبراھىم تۇردىمۇ غۇلجاغا كەتكەن. 1948-يىلى غۇلجادا «ئىتتىپاق» تەشكىلاتى قۇرۇلغاندا ئىبراھىم تۇردى مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ مەدەنىيەت-مائارىپ بۆلۈمىگە مەسئۇل بولغان. 1949-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى ئىبراھىم تۇردى 15 نەپەر ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا يەرلىك مىللەت كادىرلىرى قاتارىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىندۇ. شۇ قېتىم خىتاي كومپارتىيەسىگە كاندىداتلىق سىناق مەزگىلىنى ئۆتمەيلا بىۋاستە قوبۇل قىلىنغان تۇنجى تۈركۈمدىكى ئۇيغۇر كوممۇنىستلىرى جەمئىي 8 نەپەر كىشى ئىدى. ئۇلار سەيپىدىن ئەزىزى، بۇرھان شەھىدى (مىللىتىنى ئۇيغۇر دەپ ئېلان قىلغان)، ئابدۇللا زاكىروف، ئۇيغۇر سايرانى، ئىسمائىل ياسىنوف، ئابدۇراھمان مۇھىتى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابلىمىت مەقسۇتوفلار ئىدى. 1950-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئىبرھىم تۇردى ئۆلكىلىك مەدەنىيەت-مائارىپ كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئۆلكىلىك ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1954-يىلى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرۇش ئىشى كۈنتەرتىپكە قويۇلۇپ، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن بىرمۇ قىرغىز ئاھالىسى بولمىغان ئاتۇشنى قىرغىز ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىپ قوشۇپ بېرىش تەكلىپى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تۇنجى بولۇپ ئىبراھىم تۇردى نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئۇ نەق مەيدان يىغىنىدا قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنى قىرغىزلار مەركەزلىك ئولتۇراقلاشقان ئاقچى ناھىيەسى بىلەن ئۇلۇغچات ناھىيەسىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇشنى، ئاتۇشنى ئايرىم شەھەر قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ (ئابدۇقادىر زۇنۇنى، 1993:100-103). ھالبۇكى، ئىبراھىم تۇردىنىڭ بۇ پىكرى كېيىنچە ئۇنىڭ «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقىنى كىيىشىدە دەلىل-پاكىت قىلىنىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ۋە قۇرۇلغاندىن كېيىنكى جەرياندا ئىبراھىم تۇردى سەپداشلىرى زىيا سەمەدى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالار بىلەن بىرلىكتە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غايىسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى ئىبراھىم تۇردى «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى»

قوزغاشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىدۇ. 12-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئىنتايىن داغدۇغا بىلەن «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەشكە سەپەرۋەرلىك قىلىش» يىغىنى ئېچىلىدۇ. مەيلى ئۇيغۇر كادىرلار ياكى قازاق كادىرلار بولسۇن، ھەتتا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىمۇ ئەينى ۋاقىتتا بۇ ھەرىكەتنىڭ بۇنچىلىك دەھشەتلىك رەۋىشتە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلمىغان ئىدى. شۇڭا سەيپىدىن ئەزىزى يىغىننىڭ كەيپىياتىنىڭ ئىنتايىن سۈرلۈك بولغانلىقىنى، ئابدۇللا زاكىروۋ باشچىلىقىدىكى بىر قىسىم مىللىي كادىرلارنىڭ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ رىياسەتچىلىك قىلىشى بىلەن مەيدانغا سەكرەپ چىقىشىپ، تىغ ئۇچىنى ئىلى ئىنقىلابى جەريانىدا يېتىشىپ چىققان بىر تۈركۈم يوقىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا قارىتىشقا باشلىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.[83]

دەل مۇشۇ يىغىندا خۇددى ئالدىن كېلىشىۋالغاندەك زىيا سەمەدى[84]، ئىبراھىم تۇردى[85] ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسا،

---

[83] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 216-بەت؛ ب-نۇسخا، 109-بەت

[84] زىيا سەمەدى (1914-2000) يىگىرمىنچى ئەسىر ئۇيغۇر سىياسىي تارىخىدىكى كۆرنەكلىك شەخس ۋە ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ مۇھىم ۋەكىللىرىدىن بىرى. 1940-يىللاردىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. «11 بىتىم» ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ئەخمەتجان قاسىملار بىلەن بىرلىكتە ئۈرۈمچىگە كېلىپ، ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى زىيا سەمەدى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغاندا، ئۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا زىيا سەمەدى خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئىمگەك لاگېرلىرىغا سۈرگۈن قىلىنىپ، ئازاب چېكىدۇ. 1961-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئالمۇتا شەھرىگە يەرلىشىپ، ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشىدۇ. «ئىلى دەرياسى بويىدا»، «مايىمخان»، «يىللار سىرى»، «غېنى باتۇر»، «ئەخمەت ئەپەندى» قاتارلىق بىر يۈرۈش رومان ۋە پوۋېستلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ كۆرنەكلىك يازغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ.

[85] ئىبراھىم تۇردى (1914-1971) يىگىرمىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇر سىياسىي

دەھشەتلىك سىياسىي ھۇجۇمنىڭ بىرىنچى نىشانى قىلىندۇ. ئۇلارغا بىردەك «ئوڭچى»، «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى»، «تەتۈر ئىنقىلابچى»، «ئۇيغۇرىستانچى»، «خەنزۇلارغا قارشى» دېگەندەك قالپاقلار كىيدۈرۈلىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزى بۇ ھەقتە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش مەجلىسى بارغانچە كۈچىيىپ بىرىنچى ئوت ئىبراھىم تۇردى بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيساغا قارىتىلدى. ئۇلاردا يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئېغىر ئىدى. ئۇلارنى يادرو قىلىش ئۈچۈن ‹تەتۈر ئىنقىلابچى› دېگەن نام بىلەن كۈرەش قىلىندى. ئابدۇرەھىم ئەيسا چىدىمىغاندا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى.»[88]

سەيپىدىن ئەزىزى 1957-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش يىغىنىدا، ئابدۇرەھىم ئەيساغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان ھۇجۇمنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. ئەمما ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئىنىسى مەرۇپ ئەيسا يازغان «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى» ناملىق ئەسلىمدە بۇ ھەقتە تەپسىلىي مەلۇماتلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئەسلىمدىكى مۇنۇ قۇرلار دىققىتىمىزنى تارتىدۇ: «بۇ ھەرىكەتكە ماۋ زېدوڭ بىۋاسىتە تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ شىنجاڭدىكى قوماندانلىق قىلدى. ھەرىكەتنىڭ شىنجاڭدىكى قوماندانى ۋاڭ ئېنماۋ ئۆزىنى پەردىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇپ، سەيپىدىن ئەزىزىنى سەھنىگە

---

ھەرىكەت» باشلانغاندا ئۇلارنىڭ «جىنايەتلىرى» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئابلىز قارى 1957-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرى زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالار بىلەن بىر قاتاردا «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ تارتىپ چىقىرىلغاندا، ئۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى.

[88] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە3-)، ئا-نۇسخا، 218-بەت؛ ب-نۇسخا، 110-بەت

دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ كۆرەش قىلىنغانىدا، ئۇ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خىتاي كومپارتىيەسىدىن چىقىرىلىپ، كېيىنكى ھاياتى ئەمگەك لاگېرلىرىدا ۋە تەقىپ ئاستىدا ئۆتىدۇ. 1971-يىلى خىتاينىڭ زىيانكەشلىكى بىلەن ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

[86] ئابدۇرەھىم سەئىدى 1957-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرى زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالار بىلەن بىر قاتاردا «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ تارتىپ چىقىرىلغانىدا، ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى ئىدى. ئابدۇرەھىم سەئىدى 1956-يىلى 12-ئايدىن 1958-يىلىنىڭ باشلىرىدا «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاق بىلەن كۆرەشكە تارتىلغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى بولغان. 1958-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئابدۇرەھىم سەئىدى ھەققىدە مۇنداق ئەيىبنامە ئېلان قىلغان: «1957-يىلدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ماي كېڭەيتىلگەن يىغىنىدىن پايدىلىنىپ، بىر ئۈچۈم ئۇيغۇر ئۈگچى ۋە ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلەر ئۇتقۇيرۇقلۇق قىلىپ، باشقىلارنى قۇترىتىپ، پارتىيەگە قارشى غالجىرانە ھۇجۇم قوزغىدى. پارتىيەگە كۆز بوياپ كىرىۋالغان سىنىپىي يات ئۇنسۇر ئابدۇرەھىم سەئىدى بىلەن ئابلىز قارىمۇ ئۇلار بىلەن ئۆز-ئارا ماسلىشىپ، پارتىيەگە زەھەرلىك ئوق ئاتتى.» («ئالغا» ژۇرنىلى، 5:1958) سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى دوباشىن، 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 7-كۈنى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرىتارى لۈ جيەنرېن (吕剑人) بىلەن سۆزلىشىدۇ. لۈ جيەنرېن سوۋېت كونسۇلى دوباشىنغا: «ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھىم سەئىدى ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلىك خاھىشىغا ئىگە ئۇيغۇر كادىرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۈرۈمچى شەھىرىدىن خىتايلارنى تەلتۆكۈس قوغلاپ چىقىرىشنى، ئۈرۈمچىنى تولۇق ئۇيغۇرلاشتۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان.» دېگەن. دوباشىن بۇ بايانلارنى شۇ يىلى 1-ئاينىڭ 10-كۈنى موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا تىلغا ئالىدۇ (ULR-7).

[87] ئابلىز قارى ئاتۇشتا تۇغۇلغان. 1950-يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتىنىڭ نازىرى بولغان. 1954-يىلى خىتاي ھۆكۈمىتى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇشنى قارار قىلغانىدا، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەكلىپى بىلەن ھېچقانداق قىرغىز ئاھالىسى بولمىغان ئاتۇشنى قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابلىز قارى، ئىبراھىم تۇردى قاتارلىق ئۇيغۇر كادىرلار ئوتتۇرىغا چىقىپ، بۇ لايىھەگە نارازىلىق بىلدۈرىدۇ. ئابلىز قارى بىلەن ئىبراھىم تۇردىنىڭ شۇ قېتىم بەرگەن ئۆتكۈر پىكىرلىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى

چالۋاقاپ، ھە دېسىلا «ئابدۇرەھىم ئەيسادا مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بار» دەپ جار سېلىپ، باشقىلار تەرىپىدىن ئېيتىلغان راست-يالغان پىكىرلەرگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، ئابدۇرەھىم ئەيساغا زادىلا ئارام بەرمىدى.»[90]

شۇنداق قىلىپ، شۇ قېتىملىق چوڭ يىغىندا زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئابدۇرەھىم سەئىدى، ئابلىز قارى قاتارلىق نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى 5 نەپەر ئۇيغۇر كادىر نۇقتا قىلىنىپ، كۈرەشكە تارتىلدى. ئەسلىدە بىر ھەپتە ئېچىش پىلانلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» يىغىنى كەينىگە سوزۇلۇپ، بارغانسېرى سىياسىي كەيپىيات يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈستىدىكى كۈرەش ئۇدا 16 كۈن داۋام قىلىندى. بۇ جەرياندا ئابدۇرەھىم ئەيسا روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق چارچىغان بولسىمۇ، ئەمما قەتئىي

ئېلىۋاتقاندا ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەن تەپسىلاتلارنىڭ ھەممىسىنى سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن ۋاڭ ئېنماۋغا دوكلات قىلىدۇ. 1957-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرى ئۇ ئۈرۈمچىدىكى چوڭ يىغىندا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىك» قىلمىشلىرىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ، ئۇنىڭ ھەج مەزگىلىدە چەتئەلدىكى «پان-تۈركىست» ۋە «بۆلگۈنچى» ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن، پولات قادىرىلار بىلەن مەككىدە مەخپىي كۆرۈشكەنلىكىنى، ئىستانبۇل مېھمانخانىسىدا دۆۋلەتبېك ئىسىملىك ئامېرىكا ئىستىخباراتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بىر قازاق جاسۇس بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇ سوۋغا قىلغان پاتېفون تەخسىسىنى ۋەتەنگە ئېلىپ كەلگەنلىكىنى پاش قىلغان. ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق سوۋېت ئىتتىپاقى باش كونسۇلى دوباشىن 1958-يىلى 20-يانۋاردا موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا، 17-يانۋار كۈنى كەچقۇرۇن ئۈرۈمچىدە ۋاڭ ئېنماۋ ۋە سەيپىدىن ئەزىزلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۆزىگە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىك جىنايەتلىرى»نى ئۇنىڭ ئۇزۇن يىللىق دوستى، شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ھېۋزۇللايوفنىڭ پاش قىلغانلىقىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى يازىدۇ (URL-4).

[90] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 9-بەت

چىقىرىپ قويدى. ئۇ يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتىنىڭ سەپەرۋەرلىك يىغىنىدا، خىتايلار تەييارلاپ بەرگەن «يەرلىك مىللەتچىلىككە قەتئىي قارشى تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلايلى» دېگەن دوكلاتنى ئوقۇپ، ئۇيغۇرىستانلىق ۋەتەنپەرۋەرلەرگە قارشى بىرىنچى ئوقنى ئېتىپ بەردى. كېيىن يىغىندىكى كادىرلار سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ دوكلاتىنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ مۇزاكىرە قىلدى. ئاخىرىدا پاش قىلىش ۋە «يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى بار» دەپ قارالغان كادىرلار ئۈستىدىن كۈرەش قىلىش باشلاندى. ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتناشقان گۇرۇپپىدا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ھېۋزۇللايوف[89] مۇ بار بولۇپ، ئۇ ئەسەبىيلەرچە

---

[89] ئىسمائىل ھېۋزۇللايوف (1913 ـ 1993) تۇرپاندا تۇغۇلغان، 1930 ـ يىللاردىكى مىللىي ئىنقىلابقا قاتنىشىپ، گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قوشۇنى بىلەن بىرلىكتە قەشقەرگە بارغان. 1935 ـ يىلىدىن باشلاپ شېڭ شىسەي ھۆكۈمىتى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىشكە باشلىغاندا گېنېرال مەھمۇد مۇھىتىنىڭ تەلىپى بىلەن قەشقەردىن 12 ئوقۇغۇچىغا سان بېرىلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە سەيپىدىن ئەزىزى، سەيدۇللا سەيپۇللايوف، ئابلىمىت مەقسۇتوف، ئىسمائىل ھېۋزۇللايوف قاتارلىق ياشلار بار ئىدى. ئىسمائىل ھېۋزۇللايوف 1937 ـ يىلى تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتى (SAGU) نىڭ مەمۇرىي ھوقۇق فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلىغا تەقسىم قىلىنىپ، غۇلجادا ئۇزۇن مەزگىل مائارىپ ساھەسىدە ئوقۇتقۇچى ۋە مەكتەپ مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ 1954 ـ يىلى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن. مەرۇپ ئەيسانىڭ بايان قىلىشىچە، ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن ئىسمائىل ھېۋزۇللايوف ھەر ئىككىسىنىڭ ئائىللىرى غۇلجا تاتارلىرىدىن بولۇپ، يېقىن ساۋاقداشلاردىن ئىكەن. شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى ئائىلىنىڭ بېرىش-كېلىشى قويۇق بولغان. ئابدۇرەھىم ئەيسامۇ ئىسمائىل ھېۋزۇللايوف بىلەن يېقىن دوست بولۇپ ئۆتكەن («مەرۇپ ئەيسا [گىساروف] بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى»، 2019 ـ 03 ـ 24/05 ـ 04). ھالبۇكى، 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» تە ئىسمائىل ھېۋزۇللايوف ۋاڭ ئېنماۋنىڭ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ يوليورۇق بېرىشى بىلەن، يېقىن دوستى ئابدۇرەھىم ئەيساغا خىيانەت قىلىپ، ئۇنى «يەرلىك مىللەتچى» دەپ ئەيىبلەيدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ، بورتالا ئارشاڭدا دەم

ئەۋەتىلدى. شۇندىمۇ ئابدۇرەھىم ئەيسانى باش ئەگدۈرۈش مۇمكىن بولمىدى. ئۇ شىددەتلىك بوران-چاپقۇنلاردا ئېگىلمەي تىك تۇرغان قارىغايدەك، خىتايىنىڭ قاتمۇ-قات بېسىملىرىغا پىسەنت قىلماي بېشىنى تىك تۇتۇپ، مەغرۇر هالدا تۇردى. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مەغرۇرلۇقىدىن ئۇغىسى قايناپ كەتكەن خىتايلار «كۈرەش قىلىش» نىڭ 16-كۈنى كۈرەشنى يوقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۇنى ئۇزۇل-كېسىل مات قىلماقچى بولدى. ئۇنى پاش قىلىش ئۈچۈن ئۆزلىرى تەربىيەلەپ تەييار قىلغان پارتىيە ئاكتىپى ئىسمائىل هېۋزۇللايوفنى مۇنبەرگە چىقىرىدۇ.»[92]

مەرۇپ ئەيسانىڭ يېزىشىچە، ئىسمائىل هېۋزۇللايوف شۇ كۈنى مۇنبەرگە چىقىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەن گەپ-سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنى بىرمۇ-بىر ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئالدىغا تاشلايدۇ. ئەسلىدە ئابدۇرەھىم ئەيسا 1957-يىلى 8-ئاينىڭ باشلىرىدا ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئائىلىسىنى ئېلىپ بورتالا ئارشاڭغا بىر مەزگىل دەم ئېلىشقا بارىدۇ. بۇ ۋاقىتتا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» نى قانداق ئېلىپ بېرىشنىڭ چوتىنى سوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرىتارى ۋاڭ ئېنماۋ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ يېقىن دوستى، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل هېۋزۇللايوفنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭدىن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەج تاۋابىتى جەريانىدىكى

---

كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى قىلمىشلىرى ئۈچۈن مەندىن كەچۈرۈم سورىدى. ئۆزىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بېسىمى سەۋەبلىك، ئامالسىزلىقتىن ئابدۇرەھىم ئەيسانى ئەيىبلىگەنلىكىنى تىلغا ئالدى...» («مەرۇپ ئەيسا [گىساروۋ] بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى»، 03-24/05-04-2019).

[92] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 7-بەت

بوي بەرمەيدۇ. ئۇ باشتىن ئاخىرى ئۆزىنىڭ ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ ھەق گەپ قىلغانلىقىنى، كومپارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە ئاپتونومىيە مەسىلىسى توغرىلىق ئۆزىنىڭ ئىلگىرى بەرگەن پىكىرلىرىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىنى تەكىتلەيدۇ.

مەرۇپ ئەيسا ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شۇ كۈنلەردىكى قىيىن ئەھۋالىنى ئەسلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1958 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيى كىرىش بىلەن كۆرەش يىغىنى قىزىپ كەتتى. بىر ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۈستىدىكى كۆرەش يىغىنى 16 كۈن داۋام قىلدى. ئۇنىڭ ئۆزىنى تەكشۈرۈشى خىتاي رەھبەرلىرىگە زادىلا ياقمىدى. ئۇنىڭ ‹مەسىلە تاپشۇرۇشىغا ياردەم قىلىش› ئۈچۈن ئىدىيەسى قىزىللاشقان ھېۋۋۇللا سوت (ھەبىبۇللا مۇتەللىپ)[91]

---

[91] ھەبىبۇللا مۇتەللىپ ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان كىشىلەرنىڭ بىرى. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان. شۇ سەۋەبتىن غۇلجا ئۇيغۇرلىرى ئۇنى «ھېۋۋۇللا سوت» دەپ ئاتىغان. 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا ئۇ ئابدۇرەھىم ئەيسانى «يەرلىك مىللەتچى» دەپ ئەيىبلەشتە ئاكتىپلىق قىلغان. بۇ ھەقتە مەرۇپ ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: «ئاكام ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەبىبۇللا مۇتەللىپ بىلەن شەخسىي ئاداۋىتى يوق ئىدى. ئەمما يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەتتە ھەبىبۇللا مۇتەللىپ ئاكامغا قارشى مەيدانغا چىقىپ، ئورغۇن ھۆججەت خاراكتېرلىق ئەيىبلەشلەردە بولدى. ئاكام 1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېچىدە ئۆزۈمچىدە سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ 3 كۈندىن كېيىن، يەنى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن جەستى غۇلجاغا ئېلىپ كېلىنگەندە، شۇ ئايروپىلاندا ھەبىبۇللا مۇتەللىپمۇ بار ئىدى. ئۇ غۇلجادا ئائىلىمىزگە كۆپ بېسىم ئىشلىتىپ، ئاكامنىڭ مېيتىنى جامائەتسىز ھالدا دەرھال يەرلىككە قويۇۋېتىشىمىزنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان ھۆكۈمەت كادىرلىرىنىڭ بىرى ئىدى. كېيىن غۇلجىدىكى جامائەت ئارىسىدا ھېۋۋۇللا سوت (ھەبىبۇللا مۇتەللىپ) ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئورنى (ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) غا چىقىش ئۈچۈن ئاكتىپلىق قىلىپ ھۆكۈمەتنىڭ كەتمىنىنى چېپىۋېتىپتۇ، دېگەن گەپلەر تارقالدى. ھەبىبۇللا مۇتەللىپمۇ 1962 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتتى ۋە ئالمۇتادا ياشىدى. ئۇ كېيىنكى يىللاردا ئالمۇتادا مەن بىلەن

«سەن توردىن چۈشۈپ قالغان سىنىپىي يات ئۇنسۇر، پارتىيەگە كۆز بوياپ كىرىۋالغان سىنىپىي دۈشمەنسەن! ئېيتقىنا، ھازىر ھېۋىرزۇللايوف پاش قىلغان مەسىلەڭنى نېمىشقا ئۆزلىكىڭدىن پاش قىلمايسەن؟ بۇ سېنىڭ پارتىيەگە ئىشەنمىگەنلىكىڭ ئەمەسمۇ؟ كاللاڭنى سىلكىۋېتىپ بار مەسىلەڭنى تولۇق تاپشۇر!» دەپ

---

ئازاد قىلىش ئۇرۇشلىرىغا قاتناشقان. ئىلگىرى-كېيىن مىللىي ئارمىيەنىڭ باتالىيون ۋە پولكلىرىدا شتاب باشلىقى، سىياسىي بۆلۈم باشلىقى، مىللىي ئارمىيە باش سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. 1950-يىلى 4-ئايدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولغان. شۇ يىلى مىللىي ئارمىيە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، سەۋدانوف زاھىر 5-كورپۇسىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1952-يىلى 5-كورپۇس ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، مىللىي ئارمىيە تارقىتىلىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇ ئۈرۈمچىگە يۆتكىلىپ، شىنجاڭ ھەربىي رايونى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. 1955-يىلى گېنېرال مايورلۇق ھەربىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. شۇندىن كېيىن تاكى 1985-يىلىغىچە شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن سىياسىي كومىسسارى بولغان. ئاخىرقى يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان. سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىنىڭ 3-تومىدا زاھىر سەۋدانوفنىڭ 1950-يىللارنىڭ باشلىرىدا 5-كورپۇسنىڭ سىياسىي كومىسسارى دۇڭ شىڭيۇڭگە ماسلىشىپ، ئۇلىدا بىر قىسىم كادىرلار، دىنىي زاتلار، بايلار ۋە مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ناھەق باستۇرۇلۇشىدا رول ئوينىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. 1952-يىلى ۋاڭ جېن تەنقىد قىلىنىپ ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلانغاندا، خىتاي كومپارتىيەسى غەربىي-شىمال بيۇروسىنىڭ ئىككىنچى سېكرېتارى شى جۇڭشۈن غۇلجاغا بېرىپ، دۇڭ شىڭيۇن، ئەنۋەر جاكۇلىن، زاھىر سەۋدانوف قاتارلىقلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلايدۇ، ھەممە ئۇلارنى ئۈرۈمچىگە يۆتكەپ يوقىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى كۈتۈشنى بۇيرۇيدۇ (ئەزىزى، ئەسلىمە-3، A:120؛ B:59-60). زاھىر سەۋدانوف 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلانغاندا ئاكتىپلىق بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق ئۇيغۇر كادىرلارنى «يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلەيدۇ ۋە قاتتىق ھۇجۇم قىلىدۇ (ئەيسا [گىساروۋ]، 1990:7-8). زاھىر سەۋدانوف ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى «5-كورپۇسنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى» ناملىق كىتابىنى نەشر قىلدۇرىدۇ. بۇ كىتابنىڭ خىتايچە ماقالىسىنى ۋاڭ جېن، كىرىش سۆزىنى ۋاڭ ئېنماۋ يېزىپ بېرىدۇ (ساۋدانوۋ، 1989:01-04).

پائالىيەتلىرى، ئۇ يەردە كىملەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، نىمىلەر دېيىشكەنلىكى، شۇنداقلا ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پارتىيەگە دوكلات قىلمىغان مەخپىي ئىشلىرىنى كوچىلاپ بىلىپ بېقىشقا بۇيرۇيدۇ. دېگەندەك، ئىسمائىل ھېۋزۇللايوفمۇ ئائىلىسىنى ئېلىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كەينىدىن بورتالا ئارشاڭغا بارىدۇ. يېقىن دوستىغا ئىشەنگەن ئابدۇرەھىم ئەيسا، ھەج پائالىيىتى جەريانىدا كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى ۋە بىر قىسىم ئىچكىي ئەھۋاللارنى ئىسمائىل ھېۋزۇللايوفقا سۆزلەپ بېرىدۇ. ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتمەيلا ئابدۇرەھىم ئەيسا «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى بىلەن تارتىپ چىقىرىلغاندا، ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىسمائىل ھېۋزۇللايوف يۈزىدىكى نىقابىنى يىرتىپ تاشلاپ، ئابدۇرەھىم ئەيساغا شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتىدۇ. ئۇ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەج مەزگىلىدە مەككىدە ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن، پولات قادىرى قاتارلىق «بۆلگۈنچى» ۋە «پان-تۈركىست» لار بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەنلىكىنى، قايتاشىدا دەۋلەتبەگ دېگەن ئامېرىكا ئىستىخباراتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بىر قازاق كىشى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇ سوۋغات قىلغان پاتىفون پىلاستىنكىسىنى ئوغرىلىقچە ۋەتەنگە ئېلىپ كەلگەنلىكى قاتارلىق بىر قاتار «جىنايەت» لەرنى پاش قىلىدۇ.[93]

ئىسمائىل ھېۋزۇللايوفتىن كېيىن سۆزگە چىققان زاھىر سەۋدانوف[94] ئابدۇرەھىم ئەيسانى قوپاللىق بىلەن سەنلەپ تۇرۇپ:

---

[93] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 7-بەت

[94] زاھىر سەۋدانوف (1920-2007) كېيىنكى ھاياتىدا كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت قىلغان ۋە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن شەخس. ئۇ 1944-يىلى 11-ئايدا ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان، ئىلىدىكى ھەرەمباغ ئۇرۇشى ۋە غۇلجا ئايرودرومىنى ئېلىش ئۇرۇشلىرىدا بولغان. ئاندىن مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوتتۇرا يۆنىلىش فرونتىدا جىڭ، شىخو، يەنزىخەي ۋە ماناسنى

سەمەدى، خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ نازىرى ئىبراھىم تۇردى، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ باشلىقى ئابدۇرەھىم سەئىدى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرەھىم ئەيسا، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئىمىنوف، كورلا مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى تۇرسۇن ئىسرائىلوف، مائارىپ نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى قۇربانوف ۋە جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى ئەلىيېۋ قاتارلىق كىشىلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 16-يانۋار كەچقۇرۇن ياتىقىغا قايتىپ، شۇ كېچىسى ۋاقىت 17-يانۋارغا ئۆرۈلگەن بىر پەيتتە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭ ھەج سەپىرىدە تۈركىيەدىكى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەنلىكىنى، ھەج مەزگىلىدە ئۇنىڭ يەنە دەۋلەتبەگ ئىسىملىك ئامېرىكا جاسۇسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى، بۇ قازاق كىشىنىڭ 2-دۇنيا ئۇرۇشىدا گېرمانلارغا ئەسىرگە چۈشكەن سوۋېت ئەسكىرى ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ئاخىرىدا ۋاڭ ئېنماۋ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەجدىن قايتىپ كېلىپ، ئامېرىكا جاھانگىرلىكىنى ماختايدىغان گەپ-سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى، «ئامېرىكا ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەرەب دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولدى» دېگەنلىكىنى، «ئامېرىكالىقلار بولغانلىقى ئۈچۈن ئەرەبلەرنىڭ ئەھۋالى شىنجاڭدىكى مىللەتلەردىن كۆپ ياخشى» دېگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. ۋاڭ ئېنماۋ ئاخىرىدا ئابدۇرەھىم ئەيسا توغرىلىق يوقىرىدا دېيىلگەن ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ يېقىن دوستى، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ھېۋىزۇللايوفنىڭ پاش قىلغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.[96]

[96] “Memorandom of a Discussion held by USSR Consul-General in Ürümchi, G. S. Dobashin, with First Secretary of the Party Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade

بىرمۇنچە ھاقارەتلىك سۆزلەرنى قىلىدۇ.[95]

ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈچۈن خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ سۇيىقەستلىك ھۇجۇملىرى ئەمەس، بەلكى ئەڭ يېقىن دوستلىرى ۋە سەپداشلىرىنىڭ ئۆزگە قىلغان ساتقىنلىقى، بولۇپمۇ مىللەتنىڭ تەقدىرى ئەڭ قىيىن كۈنلەردە تۇرۇۋاتقان بىر پەيتتە ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئەمەس، خىتاي كومپارتىيەسى ئۈچۈن كەتمەن چېپىشى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ تارىخنىڭ تەتۈر تەرىپىدە تۇرۇشى، ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ئازابلايدۇ. قەلبى لەختە-لەختە بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسا شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا باش ئەگمەيدۇ.

مەرۇپ ئەيسانىڭ ئەسلىمىسىدىكى بۇ بايانلار، يەنى شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ھېۋىزۇللايوفنىڭ دوستى ئابدۇرەھىم ئەيسانى پاش قىلغانلىقى ھەققىدىكى تەپسىلاتلارنىڭ توغرىلىقى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق باش كونسۇلى دوباشىننىڭ 1957-يىلى 1-ئاينىڭ 20-كۈنى موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدىكى بايانلار بىلەن دەلىللىنىدۇ. دوباشىننىڭ دوكلاتىدا بايان قىلىنىشىچە، 1957-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى كەچتە ئۇ ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزىنى ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلخانىسىغا كەچلىك تاماققا تەكلىپ قىلىدۇ. زىياپەتتە ۋاڭ ئېنماۋ بىر ئايدىن بۇيان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا قانات يايدۇرۇلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» نىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دوباشىنغا مەلۇمات بېرىدۇ. ۋاڭ ئېنماۋ يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ۋە خاھىشى ئەڭ ئېغىر بولغان ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى زىيا

[95] مەرۇپ ئەيسا (گىسارۇف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 8-7-بەتلەر

شۇ كۈنى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دوستى ئىسمائىل ھېۋىزۇللايوف بىلەن زاھىر سەۋدانوف، ئابدۇرەھىم ئەيساغا قارشى شىددەتلىك ھۇجۇم ۋە تەنقىد ئېلىپ باردۇ.

كەچقۇرۇن يىغىن ئاخىرلاشقاندا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كەيپىياتى بىردىنلا ئۆزگىرىدۇ ۋە يۈرىكى مۇجۇپ ئاغرىشقا باشلايدۇ. ئۇ قاتتىق روھىي بېسىم تۈپەيلىدىن چارچىغان ئىدى. مەرۇپ ئەيسا ئاكىسىنىڭ شۇ كۈندىكى ئەھۋالى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مۇشۇ خىلدىكى يالا-تۆھمەتلەر بىلەن ئاچچىق ھاقارەتلەر تەسىر قىلدى بولغاي، يىغىن ئاخىرلىشىپ ياتاققا چىقىپ كېتىۋاتقاندا، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ يۈرىكى مۇجۇپ ئاغرىشقا باشلايدۇ. ئۇ كارىۋىتىغا يېتەلمەي داق پولنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشۇپ قالىدۇ. باشقىلار ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويىدۇ.»[98]

بۇ مەزگىلدە باشقا ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلاردىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان كادىرلار، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىكەن. مەرۇپ ئەيسانىڭ بايان قىلىشىچە، ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى جاغدا بابالىكوف[99]

---

[98] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 8-بەت

[99] جاغدا بابالىكوف (1917-2010) شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاقلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق سىياسىيون ۋە قازاق مىللەتچىسى بولۇپ، ئۇنىڭ سىياسىي سەھنىدىكى پائالىيەتلىرى 1950-يىللاردا يۇقىرى پەللىگە چىققان. جاغدا بابالىكوف چۆچەكتە تۇغۇلغان بولۇپ، 1940-يىللاردا ئىلى ئىنقىلابىغا قاتنىشىپ، تارباغاتاي ۋىلايىتىدىن تەشكىللەنگەن مىللىي ئارمىيە قىسىملىرىدا پولك كوماندىرى بولغان. 1949-يىلدىن كېيىن سىياسىي ۋە مەمۇرىي خىزمەتكە يۆتكىلىپ، دەسلەپ تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولغان. 1955-يىلى ئۇ پاتىخان سۇگىربايوفنىڭ ئورنىغا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىككىنچى قارارلىق ئوبلاست باشلىقى بولغان. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇرەھىم ئەيسا ئىلى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى. ئۇلار

## ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى

1958-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈستىدىن ئېلىپ بېرىلغان كۈرەش يىغىنىنىڭ كەيپىياتى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلدۇ. ۋاڭ ئېنماۋ پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ «ئۆز يېغىدا ئۆز گۆشىنى قورۇش» تاكتىكىسى بويىچە، بىر قىسىم ئۇيغۇر كادىرلارنى ئابدۇرەھىم ئەيساغا قارشى سەھنىگە چىقىردۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى ئابدۇرەھىم ئەيسا مەسىلىسىدە قانداقتۇر سىرلىق بىر خىل پوزىتسىيەدە بولىدۇ. ئۇ كۈرەش يىغىنىدا ئىمىنوفنى «يەرلىك مىللەتچى» دەپ تارتىپ چىقىرىشنى توسقان، ئۇنى قوغدىغان بولسىمۇ، ئەمما زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارغا كەلگەندە ئارا تۇرالمايدۇ، سۈكۈت قىلىدۇ، ھەتتا ئۇلاردا «يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئېغىر» دەپ تەنقىد قىلىدۇ.[97]

---

Wang Enmao, and Chair of the People's Committee, Comrade S. Azizov", January 17, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 54-56; Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175894 )

[97] "M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov" August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176, Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901 )

مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ۋە قىلمىشلىرى» نى چوڭ يىغىندا تولۇق تاپشۇرۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسا يىغىندىن كېيىن ھارغىن ھالدا ياتىقىغا قايتىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي-قانۇن باشقارمىسىنىڭ باشلىقى، قوشۇمچە جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى ئەنۋەر جاكولىن[100] جاغدا بابالىكوفنى ئۈيگە

---

[100] ئەنۋەر جاكولىن (1921-1975) كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن ئاكتىپلىق بىلەن خىزمەت قىلغان يۇقىرى دەرىجىلىك قازاق كادىرلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1940-يىللاردا ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان. شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن چاغانتوقاي ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى بولغان. ئەنۋەر جاكولىن 1949-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى خىتاي كومپارتىيەسى شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن، كاندىداتسىز ھالدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنغان تۇنجى تۈركۈمدىكى 15 نەپەر كوممۇنىستنىڭ بىرى بولۇپ قالىدۇ (朱培民/王宝莹, 2015:122). ئۇ 1950-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك چارۋىچىلىق نازارىتىنىڭ مۇئاۋىن نازىرى، ئاندىن ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. بۇ مەزگىلدە ۋاڭ جېن، دېڭ لىچۈن ۋە 5-كورپۇسنىڭ سىياسىي كومىسسارى دۇن شىڭيۈن قاتارلىق خىتاي كوممۇنىستلىرىغا ماسلىشىپ، ئىلىدا بىر قىسىم يەرلىك كادىرلار، دىنىي زاتلار، بايلار ۋە مىللىي ئارمىيە ئوفىتسېرلىرىنىڭ ناھەق باستۇرۇلۇشىدا رول ئوينايدۇ. 1952-يىلى ۋاڭ جېن يىقىلغاندا ئەنۋەر جاكولىن ئىلى ۋالىيلىقىدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل ئۆگىنىش قىلىدۇ (ئەزىزى، 3-ئەسلىمە، A:120؛ B:59-60). ۋاڭ ئېنماۋ ۋاڭ جېننىڭ ئورنىغا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارلىقىغا تەيىنلەنگەندىن كېيىن، ئەنۋەر جاكولىن قايتىدىن ئەتىۋارلىنىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئىتى، قوشۇمچە سىياسىي-قانۇن بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 1956-يىلدىن بۇيان ئەنۋەر جاكولىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن كۆپلىگەن ئۇيغۇر، قازاق زىيالىيلىرى، بىلىم ئىگىلىرى ۋە ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى «بۆلگۈنچى»، «پان-تۈركىست» دېگەندەك قالپاقلار بىلەن ئەيىبلەپ تۇتقۇن قىلىشتا ۋە تۈرمىلەرگە قاماشتا رول ئوينىغان. يازغۇچى سۆيۈنگۈل چانىشېۋ 1963-يىلى شىنجاڭ تىببىي ئۇنىۋېرسىتېتىدىن ئۆزى بىلەن بىر قاتاردا قولغا ئېلىنغان ئۇيغۇر ستۇدېنتلارنى، ئەنۋەر جاكولىننىڭ شەخسەن ئۆزى سوراق قىلغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ (چانىشېۋ، 2013:164-166). خىتاي

بىلەن بىللە تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 2-قەۋەت 214-نومۇرلۇق ياتىقىغا ئورۇنلاشقان ئىكەن.

1958-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈستىدىكى كۈرەش يىغىنى گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئېلىپ بېرىلدى. بۇ كۈنى يىغىن ئاخىرلاشقاندا ئابدۇرەھىم ئەيسا چارچىغانلىقتىن بىردىنلا ھالسىزلىنىپ كېتىدۇ. يىغىن رىياسەتچىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئەتىسى، يەنى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۆزىنىڭ «يەرلىك

---

ئىككەيلەن 1957-يىلى 12-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۈرۈمچىگە بىرلىكتە چاقىرتىلىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» كە سەپەرۋەرلىك قىلىش بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنىغا قاتنىشىدۇ، ھەمدە تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 2-قەۋەت 214-نومۇرلۇق ياتىقىدا بىللە تۇرىدۇ. 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى كېچىدە ئابدۇرەھىم ئەيسا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، جاغدا بابالىكوف روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلۈككە ئۇچرايدۇ ۋە گەپ قىلماس بولۇۋالىدۇ. 1958-يىلى 6-ئايغا بارغاندا جاغدا بابالىكوف ئىلى ئوبلاستىدا ئېچىلغان كېڭەيتىلگەن يىغىندا «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى بىلەن تارتىپ چىقىرىلىپ، كۈرەش قىلىنىدۇ. كېيىنچە چارە كۆرۈلۈپ تۈرمىگە قامىلىدۇ. جاغدا بابالىكوف 1961-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىقىپ، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىدە ئولتۇراقلىشىدۇ. كېيىنكى ھاياتىدا ئۇ قازاق تىلى، تارىخى ۋە فولكلور مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، بىرقانچىلىغان كىتاب ۋە نەچچە ئونلىغان ماقالىلەرنىڭ مۇئەللىپى بولىدۇ. قازاق تارىخچىلىرى ئۇنى 20-ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان قازاق مىللەتپەرۋەرلىرىنىڭ يېتەكچىلىرىدىن بىرى دەپ تەرىپلەيدۇ. ئاتاقلىق قازاق يازغۇچى قاجىقۇمار شابدانئوغلىنىڭ 6 توملۇق «قىلمىس» رومانىدا جاغدا بابالىكوفنىڭ قەھرىمانلىق ئوبرازى يارىتىلغان (قاراڭ: جاغدا بابالىقئۇلى

https://kk.wikipedia.org/wiki/Жағда_Бабалықұлы)

2018-يىلى قازاقىستان دۆلەتلىك تېلېۋىزىيەسى جاغدا بابالىكوفنىڭ ھاياتى ھەققىدە «جارقىن بەينە» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم ئىشلەپ تارقاتقان، مەزكۇر فىلىمدە ئۇنى 20-ئەسىردىكى شەرقىي تۈركىستان قازاقلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان مىللەتپەرۋەر سىياسىيون دەپ باھا بەرگەن (قاراڭ:

Жарқын бейне - Жағда Бабалықұлы (Толық нұсқа). 12-04-2018
(https://www.youtube.com/watch?v=T3bwebFOVQI).

ئېيتىدۇ، ئەمما ئابدۇرەھىم ئەيسا «مىجەزىم يوق، مەن دەم ئالاي» دەپ ياتاقتا قەپ قالىدۇ.

شۇ كېچىسى جاغدا بابالىكوف ياتاققا قايتىپ كەلمەيدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆزى يالغۇز ياتاقتا قەپ قالىدۇ. «ئەتىسى، يەنى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى سەھەردە باشقا ياتاقلارنىڭ ئىشىكى ئېچىلغان بولسىمۇ، ئەمما 214-نومۇرلۇق ياتاقنىڭ ئىشىكى ئېچىلمايدۇ. كىشىلەر ھەيران بولۇشۇپ ئىشىك ئالدىغا توپلىشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھېۋۇللا سوت (ھەبىبۇللا مۇتەللىپ)، رەفىق بايچۇرىن (تاتار)[101]، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ

[101] رەفىق بايچۇرىن، 1915-يىلى غۇلجادىكى بىر تاتار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1943-يىلى تاغىسى فاتىخ مۇسلىموۋ (1975-1900) قا ئەگىشىپ چېگرادىن يوشۇرۇنچە ئۆتۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا بارغان. ئىلى ۋىلايىتى تەۋەسىدىن سوۋېت تەرەپكە قېچىپ ئۆتكەن ھەر مىللەت ياشلىرى 1943-يىلىنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتىنىڭ مەخپىي ئويۇشتۇرۇشى بىلەن، تاكى 1944-يىلى ئاۋغۇست ئېيىغا قەدەر ئالمۇتا قېشىدىكى بىر ساناتورىيەدە ھەربىي تەلىم تەربىيە ئالغان ۋە نەزەرىيە بىلىملىرىنى ئۆگەنگەن. بۇ كۇرستا تەربىيەلەنگەنلەر ئىچىدە سەيدۇللا سەيپۇللايوفمۇ بار ئىدى. 1944-يىلى 8-ئاينىڭ باشلىرىدا فاتىخ مۇسلىموۋ باشچىلىقىدىكى 7 كىشىلىك بىر گۇرۇپپا ئالمۇتادىن نىلقا تاغلىرىغا قاراپ ئاتلىنىدۇ. سەيپۇللايوفنىڭ يۈتى سۇنۇپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بۇ گۇرۇپپا بىلەن ماڭالماي بىر مەزگىل ئالمۇتادا داۋالىنىدۇ. رەفىق بايچۇرىن مۇشۇ گۇرۇپپا تەركىبىدە ۋەتەنگە كىرىدۇ (سەيپۇللايوف، 91-87:2005). ئۇ شۇ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپ نىلقا تاغلىرىدا باشلانغان ئازادلىق ئۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى سېپىدە كۈرەش قىلىدۇ. نىلقا ناھىيەسى ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، رەفىق بايچۇرىن 1944-يىلى 7-نويابىردا بىر ئەترەت پارتىزانلارنى باشلاپ، غۇلجا شەھىرىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىن شەھەرگە ھۇجۇم قىلىدۇ. 12-نويابىر غۇلجا شەھىرىنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرى، 1945-يىلى 30-يانۋار پۈتۈن غۇلجا شەھىرى ئازاد قىلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇشلاردا رەفىق بايچۇرىن زور قەھرىمانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. 1945-يىلى 6-ئايدا مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق مەركىزى مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆنىلىش فرونتىنىڭ غەلىبىلىك ئىلگىرىلىشى ئۈچۈن، رەفىق بايچۇرىن باشچىلىقىدىكى بىر زەربىدار ئەترەتنى تاغ يولى بىلەن شىخو ئەتراپىغا ئەۋەتىدۇ. بۇ ئەترەت جىڭ ناھىيەسى بىلەن شىخو ئوتتۇرىسىدىكى تاشيول كۆۋرۈكلىرىنى ۋە شىخو بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدىكى ماناس

تەكلىپ قىلىدۇ. ئەنۋەر جاكولىن جاغداغا چۆچەكتىن سوقۇم گۆش ئەكەلدۈرگەنلىكىنى، ئۆيىگە بىللە بېرىپ مېھمان بولۇشنى ئېيتىدۇ. ھالبۇكى، ئۇ جاغدا بابالىكوف بىلەن بىر ياتاقتا يېتىۋاتقان ئابدۇرەھىم ئەيسانى تەكەللۇپ يۈزىسىدىن بولسىمۇ ئۆيىگە بېرىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ. سەل ئوڭايسىزلانغان جاغدا بابالىكوف ياتاقدىشى ئابدۇرەھىم ئەيساغا بىللە بېرىپ كېلىشنى

---

ھۆكۈمىتى 1958-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى ئەنۋەر جاكولىننى خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكىنىڭ باشلىقى قىلىپ تەيىنلەپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىدۇ. ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننىڭ مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا، 1958-يىلى ئەنۋەر جاكولىن باشلاپ بارغان خىتاي ھەج ئۆمىكىدە 20 كىشى بار بولۇپ، ئۇنىڭ 11 نەپىرى شەرقىي تۈركىستانلىق، قالغانلىرى تۇڭگان مۇسۇلمانلىرى ئىكەن. ئەنۋەر جاكولىن ھەرەمدە ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرلىق سالاھىيىتىنى يوشۇرۇپ، خىتاي ئىسلام دىنى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ رەئىسى دەپ تونۇشتۇرغان. بۇ ئۆمەك تەركىبىدە يەنە ئابدۇراھمان ھىدايەتوف بار بولۇپ، ئۇ ئەنۋەر جاكولىن بىلەن بىرلىكتە مەككىدىكى مىسىر مېھمانخانىسىنىڭ ھويلىسىدا پولات قادىرى بىلەن ئۇچراشقان. ئەمما ئەنۋەر جاكولىن بۇ كۆرۈشۈشتە ئابدۇراھمان ھىدايەتوفنى سۆزلىتىپ، ئۆزى قاپىقىنى تۈرگەن ھالدا بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىغان (ئالپتېكىن، ئەسلىمە-2، 215-222:2007). ئەنۋەر جاكولىن 1958-يىلى خىتاي ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغان مەزگىللەردە ئۇيغۇر دىيارىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» يوقىرى پەللىگە چىقىپ، يۈزلىگەن ئۇيغۇر كادىرلار جازالانغان، مىڭلىغان زىيالىيلار سۈرگۈن ۋە ئەمگەك لاگېرلىرىغا ئەۋەتىلگەن مەزگىللەر ئىدى. 1957-يىلى خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغان ئابدۇرەھىم ئەيسا، 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈرۈمچىدە سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. ئەنۋەر جاكولىن 1959-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىدۇ ھەمدە خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ بىرقانچە نۆۋەتلىك ۋەكىلى بولىدۇ. ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى ئۈچۈن شۇ قەدەر جان كۆيدۈرۈپ ئىشلىگەن بۇ كىشى «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە تارتىپ چىقىرىلىپ، كۈرەشكە تارتىلىدۇ ۋە قىزىل قوغدىغۇچىلار تەرىپىدىن تەقىپ ئاستىغا ئېلىنىدۇ. ئۇ 1975-يىلى قاتتىق تەقىپ ئاستىدا ئۆز خوجايىنى بولغان خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلىدۇ.

باشلىقى بارات ئىسمائىل ۋە باشقا كىشىلەر پەيدا بولىدۇ. ئۇلار ئىشىكنى تارتىپ بېقىپ ئېچىلمىغاندىن كېيىن ئىشىكنى بۇزۇپ كىرىدۇ. قارىسا ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆزىنىڭ كارىۋىتىدا يوتقاننى ئۈستىگە ھىم يېپىپ، ئوڭدىسىغا ياتقان ئىكەن. ئۇلار يوتقاننى ئېچىپ قارىسا، كېكىرتەككە 3 قېتىم پىچاق سۇرۇلگەن (بىر پىچاق كاناي بىلەن قىزىلئۆڭگەچنى كېسىپ يۇلۇنغا بېرىپ تاقاشقان) ئىكەن. كۆكرەك بىلەن قورساق قىسمىغا 7 قېتىم پىچاق ئۇرۇلغان بولۇپ، ئابدۇرەھىم ئەيسا جەمئىي 10 قېتىملىق پىچاق زەربىسى بىلەن ئېغىر جاراھەتلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىكەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، جاغدا بابالىكوف، قالدىباي ۋە باشقىلار كىرىپ ئەھۋالنى كۆرۈپتۇ. ۋاڭ ئېنماۋ: ‹بۇ ئىش يامان بوپتۇ، بۇ ئەھۋال قەتئىي مەخپىي تۇتۇلسۇن، ھازىرچە ھېچكىم بىلمىسۇن،› دەپ يولىيورۇق بېرىپ چىقىپ كېتىپتۇ.»[102]

بېشىدىن نى-نى ئىسسىق سوغۇقلار ئۆتكەن، ھەم شىلك

---

قاچىدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، ھەتتا ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن ئايالى نائىلە خانىم «رەفىق بايچۇرىن كېچىدە چۆچۈپ ۋارقىرايدىغان، جۆيلۈيدىغان ۋە ‹ئابدۇرەھىم!› دەپ توۋلايدىغان بولۇپ قالدى» دەپ شىكايەت قىلغانلىقىنى، 1960-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭ ئۆمۈر بويى بۇ ۋەقە ھەققىدە ئېغىز ئاچمىغانلىقىنى، ھەتتا ئايالى نائىلە خانىمنى ئىشقا سېلىپ، ئايالىنىڭ ھەدىسى مۇنجىيە خانىم (ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى) نىڭ ئۆيىدىن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ خەت-چەكلىرى بىلەن «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلتۈرۈلۈشتىن بۇرۇن قالدۇرغان 2 پارچە خەت» دېيىلگەن مەكتۇبلارنى ئالدۇرۇپ چىقىپ، يوق قىلىۋەتكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ (ئەيسا [گىساروف]، تېلېفون سۆھبەت خاتىرىسى، 2019-04-24/05-03؛ ئەيسا [گىساروف]، 20-10:1990). ئەمما مەرۇپ ئەيسانىڭ بۇ بايانلىرىنى باشقا ئىشەنچلىك مەنبەلەر، بولۇپمۇ خىتاي ھۆكۈمەت ئارخىپلىرى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارخىپ ھۆججەتلىرى بىلەن دەلىللەشكە توغرا كېلىدۇ.

[102] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 8-بەت

كۆرۈكنى پارتلىتىپ، گومىنداڭ ئارمىيەسىنىڭ ماتورلاشقان قىسىملىرىنىڭ ھۇجۇم قىلىش يوللىرىنى ئۈزۈۋېتىدۇ. بۇ جەرياندا رەفىق بايچۇرىن مىللىي ئارمىيە 1-ئاتلىق بىرىگادىسى 2-ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى، تېكەس ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى، مىللىي ئارمىيە باش شىتابى ئۇرۇش ئوپېراتسىيەسى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولىدۇ. 1948-يىلى ئۇ ئالتايدا مىللىي ئارمىيەگە ھۇجۇم قىلغان باندىتلارنى يوقىتىش ئۇرۇشلىرىغا قاتنىشىدۇ. 1948-يىلى ئۆكتەبىردىن 1949-يىلى ئىيۇن ئېيىغا قەدەر رەفىق بايچۇرىن غۇلجا شەھەرلىك كومېندانت (شەھەر گارنىزونى) نىڭ باشلىقى ۋە مىللىي ئارمىيە باش شىتابى رازۋېتكا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. كېيىن مىللىي ئارمىيە ھەربىي سوتىنىڭ باشلىقى بولىدۇ. 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا مىللىي ئارمىيە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندىن كېيىن، رەفىق بايچۇرىن 5-كورپۇس ئارقا سەپ تەمىنات بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى بولىدۇ. ئۇ 1954-يىلدىن 1956-يىلغىچە بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ تۈنجى قارارلىق «شىنجاڭ سىنىپى» دا ئوقۇيدۇ. رەفىق بايچۇرىننىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە كەلسەك، ئۇلار ئىككىسى باجا، يەنى ئابدۇرەھىم ئەيسا غۇلجادىكى بىر تاتار ئائىلىسىنىڭ چوڭ قىزى مۇنجىيە خانىم بىلەن، رەفىق بايچۇرىن كىچىك قىزى نائىلە خانىم بىلەن ئۆيلەنگەن. شۇڭا ئۇلار ئىككىسىنىڭ شەخسىي مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق بولغان. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى مەرۇپ ئەيسا بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆھبىتىمىزدە ئۇ رەفىق بايچۇرىننىڭ 1943-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىققان ۋە ئىلقا قوزغىلىڭىغا قاتناشقان مەزگىللەردىن تارتىپلا سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخباراتىغا باغلىنىپ قالغانلىقىنى، شۇنىڭدىن بويان ئۇ تاكى 1960-يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا كەتكەنگە قەدەر سوۋېت تەرەپ بىلەن بولغان بۇ باغلىنىشنى داۋاملاشتۇرغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ (ئەيسا [گىساروۋ]، تېلېفون سۆھبەت خاتىرىسى، 03-03/05-04-2019).
ھالبۇكى، مەرۇپ ئەيسانىڭ بۇ بايانلىرىنى دەلىللەيدىغان باشقا ئىشەنچلىك مەنبەلەر تېخىچە تېپىلمىدى. مەرۇپ ئەيسا يەنە 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا رەفىق بايچۇرىننىڭ ئابدۇرەھىم ئەيساغا بولغان مۇئامىلىسىنىڭ بىردىنلا ئۆزگەرگەنلىكىنى، ئىش-ھەرىكەتلىرىنىڭ غەلىتە تۇس ئېلىشقا باشلىغانلىقىنى، 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى كېچىدە ئابدۇرەھىم ئەيسا سىرلىق بىر رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلگەندە، ئەتىسى سەھەردە بىرىنچى بولۇپ ياتاققا كىرگەنلەر ئىچىدە رەفىق بايچۇرىننىڭ بارلىقىنى، ئەمما شۇنىڭدىن كېيىن رەفىق بايچۇرىننىڭ بۇ ۋەقە ھەققىدە قەتئىي ئېغىز ئاچمىغانلىقىنى تىلغا ئالىدۇ. مەرۇپ ئەيسا يەنە ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن رەفىق بايچۇرىننىڭ كەيپىياتى نورماللىشىپ، ئۆزىنى كىشىلەردىن ئېلىپ

پارچە خەت كۆپچىلىككە ئوقۇپ بېرىلگەن.»[103]

شۇنداق قىلىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمىنى «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» دېگەن ھۆكۈم بىلەن كۆپچىلىككە ئېلان قىلىدۇ. ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ باش كونسۇلى دوباشىنمۇ 1-ئاينىڭ 20-كۈنى موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۆزىگە «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆزىنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرىۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان. ئۇ 1957-يىلى يازدا جۇڭگو ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ مەككىگە بارغاندا بولگۇنچى ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەن. مەككىدە دۆلەتبەگ ئىسىملىك بىر قازاق كىشى بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشكەن بولۇپ، بۇ كىشى ئامېرىكادا تەربىيەلەنگەن جاسۇس ئىكەن. بۇ مەسىلىلەر پاش بولغاندىن كېيىن ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆز جىنايەتلىرىدىن قورقۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان كادىرلار بىردەك ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشى، ئۇنىڭ پارتىيەگە قارشى ھەرىكىتىنىڭ ئوچۇق ئىپادىسى، دەپ ھېسابلىغان.»[104] دېگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ.

ۋەقەدىن كېيىن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىرىنچى

---

[103] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 9-8-بەتلەر

[104] "Memorandom of a Discussion held by USSR Consul-General in Ürümchi, G. S. Dobashin, with First Secretary of the Party Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Wang Enmao, and Chair of the People's Committee, Comrade S. Azizov", January 17, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 54-56; Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175894 )

شسەينىڭ، ھەم گومىنداڭنىڭ بولۇپ ئىككى قېتىم تۈرمىدە ياتقان، شۇنچە مۇرەككەپ تارىخىي دەۋرلەردە كۆكرەك كېرىپ تىك تۇرغان ئابدۇرەھىم ئەيسا، بۇ قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتتە راستىنلا بېسىملارغا بەرداشلىق بېرەلمىدىمۇ؟ ئۇ قانداقلارچە ھاياتىنى ئىنكار قىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى؟

مەرۇپ ئەيسانىڭ بايان قىلىشىچە، «شۇ كۈنى ياتاقلارنى ۋە يىغىن زالىنى سۈرلۈك جىمجىتلىق باسىدۇ. ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى يېرىم كۈن 〈كۈرەش〉 نى توختىتىپ قويۇپ، پەردە ئارقىسىدا بەزى ئورۇنلاشتۇرۇشلارنى ئېلىپ بارىدۇ. تەييارلىق ئىشلىرى پۇختا ئىشلەنگەندىن كېيىن، شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن كادىرلار يىغىن زالىغا چاقىرتىلىپ، تۆۋەندىكىلەر رەسمىي جاكارلىنىدۇ: (1) ئەشەددىي ئوغرى ۋە يەرلىك مىللەتچى ئابدۇرەھىم ئەيسا پارتىيە ئالدىدىكى ئېغىر گۇناھى ئۈچۈن جازالىنىشتىن قورقۇپ، ئۆتكەن كېچە ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان؛ (2) ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆتكەن يىلى جۇڭگو ھەج ئۆمىكىگە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارغاندا، چەتئەلدە يۈرگەن ئەشەددىي مىللەتچى مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلەر بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەن ھەم ئۇلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن. بۇ مەسىلە پاش بولغاندىن كېيىن ئۇ قورقۇپ كېتىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان؛ (3) ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش ئالدىدا ئىككى پارچە خەت يېزىپ قالدۇرغان. خەتنىڭ بىرى غۇلجادىكى ئايالى مۇنجىيەگە، يەنە بىرى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفقا يېزىلغان. ئىمىنوفقا يېزىلغان خەتتە ئۆزى پارتىيەگە كىرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىدىيەسىنىڭ پارتىيەگە كىرمىگەنلىكىنى، زور خاتالىق ئۆتكۈزگەنلىكىنى، پارتىيەگە يۈز كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يولنى تاللىغانلىقىنى بايان قىلغان. چوڭ يىغىندا بۇ ئىككى

ھالەتتە، ئۈرۈمچىدىكى يىغىنغا چاقىرتىلىپ كېتىلگەن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانغا بويالغان جەسىتى، 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 20-كۈنى ئايروپىلان بىلەن غۇلجاغا ئېلىپ كېلىنىدۇ.

بۇ ۋاقىتتا غۇلجادا بىرەر ۋەقە يۈز بېرىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلغان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى جاڭ شىگوڭ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بارات ئىسمائىل ۋە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھېۋوللا سوت (ھەبىبۇللا مۇتەللىپ) قاتارلىقلار جىددىي باش قوشۇپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ جەسىتىنى داغدۇغىسىز، ھەم جامائەتنى قاتناشتۇرمايلا تېزدىن يەرلىككە قويۇۋېتىشنى قارار قىلىدۇ.[106] ئۇلار ئىلى ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىغا قاراشلىق ساقچى كۈچلىرىنى ئىشقا سېلىپ،

[106] مەرۇپ ئەيسانىڭ بايان قىلىشىچە، 1958-يىلى 17-يانۋاردا ئابدۇرەھىم ئەيسا سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مەخسۇس يوليورۇقى بويىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بارات ئىسمائىل بىلەن ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەبىبۇللا مۇتەللىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ جەسىتىنى غۇلجىغا ئاپىرىش ۋە تېزلىكتە دەپنە قىلىۋېتىش ئىشىغا مەسئۇل قىلىنغان. ئۇلار غۇلجاغا بارغاندىن كېيىن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ سېكرېتارى جاڭ شىگوڭ بىلەن مەخپىي يىغىن ئېچىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ غۇلجادىكى ئائىلىسىگە بېسىم ئىشلەتكەن. يەنى ئۇلارغا ۋەقەنى داۋراڭ قىلماسلىق، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانلىق جەسىتىنى يۇيماسلىق، مېيىتنى ئۇزىتىشتا جامائەتنى چاقىرماسلىق بەلگىلىمىسىنى چىقارغان. ئەمما ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دادىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى، غۇلجا خەلقىنىڭ قاتتىق تەلىپى بىلەن، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانلىق جەسىتى ئېچىلىپ، مېيىتنى يۇيۇش جەريانىدا بەدەنىدىكى ئۇنلىغان پىچاق ئىزلىرى بايقالغان. ساقچىلارنىڭ قاتتىق نازارىتى بىلەن، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مېيىتى پەقەتلا ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بولۇپ 30-20 دەك كىشىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن داغدۇغىسىز دەپنە قىلىنغان. (ئەيسا[گىساروف]، 1990:08-09؛ تېلېفون سۆھبەت خاتىرىسى، 2019-04-30/05-03)

سېكرېتارى جاڭ شىگوڭ[105] مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن غۇلجاغا بېرىپ، ئىلىدىكى كادىرلار بىلەن ھەر ساھە سەرخىللىرىغا يىغىن ئېچىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمىنى ئوقۇتۇرىدۇ، ھەمدە غۇلجادا بىرەر ۋەقە چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلەيدۇ. ئارقىدىن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ جەسىتى مەخسۇس ئايروپىلانغا سېلىنىپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھېۋۇللا سوت (ھەبىبۇللا مۇتەللىپ) ۋە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بارات ئىسمائىللارنىڭ ھەمرالىقىدا 1-ئاينىڭ 20-كۈنى غۇلجاغا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئىلى خەلقى بۇ تۇيۇقسىز كەلگەن ئۆلۈم خەۋىرىدىن ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. غۇلجا شەھىرى ماتەم قايغۇسىغا چۆمىدۇ. خۇددى شۇنىڭدىن 9 يىل ئاۋۋال، يەنى 1949-يىلى كۈزدە ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەھبەرلىرىنىڭ سىرلىق «ئايروپىلان ۋەقەسى» دە قازا قىلغانلىق خەۋىرى كېلىپ 6 ئاي ئۆتكەندە، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرى غۇلجاغا ئايروپىلان بىلەن ئېلىپ كېلىنگىنىدەك، 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى غۇلجادىن ساق

[105] جاڭ شىگوڭ (张世功, 1906-1992) ۋاڭ جېن قوماندانلىقىدىكى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى تەركىبىدە 1949-يىلى ئۇيغۇر دىيارىغا كىرگەن خىتاي كوممۇنىست كوماندىرلىرىدىن بىرى. ئۇ 1950-يىلى سابىق ئۈرۈمچى ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى، ئۈرۈمچى ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1952-يىلى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى قۇرۇقلۇق ئارمىيە 6-كورپۇسىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولغان. 1955-يىلدىن تاكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» غا قەدەر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى، ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ سىياسىي كومىسسارى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتىگەن. 1970-يىلدىن 1972-يىلغىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى بولغان. 1979-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ رەئىسى بولغان. 1982-يىلى پېنسىيەگە چىققان. 1992-يىلى ئۈرۈمچىدە ئۆلگەن.

شۇندىلا ئۇلار ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» بولماستىن، بەلكى قانداقتۇر بىر ۋەھشىيلەرچە سۇيىقەستىنىڭ قۇربانى بولغانلىقىنى بىلىدۇ. مەرۇپ ئەيسا شۇ ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى ئەسلەپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ دەھشەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ، بىز قېرىنداشلارنىڭ كۆزلىرىمىزدىن ياش قۇرۇمىدى. كۆز ياشلىرىمىز بىلەن مۇردىنى يۇيۇپ، تازىلاپ كېپەنلىدۇق. ئاندىن نامىزىنى چۈشۈرۈپ، ئالتۇنلۇقتىكى قەبرىستانلىققا ئېلىپ چىقتۇق. مەرھۇمنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش شۇنچىلىك چەكلەندىكى، كىشىلەر ئائىلىمىزگە كېلىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمىدى. مۇنجىيە ھەدىنىڭ كىچىك دادىسى سىدىق ئابلايارى مەرھۇمنىڭ جىنازا نامىزىغا قاتنىشىش ئۈچۈن ئوبلاستلىق سىياسىي كېڭەشتىن رۇخسەت سورىدى، سىياسىي كېڭەش ئوبلاستلىق پارتىيە كومىتېتىدىن رۇخسەت ئېلىپ بەرگەندىن كېيىنلا ئاندىن قاتنىشالىدى... مەرھۇمنىڭ نەزىر-چىرىقىمۇ پەقەتلا ئۇرۇق-تۇغقان، قەۋمى-قېرىنداشلىرىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن ھېچبىر داغدۇغىسىز، جىمجىتلىق ئىچىدە تامام بولدى.»[108]

سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىكى ئالاھىدە خادىم بلوكىننىڭ خاتىرىسىگە قارىغاندا، غۇلجادا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مېيىتىنى دەپنە قىلىدىغان كۈنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكومىنىڭ سېكرېتارى جاڭ شىگوڭ ئىلىدىكى رەھبىرىي كادىرلار ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزالىرىنى يىغىپ، بۇ ۋەقە ھەققىدە داۋراڭ سالماسلىق، پىكىر بايان قىلماسلىق ۋە جەمئىيەتتە تارقالغان سۆز-چۆچەكلەرگە پەرۋا قىلماسلىق، بولۇپمۇ غۇلجادا بىرەر ۋەقە چىقىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە كۆرسەتمە بېرىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ

[108] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 9-بەت

غۇلجادىكى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆيى جايلاشقان قورۇ ۋە مەھەللىنى قاتتىق نازارەت ئاستىغا ئالدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كىگىزگە يۆگەلگەن جەسىتىنى قورۇسىدىكى كۆمۈرخانىغا قۇلۇپلاپ، ھېچىمنىڭ جەسەتنى كۆرۈشىگە يول قويمايدۇ. ھەتتا ئۇلار: «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئەشەددىي مىللەتچى خائىن، ئۇنىڭ ئۆلۈكىنى ئاچماي، يۇيماي، خەقنى يىغىپ نامىزىنى چۈشۈرمەي تېزرەك كۆمۈۋېتىڭلار!» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ.[107]

جاڭ شىگوڭ باشچىلىقىدىكى ئىلى ئوبلاستىنىڭ رەھبەرلىرى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا قانچىلىك بېسىم قىلمىسۇن، ئىلى ئوبلاستلىق ج. خ. باشقارمىسىنىڭ باشلىقى لى گۇاڭچىڭ قانچىلىك ھەيۋە كۆرسەتمىسۇن، غۇلجا خەلقىدە كۆتۈرۈلگەن نارازىلىق كەيپىياتى ۋە جامائەت پىكرىنىڭ بېسىمى نەتىجىسىدە، ئاخىرى ئوبلاستلىق دائىرىلەر ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مېيىتىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈم ئۆرپىتىش قائىدىسى بويىچە يۇيۇپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپ يەرلىككە قويۇشقا رۇخسەت قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئەمما دەپنە مۇراسىمىغا جامائەتنى قاتناشتۇرماسلىق، پەقەتلا بىۋاسىتە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قاتنىششى بىلەن تېزدىن يەرلىككە قويۇش شەرت قىلىنىدۇ.

مېيىت كۆمۈرخانىدىن ئۆيگە يۆتكەپ كىرىلىپ، يۇيۇش ۋە كېپەنلەش ئۈچۈن ئېچىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا مېيىت يۇيغۇچىلار بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قېرىنداشلىرى ئۈستىدە تۇرۇپ جەسەتنى كۆرىدۇ ۋە ھاڭ-تاڭ قالىدۇ. يەنى، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كاناي قىسمىغا 3 قېتىم پىچاق سۈركەلگەنلىكىنى، كۆكرەك ۋە قورساق قىسمىدا 7 ئورۇندا پىچاق ئۇرۇلغان جاراھەت ئىزىنىڭ بارلىقىنى، تىغ ئۇرۇلغان جايلارغا پاختا تىقىپ قويۇلغانلىقىنى كۆرىدۇ.

---

[107] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 9-بەت

## ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى قالدۇرۇپ كەتكەن سوئاللار

ئابدۇرەھىم ئەيسا 1958 ـ يىلى ۋاقىت 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنىگە ئالماشقان كېچىدە، ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 214 ـ نومۇرلۇق ياتىقىدا سىرلىق بىر رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلگەندە، ئەتىسى سەھەردە قانغا بويالغان جەسەتنى تۇنجى بولۇپ كۆرگۈچىلەر ئىچىدە ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى جاغدا بابالىكوف، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەبىبۇللا مۇتەللىپ ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ باجىسى رەفىق بايچۇرىنمۇ بار ئىدى. گەرچە شۇ كۈنى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە قازاق كادىرلار ئارىسىدا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق، ھەم دەھشەتلىك ئۆلۈمى ھەققىدە نۇرغۇنلىغان گۇمانلار ۋە قولاققا يېقىپ دېيىشكەن شۇبھىلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋاڭ ئېنماۋ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ نامىدىن «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى» دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن، ھېچكىم ئۆز گۇمانىنى ئوچۇق ـ ئاشكار دېيىشكە پېتىنالمايدۇ.

شۇ كۈندىن باشلاپ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ياتاقدىشى جاغدا بابالىكوف بىلەن باجىسى رەفىق بايچۇرىن بۇ تېمىدا سۆز قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ھەتتا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ

مىيتى پەقەتلا ئۇنىڭ بىۋاسىتە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن بولۇپ 30 دەك كىشىنىڭ قاتنىششى بىلەن يەرلىككە قويۇلىدۇ. كادىرلار بىلەن ئاۋام خەلق قاتناشتۇرۇلمايدۇ.[109]

[109] “Memorandum on a Discussion with Wang Huangzhang, Head of the Foreign Affairs Office of the Prefectural People’s Committee”, January 22, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 61-64, Translated by David Brophy. Wilson Center, Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175899 )

بۇنىڭ ئارقىسىدىكى سىياسىي سۇيىقەست ھەققىدە ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. 1980-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان گورباچېفنىڭ «گلاستنوست» ۋە «پېرېسترويكا» (ئاشكارىلىق ۋە قايتا قۇرۇش) ئىسلاھاتى يىللىرىدا، ۋەتەندىن قازاقىستانغا كۆچۈپ چىققان سابىت ئابدۇراھمان ئۇيغۇرى،[110] مەرۇپ ئەيسا بىلەن بىرلىكتە

---

[110] سابىت ئابدۇراھمان ئۇيغۇرى (1928-2005) - قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىگە قاراشلىق چىلەك ناھىيەسى قاراتورۇق يېزىسىدا تۇغۇلغان. 1932-يىلى پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ، غۇلجا شەھىرىگە ئورۇنلاشقان. 1944-يىلى ئىلى ئىنقىلابى پارتلاپ غۇلجادا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندا، ياش سابىت ئابدۇراھمان مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشۋىقات بۆلۈمى قارمىقىدا تەشۋىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1946-يىلى مىللىي ئارمىيەنىڭ شىخودا تۇرۇشلۇق 1-پىيادە ئەسكەرلەر پولكىغا ئەۋەتىلگەن. ئۇ 1948-يىلى 1-ئايدىن باشلاپ پولك سىياسىي بۆلۈمىنىڭ كاتىپى، قوشۇمچە «جەڭچىلەر ئاۋازى» گېزىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىگەن. مۇشۇ مەزگىللەردىن باشلاپ ئۇنىڭ شېئىرلىرى ئېلان قىلىنىشقا باشلىغان. 1948-يىلىنىڭ ئاخىرى ئابدۇكېرىم ئاباسوف بىلەن مىللىي ئارمىيە باش شىتابى سىياسىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى زاھىر ساۋدانوف قاتارلىقلار شىخو ۋە ماناس قاتارلىق جايلاردا كۇرس ئېچىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىگە «خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ پات ئارىدا پۈتۈن خىتاينى ئازاد قىلىدىغانلىقى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى رەھبەرلىكىدىكى خىتاي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ نەتىجىسىدە ئازادلىققا چىقىدىغانلىقى» ھەققىدە دەرس سۆزلەيدۇ. بۇ ئىش مىللىي ئارمىيەنىڭ يەنىسخەي - ئورمانباغدا تۇرۇشلۇق 1-پولكىدىكى بىر تۈركۈم ياش ئوفىتسېر-ئەسكەرلەرنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغايدۇ. ئۇلار غۇلجادىكى بىر قىسىم مىللەتپەرۋەر كىشىلەر بىلەن ئالاقە باغلاپ، «ياش شەرقىي تۈركىستانچىلار» تەشكىلاتى قۇرىدۇ. بۇ تەشكىلات ئىلى تەرەپنىڭ سۈلھى-مۇزاكىرە يولىغا مېڭىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، مىللىي ئارمىيەنىڭ ماناس دەرياسىدىن ئۆتۈپ، ئۈرۈمچىگە ھۇجۇم قىلىشىنى تەلەپ قىلىش ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۈزىل-كېسىل مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈشنى تۈپ مەقسەت قىلىدۇ. بۇ تەشكىلاتقا مىللىي ئارمىيەنىڭ ئالدىنقى سېپىدىكى ياش ئوفىتسېر-جەڭچىلەردىن سابىت ئابدۇراھمان، يۈسۈپجان تاھىروف، نۇردۇن نۇردىيېۋ قاتارلىق ئونلىغان كىشىلەر، غۇلجا شەھىرىدىن خەمىت سەئىدى، مىرسۇلتان ئوسمان قاتارلىق زىيالىيلار قاتنىشىدۇ. ئەمما 1949-يىلى 6-ئايدا بۇ تەشكىلات پاش بولۇپ، سابىت ئابدۇراھمان قاتارلىق 19 نەپەر تەشكىلات ئەزاسى غۇلجا ساقچى ئىدارىسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ.

غۇلجادىكى قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ بۇ سىرلىق ئۆلۈم ھەققىدە سورىغان سوئاللىرىغا «بىلمەيمىز» دېگەندىن باشقا گەپ قىلمايدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مېيىتىنى يۇيۇش جەريانىدا بەدىنىدىكى ئۇنلىغان پىچاق ئىزلىرى كۆرگەن غۇلجادىكى ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق گۇمان چۈشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئەينى ۋاقىتتىكى بېسىم تۈپەيلىدىن ئۇلار بۇ ئىشنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دېلوسىنى بىلىدىغان نۇرغۇن كادىرلار، بولۇپمۇ ئىلى ئىنقىلابى جەريانىدا يېتىشىپ چىققان، ھەمدە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قورۇلغاندا يۇقىرى دەرىجىلىك لاۋازىملاردا بولغان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى مۇنجىيە خانىممۇ بالا-چاقىلىرىنى ئېلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ ۋە قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە ئورۇنلىشىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك 1962-يىلىدىكى «ماي ۋەقەسى» نىڭ ئالدى-كەينىدە سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ، ھەمدە ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىرىدە ئولتۇراقلىشىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى، بولۇپمۇ ئەڭ كىچىك ئىنىسى مەرۇپ ئەيسا تاشكەنت دۆلەت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ شەرقشۇناسلىق فاكۇلتېتىنى تاماملاپ، ئۆزبېكىستان رادىيو-تېلېۋىزىيە ئىدارىسىدا ئىشلەيدۇ. خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئارىسى بۇزۇلغان 1960-ۋە 1970-يىللىرىدا مەرۇپ ئەيسا تاشكەنت رادىيوسىنىڭ ۋەتەنگە قارىتا ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بېرىدىغان بۆلۈمىدە ئىشلەيدۇ. ئۇ بۇ يىللاردا ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1958-يىلىدىكى سىرلىق ئۆلۈمى ۋە

سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىققان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ ئەسلىمىلىرىنى توپلىشى، شۇنداقلا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى ۋە بىۋاستە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن ئەھۋال ئىگىلىشى نەتىجىسىدە، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى 9 تۈرلۈك گۇمان ۋە سوئاللارنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ:[111]

بىرىنچى، ئابدۇرەھىم ئەيسا كىشىلىك خاراكتېرى كۈچلۈك، مەيدانى مۇستەھكەم بىر مىللەتپەرۋەر بولۇپ، ئۇ 1940-يىللاردا شېڭ شىسەي تۈرمىسىدە ياتقاندىمۇ ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن گومىنداڭ تۈرمىسىدە ياتقاندىمۇ، ئېغىر قىيىن-قىستاقلارغا بەرداشلىق بەرگەن. ئۇ ئۆز غايىسىگە ئىشەنگەن بىر ئىنسان. شۇڭا ئۇنىڭ «ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىشى» مۇمكىن ئەمەس.

ئىككىنچى، ئابدۇرەھىم ئەيسا «ئۆزىنىڭ جىنايىتى تۈپەيلى جازالىنىشتىن قورقۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان» دېگەن ھۆكۈمنىڭ ئاساسى يوق. چۈنكى ئابدۇرەھىم ئەيسا كۈرەشكە تارتىلغاندا ئۇ باشتىن-ئاخىر خىتاينىڭ مىللەتلەر سىياستى، ئاپتونومىيە سىياستى ھەققىدە ئۆزىنىڭ ئىلگىرى بەرگەن پىكىر-تەكلىپلىرىنىڭ خاتا ئەمەسلىكىدە چىڭ تۇرغان. 1957-يىلى 8-ئايدا ئۇ ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، چەتئەلدە كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى تەلەپ بويىچە ھۆكۈمەتكە دوكلات قىلغان. ئۇ ئۆزىنىڭ خىزمەتتە بولسۇن، ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا بولسۇن، «جىنايەت» كە ياتىدىغان ھەرقانداق گەپ-سۆز ۋە قىلمىشىنىڭ يوقلۇقىنى، ھۆكۈمەتكە بەرگەن پىكىر-تەكلىپلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەققانىي ھەق-ھوقۇقلىرى بىلەن خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ 6-قۇرۇلتىيىدا قارار قىلىنغان «پۈتۈن مەملىكەت

---

[111] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 20-10-بەتلەر

مەرھۇم ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دېلوسى ھەققىدە كەڭ دائىرىدە ئىزدىنىشكە باشلايدۇ. شۇ يىللاردا سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە، ئۇيغۇر دىيارىدا 1957 ـ ۋە 1958 ـ يىللىرى ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدىكى بوران ـ چاپقۇنلارنى بېشىدىن كەچۈرگەن نۇرغۇنلىغان شاھىتلار تېخى ھايات ئىدى. مەرۇپ ئەيسا بىلەن سابىت ئابدۇراھمان ئۇيغۇرى ۋە باشقا بىرقانچە پېشقەدەم زىيالىينىڭ بۇ جەھەتتىكى يىللارچە ئىزدىنىشى، شاھىتلارنى ئىز قوغلاپ زىيارەت قىلىشى، 1960 ـ 1962 ـ يىللىرى ۋەتەندىن

---

(ئۇيغۇرى، 444 ـ 2005:443). سەيدۇللا سەيپۇللايوف «مەن شاھىت بولغان ئىشلار» ناملىق ئەسلىمىسىدە بۇ ۋەقەنى تىلغا ئېلىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «1948 ـ يىلى ماناس دەرياسى بويىدىكى مىللىي ئارمىيە ئالدىنقى سەپ قىسىملىرى ئىچىدىن ساۋۇت ئابدۇراھمان قاتارلىق ئون نەچچە كىشى ۋە غۇلجادىن ئىككى ـ ئۈچ كىشى ‹پانتۈركىزىملىق تەشكىلات قۇرغان،› دەپ قارىلىپ، قولغا ئېلىندى» (سەيپۇللايوف، 2005:64). كېيىنچە بۇ ۋەقەدىن ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن گېنېرال ئىسھاقبېگ خەۋەر تېپىپ، «ئۇلارغا سىياسىي تەربىيە بېرىش ئارقىلىق ئۆزگەرتىش» ھەققىدە يولىيورۇق بېرىپ، ئۇلارنى تۈرمىدىن چىقىرىۋالىدۇ. ئەمما ئەخمەتجان قاسىملار شۇ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرى غۇلجادىن مەخپىي ئايرىلىپ، «ئايروپىلان قازاسى» دا يوق قىلىنغاندىن كېيىن، خىتاي كوممۇنىستلىرى بۇ تەشكىلاتنىڭ ئەزالىرىنى قايتىدىن قولغا ئالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن سابىت ئابدۇراھماننىڭ ھاياتىنىڭ كۆپ قىسمى خىتاي تۈرمىلىرى بىلەن ئەمگەك لاگېرلىرىدا ئۆتىدۇ. سابىت ئابدۇراھمان 1980 ـ يىلى تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى بولغانلىقى ئۈچۈن 1981 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن قازاقىستانغا كۆچۈپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ. 1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن، سابىت ئابدۇراھمان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي تەشكىلاتلىرىدا ئاكتىپ خىزمەت قىلىدۇ. ھاشىر ۋاھىدى قۇرغان «ئۇيغۇرىستان ئازادلىق تەشكىلاتى» دا تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلەيدۇ. 2005 ـ يىلى ئالمۇتادا يۈز بەرگەن سىرلىق بىر قاتناش ھادىسىسىدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ. سابىت ئابدۇراھمان ئۇيغۇرىنىڭ «ھايات ناخشىلىرى» ناملىق كۆپ قىسىملىق شېئىرلار توپلىمى، «ۋەتەن مەكتۇبلىرى» ناملىق ماقالە ـ ئەسەرلەر توپلىمى ۋاپاتىدىن كېيىن يورۇق كۆرگەن. ئۇنىڭ «ئۇيغۇرنامە» ناملىق كىتابى بار.

سەيپىدىن ئەزىزى ۋەتەنگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۆيگە پەتىلەپ كەلگەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى ئەنۋەر جاكولىنغا سوۋغا قىلغانىمىش. ئەنۋەر جاكولىندىن بۇ پىچاقنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى جاغدا بابالىكوف سوراپ ئالغانىمىش. ئابدۇرەھىم ئەيسا ياتاقدىشى جاغدا بابالىكوفتىن بۇ پىچاقنى سوراپ ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» مىش. قىزىقارلىقى شۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى بىر دۆلەتنىڭ پرېزىدېنتى تەرىپىدىن ئۆزىگە سوۋغات قىلىپ بېرىلگەن پىچاقنى قانداقسىگە باشقا بىراۋغا سوۋغات قىلىپ بېرىۋېتىدۇ؟ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولغان بىر كىشى، باشقا بىر دۆلەتنىڭ پرېزىدېنتى تەرىپىدىن ئۆزىگە سوۋغات قىلىنغان بۇيۇمنى قانداق ساقلاشتەك ئەڭ ئەقەللىي قائىدىنى بىلمەسمۇ؟ ئەگەر ئابدۇرەھىم ئەيسادا «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش» نىيىتى بولغان بولسا، ئۆزىنىڭ تەييار يان قورالىنى ئېلىپ كېلىپ ئىشلەتمەستىن، نېمە ئۈچۈن باشقىلاردىن پىچاق سوراپ ئالىدۇ؟

بەشىنچى، ئابدۇرەھىم ئەيسا «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش» تىن ئىلگىرى يېزىپ قالدۇرغان ئىككى پارچە خەتنىڭ بىرى ئايالى

---

قىلغاندا: «دادىسىنىڭ ئىزىدا مېڭىپ مەملىكىتىمىزگە كەلگەن جوڭگو ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى سەيپىدىن ئەپەندىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز،» دېگەن. ئەمما سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە فىنلاندىيە پرېزىدېنتىنىڭ ئۆزىگە ئىسىم-فامىلىسى ئويۇلغان قىممەت باھالىق پىچاق سوۋغات قىلغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمەيدۇ (ئەزىزى، ئەسلىمە-3، 186-A:185؛ 95-B:94). سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 1990-يىللاردا ئەسلىمىسىنىڭ 3-تومىنى يېزىۋاتقان مەزگىللىرىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى فىنلاندىيە زىيارىتى مەزگىلىدە ئۆزىگە سوۋغات قىلىنغان بۇ پىچاقنىڭ ھېكايىسىنى ئۇنتۇپ قالغانمۇ ياكى بۇ «پىچاق» 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى كېچىدە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈم ۋەقەسى بىلەن چېتىشلىق بولۇپ قالغانلىق سەۋەبىدىن ئۇنى تىلغا ئېلىشتىن قاچقانمۇ، بۇنىسى نامەلۇم.

ئازاد بولغاندىن كېيىن، جوڭگودا فېدېراتسىيە تۈزۈمىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت قۇرۇلىدۇ» دېگەن ھۆججەتنىڭ روھى بويىچە بولغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرگەن. شۇڭا ئۆزىدە «جىنايەت» بار دەپ قارىمىغان بىر ئادەمنىڭ جازالىنىشتىن قورقۇپ، «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشى» مەنتىقىگە چۈشمەيدۇ.

ئۈچىنچى، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ گۇۋاھلىقىغا قارىغاندا، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كۆڭلىدە ياشاش ئۈمىدى بولغانكى، ئۆلىۋېلىش نىيىتى بولمىغان. ئۇ ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوغدىنىش ئۈچۈن بېرىلگەن يان قۇرالنى ئادەتتە ئۆز يېنىغا ئالماي، داۋاملىق ئۆيىگە قويۇپ قويغان. ھەتتا 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇ ئۈرۈمچىگە يىغىنغا چاقىرتىلغاندا، ئايالى يان قۇرالنى ئېلىۋېلىش مەسلىھەتنى بەرگەندىمۇ ئۇ ئالمىغان.

تۆتىنچى، ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇرەھىم ئەيسا «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» پىچاق ھەققىدە رىۋايەتلىك ھېكايە تارقالغان. يەنى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانغا بويالغان كارىۋىتىغا تاشلاپ قويۇلغان پىچاق ئەسلىدە سەيپىدىن ئەزىزى فىنلاندىيەگە زىيارەتكە بارغاندا، فىنلاندىيە پرېزىدېنتى ئىمزاسىنى چەكتۈرۈپ سەيپىدىن ئەزىزگە سوۋغات قىلغان پىچاقمىش.[112] بۇ پىچاقنى

---

[112] سەيپىدىن ئەزىزى 1957-يىلىدىكى موسكۋا زىيارىتى جەريانىدا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، لى شيەننيەن بىلەن بىرلىكتە سابىق چېخسلوۋاكىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ شۇ ۋاقىتتا ۋاپات بولغان پرېزىدېنتىنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن پراگاغا بارغان. ئاندىن خىتاي مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ، فىنلاندىيەنى زىيارەت قىلغان. سەيپىدىن ئەزىزى فىنلاندىيە زىيارىتى ئەسناسىدا دادىسى تاشئاخۇن ئەزىزنىڭ 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فىنلاندىيەنى زىيارەت قىلغانلىقىنى تىلغا ئالغان. بۇ ھېكايە شۇ ۋاقىتتا فىنلاندىيە گېزىتلىرىدىمۇ خەۋەر قىلىنغان. فىنلاندىيە پرېزىدېنتى سەيپىدىن ئەزىزى باشچىلىقىدىكى خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىنى قوبۇل

بىلەن كۆرۈشمەكچى بولغان. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇ ئۇرۇنۇشى نامەلۇم سەۋەبلەر بىلەن ئالمۇتادا توسقۇنلۇققا ئۇچرىغان. ئۇ جاغدا بابالىكوف بىلەن ئالمۇتادا كۆرۈشەلمىگەن، جاغدا بابلىكوفمۇ مەرۇپ ئەيسا بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىمىغان. بۇ ئىش ئوڭۇشلۇق بولمىغاندىن كېيىن، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قېرىنداشلىرى ئالمۇتادا ياشاۋاتقان يەڭگىسى مۇنجىيە خانىمنى يوقلاپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كىتاب ۋە خاتىرىلىرىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمى ئالدىدا قالدۇرغان خەت-چەكلىرىنى قايتا كۆرۈشنى تەلەپ قىلغان. مۇنجىيە خانىم بۇنىڭغا ماقۇل بولغان ۋە ئۆزىنىڭ بۇ ئامانەتلەرنى تەييارلاپ، ئەتىسى مەرۇپ ئەيساغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بىراق ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئىشمۇ ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ باجىسى رەفىق بايچۇرىن ئەتىسى سەھەردە ئايالى نائىلە خانىمنى ئاچىسى مۇنجىيە خانىمنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىپ، مەرۇپ ئەيساغا بېرىلىدىغان ئامانەتلەر (ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ خاتىرە دەپتەرلىرى، كىتاب-ماتېرىياللىرى ۋە ئۆلۈمى ئالدىدا يازغانلىقى ئىلگىرى سۆزلىگەن ھېلىقى ئىككى پارچە خەت) نى ئېلىپ كەتكەن. ئەتىسى مەرۇپ ئەيسا يەڭگىسى مۇنجىيە خانىمنىڭ ئۆيىگە ئامانەتنى ئالغىلى بارغىنىدا، مۇنجىيە خانىم ئابدۇرەھىم ئەيسادىن قالغان خەت-چەك ۋە خاتىرە دەپتەرلەرنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ ئىشنى تۈگەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مەرۇپ ئەيسا ۋە باشقا قېرىنداشلارنىڭ ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈم سىرىنى ئېنىقلاش يولىدىكى بۇ ئىزدىنىشلىرى، ئالمۇتادىكى سىرلىق كىشىلەرنىڭ توسقۇنلۇقى بىلەن يېرىم يولدا توختاپ قالغان.

ئالتىنچى، 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى سەھەردە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانلىق جەسىتى بايقالغان نەق مەيدانىنى كۆرگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك، كېيىنچە بۇ ۋەقە

مۇنجىيە ئالدىگاروۋاغا، يەنە بىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفقا يېزىلغان ئىكەن. بۇ خەتلەرنىڭ ۋەقەدىن ئىلگىرىلا باشقىلار تەرىپىدىن بۇيرۇتۇپ يازدۇرۇلغان، يالغان ۋە ساختا خەتلەر ئىكەنلىكىنى ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى، قېرىنداشلىرى ۋە يېقىن دوستلىرىنىڭ ھەممىسى جەزىملەشتۈرگەن. ئەينى ۋاقىتتا بۇ ئىككى پارچە خەتنى كۆرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى خەت ئۇسلۇبىنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ پۇچۇركىسىغا زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى پارچە خەتكە قويۇلغان «ئابدۇرەھىم ئەيسا» دېگەن ئىمزانىڭ ئىككى خىل ئىملادا، يەنى بىرىنچى پارچە خەتكە يېڭى ئىملادا «ئا» ھەرپى بىلەن، ئىككىنچى پارچە خەتكە كونا ئىملادا «ئەلىف» بىلەن ئىمزا قويۇلغانلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلغان. كېيىن بۇ خەتلەر ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى مۇنجىيە خانىمغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن. ئەينى ۋاقىتتا مەيلى مۇنجىيە خانىم بولسۇن، ياكى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قېرىنداشلىرى بولسۇن، بۇ خەتلەرنىڭ باشقىلارغا بۇيرۇتۇپ يازدۇرۇلغان ۋە ساختا ئىمزا قويۇلغان خەتلەر ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگەن، ئەمما ئۇنى ئاشكارىلاشقا جۈرئەت قىلالمىغان. 1960 - يىللاردىن كېيىن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرى سوۋېت ئىنتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ھەققىدە ھايات شاھىتلارنى تېپىپ سۈرۈشتۈرۈشكە باشلىغان. 1970 - يىللاردا مەرۇپ ئەيسا تاشكەنتتىن ئالمۇتاغا بېرىپ، مىللىي ئارمىيەنىڭ سابىق يوقىرى دەرىجىلىك ئوفىتسېرلىرىدىن بولغان مەرغۇپ ئىسھاقوفنى ئىزدىگەن، ھەمدە ئۇنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن ئۇرۇمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىدا بىر ياتاقتا ياتقان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سابىق باشلىقى جاغدا بابالىكوف

ھۆكۈم چىقىرىشىغا قارىتا ئۆز دەۋرىدە كىشىلەردە قاتتىق گۇمان پەيدا بولغان، ئەمما ھېچكىم بۇنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

سەككىزىنچى، 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى سەھەردە تەگرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 2-قەۋەت 214-نومۇرلۇق ياتىقىنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ كىرگەن كىشىلەردىن بەزىلىرىنىڭ ئاشكارىلىشىچە، شۇ چاغدا ئابدۇرەھىم ئەيسا كارىۋىتىدا ئوڭدىسىغا ياتقان بولۇپ، يوتقان ئۈستىگە تۈگەل يېپىقلىق تۇرغان ئىكەن. «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش» ئۈچۈن ئۆزىگە پىچاق تىققان، ئاغرىق ئازابىدا قىينىلىپ ئۆلۈۋاتقان بىر ئادەم قانداق قىلىپ يوتقاننى ئۈستىگە شۇنچە ھەم يېپىۋالىدۇ؟ نەق مەيداننى كۆرگۈچىلەرنىڭ بايانلىرىمۇ خىلمۇ-خىل بولۇپ، بەزىلىرى پىچاق ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ يوتقىنى ئىچىدە، يەنى بىقىنى تەرەپتە ئىكەن دېسە، يەنە بەزىلەر پىچاق كارىۋاتتىن پولغا سېيرىلىپ چۈشكەن ئىكەن، دېيىشكەن. مۇنداق پەرقلىق بايانلار ئۆز ۋاقتىدا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى بىلەن قېرىنداشلىرىدا قاتتىق گۇمان پەيدا قىلغان. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى مۇنجىيە ئالدوگاروۋا سىڭلىسى نائىلە ئالدوگاروۋاغا: «مەن يولدىشىمنىڭ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقىغا ھېچ ئىشەنمەيمەن. سەن يولدىشىڭ رەفىق بايچۇرىندىن سوراپ باققىنە، ئۇ بۇ ئۆلۈمنىڭ سىرىنى بىلەمدىكىن؟» دېگەن. نائىلە ئالدوگاروۋا ئېپىنى تېپىپ بۇ ئىشنى يولدىشىدىن سورىغىنىدا، پولكوۋنىك رەفىق بايچۇرىن بىردىنلا ئۆڭۈپ-تاتىرىپ سەكرەپ كەتكەن. ئۇ خوتۇنىغا: «سەن بۇ گەپنى نەدىن تاپتىڭ، مېنىڭ ئابدۇرەھىمنىڭ ئۆلۈمى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتىم بار، ساڭا كىم ئېيتتى؟» دەپ ۋارقىرىغان.[113] رەفىق بايچۇرىن نېمە ئۈچۈن بۇ

---

[113] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 20-10-بەتلەر

ھەققىدە ئېغىز ئېچىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. نەق مەيداننى كۆرگەن سەيپىدىن ئەزىزى، جاغدا بابالىكوف، رەفىق بايچۇرىن ۋە باشقىلار بۇ ھەقتە ئۆمۈرۋايەت ئېغىز ئاچمايدۇ. ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇ كۈنى، يەنى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى چۈشتىن كېيىن قانۇن دوختۇرىنىڭ تىببىي تەكشۈرۈش ئىسپاتى بولمىغان بىر ئەھۋالدا، كاناي ۋە بەدەن قىسمىغا 10 قېتىم پىچاق ئۇرۇلغان ئابدۇرەھىم ئەيسانى «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىلەن ھۆكۈمەت، ھەتتا بۇ زور ئۆلۈم ۋەقەسىنى تەكشۈرۈش ھەيئىتىمۇ تەسىس قىلمايدۇ. قىسقىسى، بۇ دېلونىڭ تۈۋىقى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ بۇيرۇقى بىلەن شۇ كۈندىن باشلاپ يېپىلىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مېيىتى غۇلجادا داغدۇغىسىز بىر رەۋىشتە ھاپىلا-شاپىلا يەرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن، ئىلى ئوبلاستلىق ساقچى ئىدارىسى مېيىتنى يۇيۇپ-كېپەنلىگۈچىلەر بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى بىر-بىرلەپ چاقىرىپ، ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتە ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماسلىقىنى، ئەگەر بۇ توغرىلىق گەپ-سۆز تارقاتسا قاتتىق جازالىنىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تەھدىت سالىدۇ.

يەتتىنچى، مەيلى تىببىي ساھەدىكىلەر بولسۇن، ياكى قانۇن دوختۇرلىرى بولسۇن، ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان ئادەمنىڭ ئۆزىگە پەقەت بىرلا قېتىم پىچاق سۇرەلەيدىغانلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ھالبۇكى، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كاناي، قورساق ۋە كۆكرەك قىسمىغا جەمئىي 10 قېتىم پىچاق ئۇرۇلغان. يەنى كانايغا 3 قېتىم پىچاق سۈرۈلگەن، قالغان 7 پىچاق كۆكرەك ۋە قورساق قىسىملىرىغا تىقىلغان. مۇشۇنداق ئوپ-ئوچۇق پاكىت تۇرۇقلۇق، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسا «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» دەپ

كېلىپ سەھەردە كېتىدىغان بولۇپ قالغان. ئاردىن بىرقانچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن پورروچېك ئەخمەت ئەيساروپنىڭ ئۆلى ۋادىسىدىكى كۆكدالا يايلىقىدا ئۆزىنى ئېتىۋالغانلىقى ھەققىدە خەۋەر تارقالغان.[115] شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى بىلەن بولغان باغلىنىشى ئۈزۈلگەن.

---

[115] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 20-10-بەتلەر؛ مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019-يىل 4-ئاينىڭ 24-كۈنى، 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

مەسىلىدە جىددىيلىشىدۇ؟ ئۇ باجىسى ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن ئۈرۈمچىدىكى كۈرەش يىغىنىدا باشتىن-ئاخىر بىللە بولغان. 17-يانۋار كۈنى ئىشىكنى بۇزۇپ نەق مەيدانغا كىرگۈچىلەر ئىچىدىمۇ رەفىق بايچۇرىن بار ئىدى. ئەمما ئۇ كېيىنكى ئۆمرىدە، ھەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ بۇ ھەقتە ئەسلا ئېغىز ئاچمايدۇ. مەرۇپ ئەيسانىڭ بايان قىلىشىچە، رەفىق بايچۇرىن ئالمۇتاغا يەرلەشكەندىن كېيىن ئايالى نائىلە خانىمنى ئىشقا سېلىپ، ئاچىسىنىڭ ئۆيىدىن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ خەت-چەك ۋە خاتىرە دەپتەرلىرىنى ئالدۇرۇپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنى غايىپ قىلىۋېتىدۇ.[114]

توققۇزىنچى، 1958-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدە كېڭەيتىلگەن يىغىن داۋام قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، «يەرلىك مىللەتچى» دەپ تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىنغان كادىرلار نازارەت ئاستىغا ئېلىنغان. ئۇلارنىڭ ئارقىسىغا بىردىن مەخپىي ساقچى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئىش-ھەرىكەتلىرى يېقىندىن كۆزىتىلگەن. مەلۇم بولۇشىچە، شۇ كۈنلەردە ئابدۇرەھىم ئەيسانى نازارەت قىلىش ئۈچۈن ئارمىيەدىن كەسىپ ئالمىشىپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىدە ئىشلەۋاتقان ئەخمەت ئەيساروپ ئىسىملىك بىر خادىم بېكىتىلگەن. پوروچىك ئۇنۋانىغا ئىگە بۇ كىشى پۇقراچە كىيىنىپ، كېچە-كۈندۈز ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئەتراپىدىن نېرى كەتمىگەن. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمىدىن كېيىن پوروچىك ئەخمەت ئەيساروپ كۆرۈنمەس بولۇپ كەتكەن. كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۇ تۆمۈريول قۇرۇلۇشىدا ئىشلەۋاتقان مەھبۇسلارغا نازارەتچى باشلىق قىلىپ ئەۋەتىلگەن. ئەجەبلىنەرلىكى شۇكى، ئۇ شۇندىن كېيىن ئۆيىگە كۈندۈزدە ئەمەس، بەلكى كېچىدە

[114] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 20-10-بەتلەر

ئارقىسىدا ئۇرۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دوستى، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ھېۋىزۇللايوپ ئۇرۇمچىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» يىغىنىدا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ «جىنايەتلىرى» نى پاش قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا قارشى تەنقىدنى يوقىرى كەيپىياتقا كۆتۈرىدىغان بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا زاھىر سەۋدانوۋ قاتارلىق كىشىلەرمۇ ۋاڭ ئىنماۋ تاپشۇرغان ۋەزىپە بويىچە ئابدۇرەھىم ئەيسانى «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» دېگەن جىنايەت بىلەن ئەيىبلەيدىغان بولغان. بۇ جەرياندا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھېۋۇللا سوت (ھەببۇللا مۇتەللىپ) ئابدۇرەھىم ئەيسانى «مەسىلە تاپشۇرۇش» قا قىستاپ كۆزگە كىرىۋالغان. ئەمدى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ باجىسى رەفىق بايچۇرىنغا كەلسەك، ئۇنىڭ بۇ دېلو بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن سىرلىق ۋە غەلىتە بولۇپ، ئۇ بەلكىم سوۋېت تەرەپ تاپشۇرغان مەخپىي ۋەزىپە بويىچە بۇ ۋەقەگە ئارىلاشقان بولسا كېرەك. ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ ئالاھىدە خادىمى ئەخمەت ئەيساروپقا كەلسەك، مەزكۇر ئەسلىمىدە ئۇنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسانى جىسمانىي جەھەتتىن يوق قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان بىرى بولۇشى مۇمكىنلىكى ئىلگىرى سۈرۈلگەن.[117]

يوقىرىقى بايانلار مەرۇپ ئەيسا قاتارلىق ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا كۆرگەن- بىلگەنلىرى ۋە مەزكۇر دېلو ھەققىدە ئۇزۇن يىللىق ئىزدىنىش جەرياندا

---

[117] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 21 ـ 20 ـ بەتلەر

## ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمىدە خىتاي-سوۋېت ئىككى دۆلەت ئىستىخباراتىنىڭ قولى بولغانمۇ؟

مەرۇپ ئەيسانىڭ 1990 - يىللاردا سابىت ئابدۇراھمان ئۇيغۇرى قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قەلەمگە ئېلىنىپ، رەتلەنگەن ئەسلىمىسىنىڭ ئاخىرىقى بەتلىرىدە، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1958 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى كېچىسى ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 214 - نومۇرلۇق ياتىقىدا سىرلىق بىر رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلىشى ھەرگىزمۇ «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» لىق ئەمەس، بەلكى بىر مەيدان ئالدىن پىلانلانغان «سىياسىي سۈيىقەست» دەپ ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.[116]

ئەسلىمىدە بۇ سۈيىقەست ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ بىرىنچى سېكرىتارى ۋاڭ ئېنماۋ تەرىپىدىن پىلانلانغان، ئۇنى ئىجرا قىلىش ئىشى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى ئەنۋەر جاكۇلىنغا تاپشۇرۇلغان. ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بۇ ئىشتىن ئاز-تولا خەۋىرى بولغان بولسىمۇ، لېكىن قاندۇقتۇر بىر سىرلىق سەۋەب بىلەن بۇ سۈيىقەستىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا سۈكۈت قىلغان. ۋاڭ ئېنماۋنىڭ پەردە

---

[116] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 20 - 10 - بەتلەر

بىر قىسىم مەنبەلەر ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمىدىن ئىبارەت بۇ سىرلىق دېلونىڭ پەردە ئارقىسىدا، خىتاي بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخباراتىنىڭ ئورتاق قولى بارلىقىدەك بىر ئېھتىماللىقنى ئوتتۇرىغا چىقارماقتا.

مەلۇمكى، 1949-يىلى ئۆكتەبىردە خىتاي خەلق جۇمھۇ-رىيىتى قۇرۇلغاندىن تارتىپ، تاكى 1959-يىلى خىتاي-سوۋېت مۇناسىۋىتى بۇزۇلغىچە بولغان 10 يىل جەريانىدا، بولۇپمۇ 1957-يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتى «شېرىن ئاي» ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن ئىدى. بۇ مەزگىلدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بىلەن بولغان سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا جەھەتلەردىكى ئالاقىلىرى خىتاينىڭ باشقا ئۆلكىلىرىگە قارىغاندا ئالاھىدە قويۇق ئىدى. 1950-يىللارنىڭ باشلىرىدا سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار بىلەن 1955-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن نازارەت دەرىجىلىكتىن يۇقىرى كادىرلارنىڭ تىزىملىكى خىتاي مەركىزى بېيجىڭغا يوللانغاندىن باشقا، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونسۇلخانىسىغىمۇ يوللىناتتى، ھەمدە ئۇلارنىڭ پىكرى ئېلىناتتى. 1978-يىلى ئەتىيازدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى «يولداش سەيپىدىننىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» ناملىق ئىچكى ماتېرىيال چىقىرىدۇ. مەزكۇر ئىچكى ماتېرىيالدا سەيپىدىن ئەزىزنىڭ 1950-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا خىتاينىڭ ئىچكى ئەھۋالىغا دائىر مۇھىم ھۆججەتلەرنى يوللاپ بەرگەنلىكى، سابىق شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىگە تەيىنلەنمەكچى بولغان ھۆكۈمەت ئەزالىرى، ھەرقايسى نازارەت

توپلىغان يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن ئوتتۇرىغا تاشلىغان سوئاللىرى ۋە گۇمانلىرىدۇر. ئەلۋەتتە، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى قالدۇرۇپ كەتكەن گۇمان ۋە سوئاللار ھۆججەتلىك دەلىل-ئىسپاتلار ۋە ئارخىپ ماتېرىياللىرى بىلەن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىنىشى كېرەك. ئىشىنىمىزكى، يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئاللار ۋە گۇمانلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى جاۋابى قاچانكى خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتى، ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى، ش ئۇ ئا ر دۆلەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ 1950-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا چىقارغان «مۇتلەق مەخپىي» ئارخىپ ماتېرىياللىرى بىلەن ھۆججەتلىرى ئاشكارا بولغان كۈنى ئاندىن ئايدىڭلىشىدۇ.

مەرۇپ ئەيسا 1990-يىللاردا ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمى توغرىلىق تاشكەنتتە يازغان ئەسلىمىسىدە بولسۇن، ياكى 2019-يىلى 4- ۋە 5-ئايلاردا ئاپتور بىلەن ئۆتكۈزگەن تېلېفون سۆھبىتىدە بولسۇن، ئابدۇرەھىم ئەيسانىنىڭ ئۆلۈمىدە خىتاي بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئىبارەت ئىككى دۆلەت ئىستىخباراتىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ئورتاق قولى بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.[118] دەرۋەقە، خىتاي بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 1950-يىللاردىكى ئۇيغۇر دىيارىغا مۇناسىۋەتلىك ھەمكارلىقلىرى، شۇنداقلا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ھەققىدە ئىككى دۆلەتنىڭ مەخپىي ئارخىپ ھۆججەتلىرى تېخى ئاشكارا بولمىغان بىر ئەھۋالدا، بۇ تەخمىنى دەلىللەش ئىنتايىن قىيىنغا توختايدۇ، ئەلۋەتتە. ئەمما ھازىرچە قولىمىزدا بار بولغان

---

[118] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى» (ئەسلىمە)؛ مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019-يىل 4-ئاينىڭ 24-كۈنى، 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

ھەر بىر ھەرىكەتكە، ئىدىيەسىگە ۋە ئۇلارنىڭ خەلق ئىچىدىكى تەسىرىگە ئىنچىكىلىك بىلەن دىققەت قىلغان ئىدى. ئۈرۈمچى، غۇلجا ۋە قەشقەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىلىرى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ھەر بىر ئۆزگىرىشلەرنى ئەڭ ئىنچىكە دېتاللىرىغىچە موسكۋاغا دوكلات قىلىپ تۇراتتى. مانا مۇشۇنداق بىر ئەھۋالدا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسادەك بىر يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرنىڭ ئىش-ھەرىكىتى، سىياسىي-ئىدىيەۋي يۆنىلىشى ۋە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان پوزىتسىيەسىگە دىققەت قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بىلەن بىۋاستە چېگرالىنىدىغان ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇشىدەك سىياسىي سالاھىيىتىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ دىققەت نۇقتىسىدا ئىدى.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى ۋە سىياسىي ھاياتى ئۇنىڭدا ھەم رۇس بولشېۋىكلىرىغا، ھەم كوممۇنىست خىتاينىڭ رېجىمىغا نىسبەتەن كۈچلۈك قارشىلىق، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىغا بولغان چەكسىز ئىنتىلىش روھىنى يېتىلدۈرگەن ئىدى. ئۇيغۇر سەرخىللىرى سىياسىي مەپكۇرە ۋە ئىدېئولوگىيە جەھەتتىن بىرقانچە گۇرۇھلارغا بۆلۈنۈپ كەتكەن 1940-يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا، ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋەتىنىنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ ئامىلنىڭ، ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ، ياكى خىتاينىڭ قولىدا بولۇپ قېلىشىنى ئەسلا خالىمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر قىسىم ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ خىتاينىڭ كۈنلۈكى ئاستىدا تۇرۇپ ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئالىي مۇختارىيەت ئېلىش تەشەببۇسىنى، «پەقەت ئامال بولمىغاندا تاللايدىغان بىر يول»

ۋە ئىدارىلەرگە ۋەزىپىگە قويۇلىدىغان نامزاتلارنىڭ تىزىملىكىنى كۆرسىتىپ ئۇلارنىڭ تەستىقىنى ئالغانلىقى، 1955 ـ يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلىدىغان چاغدا ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىس ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە كۆرسىتىلگەن نامزاتلارنىڭ تىزىملىكىنى ئالدىنئالا سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا مەلۇم قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىدۇ.[119] ھەتتا 1949 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى ۋاڭ جېن باشچىلىقىدىكى خىتاي كوممۇنىستلىرى ئۈرۈمچىدە شىنجاڭ ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنى تەسىس قىلغان ۋاقىتتا، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىكىگە تەيىنلەنگەن سەيپىدىن ئەزىزى، ئۆلكىلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئەزالىقىغا تەيىنلەنگەن قىيىيۇمبەگ خوجا، لېسكىن، غېنى باتۇر، ئەنۋەر جاكۇلىن، ئەسئەت ئىسھاقوف، ئەنۋەر خانبابا، پاتىخان سۇگۇربايېۋ قاتارلىق كىشىلەر خىتاي پۇقراسى ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقراسى ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بولشېۋىكلار پارتىيەسى سىياسىي بيۇروسى پەقەت 1950 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى 73 ـ قېتىملىق يىغىن قارارى ماقۇللاپ، يوقىرىقى كىشىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 16 كىشىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى پۇقرالىقى ۋە دۆلەت تەۋەلىكىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ.[120]

دېمەك، 1950 ـ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئارقا ھويلىسى بولغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايوننىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى بىلەن بۇ ئورگانلاردا ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان مۇئاۋىن نازىر دەرىجىسىدىن يوقىرى كادىرلارنىڭ

---

[119] ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن: «يولداش سەيپىدىننىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» (ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىدا بېسىلغان ئىچكىي ماتېرىيال)، ئۈرۈمچى، 1978 ـ يىلى، 51 ـ 50 ـ بەتلەر

[120] 《新疆通史》编撰委员会编，沈志华编译：《俄国解密档案：新疆问题》，乌鲁木齐：新疆人民出版社2013年版，第360-361页

دېگەن قاراشنى شەكىللەندۈردى. شۇ سەۋەبتىن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىن تاكى 1957 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان جەرياندىكى ئىش ـ ھەرىكەتلىرى، مىللىي غايىسى ۋە سىياسىي ـ ئىدىيەۋىي جەھەتتىكى ئىنكاسلىرىنى كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتىمۇ، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپمۇ ئىنتايىن سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان ئىدى.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شەخسىي كەچۈرمىشلىرى، ھەم بىۋاسىتە بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھايات تەجرىبىلىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇنداق تۆت ۋەقە ئۇنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان ئۈمىدى، ئىشەنچىسى ۋە ماھىللىقىنى يوق قىلغان ئىدى: بىرىنچىدىن، 1927 ـ يىلى 17 ياشلىق ئابدۇرەھىم ئەيسا موسكۋادىكى يېزا ـ ئىگىلىك ئىنىستىتۇتىدىن «باي دېھقانىنىڭ بالىسى» دېگەن سەۋەب بىلەن ھەيدىلىدۇ. بۇ ئىش ياش ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قەلبىدە رۇس بولشېۋىكلىرىغا ۋە سوۋېت ھاكىمىيىتىگە بولغان گۇمان، ھەم نارازىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ يۇرتى غالجاتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەيلا دادىسى يەنە شۇ «باي دېھقان» دېگەن قالپاق بىلەن ئەيىبلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ پۈتكۈل ئائىلىسىدىكىلەر سوۋېت رېجىمى ئاستىدا ياشاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى تونۇپ يېتىپ، غۇلجاغا قېچىپ كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، ئىلىدا مىللىي ئىنقىلاب دەسلەپكى قەدەمدە غەلىبەگە ئېرىشىپ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغان، مىللىي ئارمىيە ئوتتۇرا يۆنىلىش بويىچە جەنۇب ۋە شىخولارغا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقى باشلانغان 1945 ـ يىلىنىڭ باھار پەسلىدە، ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىنىڭ مەخپىي قوللىشى بىلەن «باھار» تەشكىلاتى قۇرۇلىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسا سەپداشلىرىدىن قاسىمجان زۇلياروف، كەنجى قاتارلىقلار

دەپ قارىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ يەنە سوۋېت ئىتتىپاقى، ياكى رۇس كوممۇنىزمى ئۇيغۇرلارغا ھەقىقىي ئازادلىق ئېلىپ كېلىدىغان بىردىن-بىر يول دېگەن قاراشلارغىمۇ گۇمان بىلەن قارايتتى. ئۇ شۇ يىللاردا سىياسىي غايە جەھەتتىن بىر-بىرگە ئوخشىمايدىغان ۋە بىر-بىرى بىلەن رىقابەتتە بولغان گۇرۇھلارغا ئەمەس، بەلكى بۇ گۇرۇھلارنىڭ ئاخىرقى يەتمەكچى بولغان كۆرەش نىشانىغا، يەنى ۋەتەننىڭ تەقدىرى مەسىلىسىگە ھەممىدىن بەكرەك قىزىقاتتى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ 1940-يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا «ئىلى گۇرۇھى» نىڭ يېتەكچىسى بولغان ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن پەۋقۇلئاددە يېقىن دوستلۇق مۇناسىۋىتىدە بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، «ئۈچ ئەپەندى» لەر گۇرۇھىدىكى مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەنمۇ ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس ئىدى.

1949-يىلى ئاۋغۇستتا ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تېرىتورىيەسىدە سىرلىق يوسۇندا يوق قىلىنىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپىنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى تېزلىكتە ئىگىلىشىگە شارائىت ھازىرلاپ بېرىشى، ئەسلىدىنلا رۇسلارغا گۇمان بىلەن قاراپ كەلگەن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان پوتكۇل ئىشەنچىسىنى يوق قىلىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىنى ئىدارە قىلغان دەسلەپكى 5 يىل جەريانىدىكى ئەمەلىيىتى ۋە 1955-يىلىغا بارغاندا «نامى ئۇلۇغ سۇپرىسى قۇرۇق» ئاپتونومىيە بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلىشى، ئابدۇرەھىم ئەيسادا مەيلى گومىنداڭچى خىتايلار بولسۇن، ياكى كوممۇنىست خىتايلار بولسۇن، ھەرقانداق بىر رەڭدىكى خىتايدىن ئۇيغۇرلارغا خەيرىخاھلىق كەلمەيدۇ،

قىلدۇرىدۇ. تۆتىنچىدىن، 1949-يىلى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق رەھبەرلەرنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تېرىتورىيەسىدە سىرلىق «ئايروپىلان ۋەقەسى» دە يوق قىلىنىشى، ئارقىدىنلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غايەت زور ماددىي ياردەم ۋە ھەربىي ھازىرلىقلار ئارقىلىق خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئۇيغۇر دىيارىغا كىرىشىنى تېزلىتىشى، ئابدۇرەھىم ئەيسادا خىتاي-رۇس ئىككى دۆلەتنىڭ مەنپەئەت مۇناسىۋىتىدە ئۇيغۇرلار ھامان قۇربانلىق قىلىنىدۇ، دېگەن قاراشنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن 1951-يىلىدىكى «51 چىلەر مەجلىسى» دە ئابدۇرەھىم ئەيسا، خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ كۈنلۈكى ئاستىدا ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى بولغاندىن كۆرە، سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ، ياكى خىتايغىمۇ بېقىنمايدىغان مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى بەكرەك قۇۋۋەتلەيدۇ. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مودېلى بويىچە خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەلەپ قىلىش، «پەقەتلا باشقا تاللاش قالمىغاندا ئوتتۇرىغا قويىدىغان تەلەپ» بولۇشنى، مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش غايىسىنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ۋە ئەڭ ئاداققىي نىشان بولۇشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ھالبۇكى، كېيىنكى تارىخىي رېئاللىق ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان چۈشىنى بىر قەدەم، بىر قەدەمدىن غۇۋالاشتۇرىدۇ. 1954-يىلى خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىنىڭ شىمالىدىكى سابىق شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ تېرىتورىيەسى بولغان 3 ۋىلايەتنى قوشۇپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنى قۇرغاندا، 1955-يىلى ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلىك ھوقۇق ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى ئۆلكە دەرىجىلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنى تەسىس قىلغاندا، ئابدۇرەھىم ئەيسا خىتاي خەلق

بىلەن بۇ تەشكىلاتتا ئۆرۈمچىدىكى ئوت يۈرەك ياشلارنى جەلپ قىلىدۇ، ھەمدە كەلگۈسىدە مىللىي ئارمىيە ئۆرۈمچىگە ھۇجۇم قىلغاندا ئىچكىي جەھەتتىن قوزغىلىپ ماسلاشماقچى بولىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا خائىنىنىڭ ساتقىنلىقى بىلەن «باھار» تەشكىلاتى پاش بولۇپ قالىدۇ. قاسىمجان زۇلياروۋ بىلەن كەنجى ئۆرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىسىغا قېچىپ كىرىپ پاناھلىق سورايدۇ. ئەمما سوۋېت كونسۇلى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى ئۇقۇپ، بۇ ئىككەيلەننى كونسۇلخانىدىن ھەيدەپ چىقىرىدۇ. بۇ ئىككەيلەن سىرتقا چىقىشىغا گومىنداڭ ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، تۈرمىدە دەھشەتلىك قىيناقلارغا دۇچ كېلىدۇ. كېيىنچە بۇ ئىككەيلەننىڭ ئۆلۈكى تىككۇدۇقتىكى كۆمۈر كان قۇدۇقىغا تاشلىۋېتىلىدۇ. «باھار» تەشكىلاتىنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق باشقا ئون نەچچە ئاساسلىق كىشىلىرىمۇ ئارقا-ئارقىدىن قولغا ئېلىنىپ، گومىنداڭ تۈرمىسىدە ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىين-قىستاقلارغا دۇچ كېلىدۇ. ئۆرۈمچىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلخانىنىڭ مۇشۇنداق جىددىي ۋەزىيەتتە يۈزىنى تەتۈر ئۆرۈشى، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا بولغان كۆزقارىشىنى ئۆزگەرتىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئىلىدىن باشلانغان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابى غەلىبەسىرى كېڭىيىپ، مىللىي ئارمىيە ماناس دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىغا يېتىپ كېلگەندە، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىلى تەرەپنى سۈلھىگە مەجبۇرلىشى، «11 بىتىم» نىڭ ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلۇشى، ھەمدە ئىلىدىكى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى، ئابدۇرەھىم ئەيسادا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پىشى تەگكەن ھەرقانداق بىر ئىشنىڭ نەتىجىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا خەيرلىك بولمايدىغانلىقىدەك بىر ھەقىقەتنى چوڭقۇر ھېس

ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدە تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، باش كونسۇل دوباشىنغا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ «جىنايەت» لىرى ھەققىدە دوكلات قىلىدۇ.[122] ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانلىق جەسىتى ئايروپىلان بىلەن غۇلجاغا ئېلىپ بېرىلغان كۈنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقي ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ خۇاڭجاڭ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ غۇلجادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىنىڭ ئالاھىدە خادىمى بلوكىنغا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ «خىتاي كوممۇنىستلىرىغا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسىگە قارشى بىر قاتار جىنايەتلىرى» ھەققىدە دوكلات قىلىدۇ.[123]

1958 - يىلى 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈرۈمچىدە سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلۈپ، ئارىدىن 5 كۈن ئۆتكەندە، يەنى 1 - ئاينىڭ 22 - كۈنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى تاشقي ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋاڭ خۇاڭجاڭ، غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى گ. پ. بلوكىن بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ قېتىملىق كۆرۈشۈش بلوكىننىڭ ئۆيىدە بولىدۇ. كۆرۈشۈشتە ۋاڭ خۇاڭجاڭ كونسۇل بلوكىنغا مۇنۇلارنى بايان

[122] "Memorandom of a Discussion held by USSR Consul-General in Ürümchi, G. S. Dobashin, with First Secretary of the Party Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Wang Enmao, and Chair of the People's Committee, Comrade S. Azizov", January 17, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 54-56; Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175894 )

[123] "Memorandum on a Discussion with Wang Huangzhang, Head of the Foreign Affairs Office of the Prefectural People's Committee", January 22, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 61-64, Translated by David Brophy. Wilson Center, Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175899 )

جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدا ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تۇرماق، ھەتتا ھەقىقىي ئاپتونومىيەگىمۇ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر دەرىجىدە ھېس قىلىدۇ. شۇڭا ئابدۇرەھىم ئەيسا شۇ يىللاردا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا: «شىنجاڭدا ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاست ۋە ئاپتونوم ناھىيەلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقى بىلەن قۇرۇلمىغانلىقىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. ‹ئاساسىي قانۇن› دا مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىكى بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە تېخى ھوقۇقتا باراۋەر بولغىنى يوق. بۇنىڭدا ‹ئاچقۇچنىڭ كىمنىڭ قولىدا ئىكەنلىكى› گە قاراش كېرەك،» دەيدۇ.[121]

ئابدۇرەھىم ئەيسا شۇ يىللاردا يەنە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنىمۇ تەنقىد قىلىدۇ. ئۇ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قازاقىستان، ئۆزبېكىستان، قىرغىزىستان قاتارلىق ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەتلەرگە بەرگەن ھەق-ھوقۇقلىرىنىڭ پەقەتلا «شەكلەن ئاپتونومىيە» دىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. دەرۋەقە، سوۋېت ئىتتىپاقى دائىرىلىرى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە ئۇنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى تەنقىد قىلغان گەپ-سۆزلىرىدىن، بولۇپمۇ ئۇنىڭ خىتاي كوممۇنىستلىرىغىلا ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ قارشى پوزىتسىيەسىدىن ئۆز قاناللىرى ئارقىلىق خەۋەر تېپىپ تۇرغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئابدۇرەھىم ئەيسا سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى كەچقۇرۇن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى سەيپىدىن ئەزىزى سوۋېت

[121] «ئوڭچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيەگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىندى»، «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958-يىللىق 5-سان

1956-يىلى باشلانغان «ئېچىلىپ-سايراش» ھەرىكىتى مەزگىلىدە، ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋەكىللىكىدىكى بىر قىسىم يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرلار، خىتاينىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ. ئۇ خىتاينىڭ ئاتالمىش «مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە» سىنىڭ پۈتۈنلەي قۇرۇق بىر شەكىل ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ «قۇرۇلغانلىقى بىلەن قۇرۇلمىغانلىقىنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوقلىقى» نى، ئاتالمىش «ئاپتونوم رايون»، «ئاپتونوم ئوبلاست»، «ئاپتونوم ناھىيە» دەپ قالپاق كىيدۈرۈلگەن مەمۇرىي بىرلىكلەرنىڭ «ئاچقۇچى» نىڭ يەرلىك مىللەتلەردىن قويۇلغان مەمۇرىي باشلىقنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى خىتايلاردىن قويۇلغان پارتكوم سېكرېتارلىرىنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئىبراھىم تۇردى قاتارلىق ئۇيغۇر كادىرلار سوۋېت ئىتتىپاقىغىمۇ سوئال قويىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا «مەيلى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئىدارىسى ئاستىدىكى شىنجاڭدا بولسۇن، ياكى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كونلۇكى ئاستىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا رېسپۇبلىكىلىرىدا بولسۇن، ھەقىقىي مەنىدىكى ئاپتونومىيە، ۋە مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇش ئىشقا ئاشمىدى.»[125] دېگەن بولسا؛ ئىبراھىم تۇردى «شىنجاڭدا

rade Iu. V.Andropov, 'On Manifestattions of the Local Nationalism in Xinjiang (PRC)'," March 03, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 44-47. Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175900 )

[125] "M. Zimianin to the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V.Andropov, 'On Manifestattions of the Local Nationalism in Xinjiang (PRC)'," March 03, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 44-47. Translated by David Brophy. Wilson Center Digital

قىلىدۇ: «ئابدۇرەھىم ئەيسا پارتىيە ۋە خەلققە قارشى جىنايىتى سەۋەبلىك ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش ئۇسۇلى بىلەن ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان. 17-يانۋار كۈنى سەھەردە مېھمانخانىدىكى يولداشلار ئەتىگەنلىك تاماققا چىقىپ كەتكەندە، ئۇ ياتاقتا يالغۇز قېلىپ ئۆزىنى بوغۇۋېلىۋالغان. ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈستىدىن كۆپلىگەن ئەيىبلەشلەر ئوتتۇرىغا چۈشكەن. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ مۇھىم بولغانلىرى، ئۇنىڭ خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى كومپارتىيەسىگە قارشى چىققان جىنايەتلىرىدۇر. ئابدۇرەھىم ئەيسا ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغان. ئۇ يەنە ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەيلى خىتاي تەركىبىدە ۋە ياكى سوۋېت ئىتتىپاقى تەركىبىدە بولۇشى مۇھىم ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ مۇستەقىل، ئۆز-ئۆزىگە خوجا بولۇشى ھەممىدىن مۇھىم، دېگەن. ئابدۇرەھىم ئەيسا مەيلى خىتاي كوممۇنىستلىرى بولسۇن، ياكى رۇس بولشېۋىكلىرى بولسۇن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى توغرا ۋە ئادىل بولغان مىللەتلەر سىياسىتىنى يۈرگۈزگىنى يوق، يەنى ئۇلار مەيلى شىنجاڭدا بولسۇن، ۋە ياكى ئۆزبېكىستان ۋە قازاقىستانلاردا بولسۇن، يەرلىك خەلقنىڭ ھەقىقىي مۇستەقىللىقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغىنى يوق، دەپ بىلجىرلىغان. تېخىمۇ دىققەت قوزغايدىغان بىر نۇقتا شۇكى، ئابدۇرەھىم ئەيسا يەنە مۇنداق دەپ جۆيلىگەن: ‹ئىلگىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقى ئۇيغۇرلارنىڭ خىتايلارغا قارشى كۈرىشىگە ياردەم بەرگەن ئىدى، بىراق ھازىر ئۇنىڭ ئەكسىچە، خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارغا قارشى كۈرىشىگە ياردەم بېرىۋاتىدۇ. ئەگەردە خىتايلار ئۇيغۇرلارنىڭ مۇستەقىللىق تەلىپىگە قارشى تۇرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا خەلقنى قۇراللاندۇرۇپ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.› »[124]

---

[124] "M. Zimianin to the Central Committee of the CPSU and to Com-

پارتكوم سېكرېتارلىرىنىڭ قولىدا،» دېگەن. ئۇ يەنە شۇ يىغىندا سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەنقىت قىلىپ: «سوۋېت ئىتتىپاقى ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنى قوللىغاندەك ۋە ياردەم بەرگەندەك كۆرۈنگەن بولسىمۇ، ئەمما ھازىر خىتايلارنىڭ ئۇيغۇرلارنى باستۇرۇشىغا ياردەم قىلىۋاتىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرى نامىدا ‹ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت›، ‹ئىستان› دېگەندەك ھەيۋەتلىك ناملار بىلەن ئاتالغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە موسكۋانىڭ ئۇلارغا بەرگىنى بېيجىڭنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا بەرگەن شەكلەن ئاپتونومىيەسىدىن ھېچ پەرق قىلمايدۇ،»[127] دېگەن. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1957-يىلى 5-ئايدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ماي كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا يوقۇرىقى سۆزلەرنى قىلغانلىقىنى سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچى ۋە غۇلجادا تۇرۇشلۇق كونسۇللىرىنىڭ موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتلىرىمۇ تەستىقلايدۇ.[128]

بۇنىڭدىن كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، ئابدۇرەھىم ئەيسا 1957-

---

[127] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى؛ 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

[128] "Memorandom of a Discussion held by USSR Consul-General in Ürümchi, G. S. Dobashin, with First Secretary of the Party Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Wang Enmao, and Chair of the People's Committee, Comrade S. Azizov", January 17, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 54-56; Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175894 );
"M. Zimianin to the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V.Andropov, 'On Manifestattions of the Local Nationalism in Xinjiang (PRC)'," March 03, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 44-47. Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175900 )

ئىككى چوڭ تاغ بار، شەرقتە جۇڭگو، غەربتە سوۋېت ئىتتىپاقى. ئۇلارنىڭ ۋىجدانى ۋە مېھىر-شەپقىتى بولغاندىلا، ئاندىن بىزگە ئۈمىد تۇغۇلىدۇ،»[126] دەيدۇ.

دەرۋەقە، ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئىبراھىم تۇردى، نىزامىدىن ھۈسەيىن قاتارلىق ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ 1950-يىللاردا خىتاي كومپارتىيەسىگىلا ئەمەس، بەلكى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا ۋە ئۇنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىگە بولغان تەنقىدىي پوزىتسىيەلىرى تورلۈك قانالللار ئارقىلىق سوۋېت تەرەپكە مەلۇم بولۇپ تۇرغان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن سوۋېت ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ غۇلجا ۋە ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىلىرى، ئۇيغۇر دىيارىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان ئالاھىدە خادىملىرى، شۇنىڭدەك خىتاي ھۆكۈمەت سىستېمىسىدىكى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن مۇناسىۋىتى بولغان ئادەملىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر دىيارىدىكى «سوۋېتلەر ئىتتىپاقىغا قارشى ئۇنسۇر» لارنى كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. مەرۇپ ئەيسانىڭ تەكىتلىشىچە، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنى تەنقىتلەپ قىلغان ئاخىرقى سۆزى، 1957-يىلى 6-ئايدا خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكىگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ چەتئەلگە مېڭىشتىن ئىلگىرى ئېچىلغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ماي كېڭەيتىلگەن يىغىنى (1957-يىلى 5-ئايدا ئېچىلغان) دا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇ يىغىندا ئابدۇرەھىم ئەيسا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىنى تەنقىدلەپ، «ئاپتونومىيە نامدا ئۇيغۇرلارغا بېرىلگەندەك قىلىسمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاچقۇچى ئۇيغۇرلارغا بېرىلمىدى. بۇ ئاچقۇچ ھەر دەرىجىلىك خەنسۇ

Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175900)

[126] «ئوڭچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيەگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۈزۈل-كېسىل تارمار قىلىندى»، «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958-يىللىق 5-سان

قىبلىگاھى بولغان مەككىگە ھەج ئۆمىكى تەشكىللەپ ئەۋەتىشى ھەممىنى ھەيران قالدۇرسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا كوممۇنىست خىتاينىڭ تاشقى سىياسەتتىكى بىرقانچە ئەمەلىي ئېھتىياجى سەۋەب بولغان ئىدى. بىرىنچىدىن، سوۋېت ئىتتىپاقى ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب لاگېرىغا قارشى سوغۇق ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىدە كۆتۈرۈلگەن غەربكە قارشى سىياسىي كەيپىياتتىن پايدىلىنىپ، ئىسلام ئەللىرىنىڭ كوممۇنىزىم لاگېرىغا بولغان ماھىللىقىنى ئۇتۇشقا جىددىي ھەرىكەت قىلىۋاتاتتى. شۇڭا بۇ خەلقئارالىق كۈرەشتە سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىست خىتاي بىلەن بىرلىك سەپ قۇرۇشقا موھتاج ئىدى. شۇڭا كوممۇنىست خىتاينىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپلا، ئەڭ ئالدى بىلەن دىپلوماتىيە جەھەتتىن ئىسلام ئەللىرىنىڭ قوۋۇقىنى چېكىشى، ئەمەلىيەتتە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بولغان ئىدى. ئىككىنچىدىن، تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ

يىلى 6-ئايدا بېيجىڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن «خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۇيۇشمىسى» نى باشلاپ ئەرەبىستانغا ماڭغاندا، سوۋېت ئىستىخباراتىنىڭ ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق چەتئەل سەپىرىدىن ئالدىنئالا خەۋىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇرەھىم ئەيسا باشلاپ ماڭغان بۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە ئابدۇراھمان ھىدايەتوفقا ئوخشاش مەخپىي ۋەزىپەلەندۈرۈلگەن ئالاھىدە خادىملار بار بولۇپ، ئۇلار ھەرمىدىكى ھەج تاۋابىتى جەريانىدا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كەينىدىن گويا قۇيرۇقتەك ئەگىشىپ، ئۇنىڭ كىم بىلەن كۆرۈشكەنلىكى، نېمە دېيىشكەنلىكى، قەيەرلەرگە بارغانلىقى ۋە قانداق سۆز-ھەرىكەتلەردە بولغانلىقىنى بىرمۇ-بىر خاتىرىلەپ ماڭغان ئىدى. ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە، ئابدۇراھمان ھىدايەتوف ئىسىملىك بۇ سىرلىق شەخسنىڭ ئۆزىنى بېيجىڭدىكى خىتاي مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ 3-كاتىپى دەپ تونۇشتۇرغانلىقىنى، ئۇنىڭ 1956-يىلى، 1957-يىلى ۋە 1958-يىلى ئۇدا 3 قېتىم خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.[129]

كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى 1954-يىلىغا كەلگەندە تۇنجى نۆۋەتلىك خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكى تەشكىللەپ سەئۇدى ئەرەبىستانغا ئەۋەتىدۇ. ئەمما قىزىل خىتاينىڭ بۇ تۇنجى نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكى پۈتۈنلەي تۇڭگانلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇرلاردىن ھەجگە ئەۋەتىلگەنلەرنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ئاتېئىزىم (دىنسىزلىق) پرىنسىپى ئۈستىگە قۇرۇلغان خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ

[129] Ömer Kul yayina hazirlayan: Esir Doğu Türkistan İçın-2: Isa Yusuf Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), ss. 168; 216-217; 237-243

كىشىلەرنى ئوتتۇرا-شەرق ئەللىرىگە ئەۋەتىپ، ئۇ جايلاردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنى ئۆزىگە تارتىشى، خىتاي چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بېسىپ ياتقان قىزىل خىتاينىڭ جىددىي دىققىتىنى قوزغىغان ئىدى. ئۈچىنچىدىن، 1954-يىلى ئىسلام دۇنياسىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ھىجازدا قۇرۇلتاي چاقىرىپ، مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننى «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى تولۇق ھوقۇقلۇق ئىككى رەھبىرى» دەپ تونۇشى، ھەم قىزىل خىتاينىمۇ، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىمۇ خاتىرجەمسىزلەندۈرگەن ئىدى.

مەلۇمكى، 1954-يىلى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ ھىجاز شەھىرىگە يىغىلىپ، چوڭ تىپتىكى قۇرۇلتاي ئاچىدۇ. بۇ قېتىملىق قۇرۇلتايغا قاتناشقان ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى بىردەك مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننى «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ

---

بولۇپ، گومىنداڭ دەۋرىدە خىتاينىڭ غەربىي-شىمالىدا دەۋر سۈرگەن ما فامىلىلىك تۇڭگان مىلىتارىستلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1936-يىلىدىن كېيىن گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىدىكى ئەڭ زور ھەربىي كۈچكە ئىگە يەرلىك خاقان بولۇۋالغان. گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئۇنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى كۆزدە تۇتۇپ، گومىنداڭ تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئەزاسى، چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى، غەربىي-شىمال ھەربىي-مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرگە تەيىنلىگەن. خىتاي كوممۇنىستلىرى ھاكىمىيەت بېشىغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇ پۈتۈن ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە توپلىغان بايلىقىنى ئېلىپ، ھەج قىلىش باھانىسىدە سەئۇدى ئەرەبىستانغا بېرىپ يەرلەشكەن. كېيىنچە مىسىرغا بېرىپ، مىسىرنىڭ پۇقرالىق كىنىشكىسىنى ھەل قىلغان. 1957-يىلى كوممۇنىست خىتاي مىسىر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقاندىن كېيىن، ما بۇفاڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا كۆچۈپ كېلىپ ئورۇنلاشقان. 1957-يىلى تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ما بۇفاڭنى تەيۋەننىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىلىكىگە تەيىنلىگەن. 1963-يىلى ئۇ بۇ ۋەزىپىدىن ئايرىلىپ، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پۇقرالىقىغا ئۆتكەن. 1975-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندا ئۆلگەن.

[130] يولبارسبەگ (1971 ـ 1889) ئەسلى يۇرتى مارالبېشىدىن بولۇپ، بالىلىق مەزگىللىرىدە ئاچىسىغا ئەگىشىپ بېيجىڭدا سەرگەردان بولغان. كېيىنچە مەنجىڭ ئوردىسىغا زىيارەتكە بارغان قومۇل ۋاڭىنىڭ كارۋانىغا قوشۇلۇپ، قومۇلغا قايتىپ كېلىپ يەرلەشكەن ۋە قومۇل ۋاڭ ئوردىسىدا خىتاي تىلى تەرجىمانى، ئوردا مۇھاپىزەتچىلەر ئەترىتىدە كىچىك ئەمەلدار بولۇپ ئىشلىگەن. 1931 ـ يىلى قومۇل ئىنقىلابى پارتلىغاندا ئەسكەر باشلاپ ئىنقىلابقا قاتناشقان، ئەمما ئىنقىلاب رەھبىرى خوجانىياز ھاجى بىلەن پۇت تېپىشىپ، كېيىنچە ما جۇڭيىڭ قوماندانلىقىدىكى تۇڭگان كۈچلىرى تەرەپدارى بولغان. يولبارسبەگ 1934 ـ يىلى قومۇل ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون قوماندانى بولغان ۋە شېڭ شىسەيگە نامىدا بېقىنغان بولۇپ، ئۈز ئالدىغا ئىش كۆرگەن. 1937 ـ يىلى ئۇ شېڭ شىسەي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مەخپىي ساقچىلارنىڭ قوغلاپ تۇتۇۋېلىشىدىن قۇتۇلۇپ، گەنسۇ ئارقىلىق گومىنداڭ مەركىزى بولغان نەنجىڭغا بېرىۋالغان. ئۇ نەنجىڭ ۋە چوڭچىڭدىكى يىللىرىدا مەسئۇت سابىرى، مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئەپەندىلەر بىلەن بىر پىكىر ھەم ئىدىيە جەھەتتىن ئانچە چىقىشىپ كېتەلمىگەن. 1946 ـ يىلى يولبارسبەگ قومۇلغا قايتىپ چىقىپ، قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، قوشۇمچە ۋىلايەتلىك ئامانلىق ساقلاش قىسىملىرىنىڭ قوماندانى بولغان. كوممۇنىست خىتاي ئۇيغۇر دىيارىنى ئىدارە قىلىشقا باشلىغاندا يولبارسبەگ يەنە قومۇل ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىغا قويۇلغان، ئەمما ئۇ 1950 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىسيان كۆتۈرۈپ، خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى بىلەن قومۇلدا توقۇنۇشقان. كېيىن تىبەت يولى بىلەن ھىندىستانغا، ئۇ يەردىن 1951 ـ يىلى تەيۋەنگە قېچىپ بېرىۋالغان. گومىنداڭ دائىرىلىرى تەيۋەنگە قېچىپ كەلگەن يولبارسبەگنى «شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى» قىلىپ تەيىنلىگەن ۋە تەيبېيدا «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى» تەسىس قىلغان. 1950 ـ ۋە 1960 ـ يىللاردا يولبارسبەگ كەشمىر، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىگە كۆپ قېتىم زىيارەتكە بېرىپ، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى تەيۋەنگە جەلپ قىلىش، چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق دەۋاسىنى توختىتىشقا ئۇرۇنۇش ھەرىكەتلىرىدە بولغان. ئۇ شۇ يىللاردا مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىنلەرنىڭ تۈركىيە ۋە ئىسلام ئەللىرىدە ئېلىپ بېرىۋاتقان سىياسىي پائالىيەتلىرىگە قارشى تەشۋىقاتلاردا بولغان. يولبارسبەگ 1971 ـ يىلى تەيۋەندە 82 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن. «يولبارسبەگنىڭ ئەسلىمىسى» (尧勒博士回忆录) شۇ يىللاردا تەيۋەندە نەشر قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن چوڭ ئوغلى ياقۇببەگ (尧道昌) بىر مەزگىل تەيبېيدىكى «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى» نىڭ خىزمەتلىرىگە رىياسەتچىلىك قىلغان. كېيىنچە بۇ ئىشخانىمۇ ئەمەلدىن قالغان.

[131] ما بۇفاڭ (马步芳، 1903 ـ 1975) گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ خېجو ۋىلايىتىدىن

ئامېرىكا ئىستىخباراتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يەنە بىر تاتار يىگىت خەمىت رەشىت بىلەن بىرلىكتە ھەجگە ئەۋەتىلىدۇ. ئۇلار ئىككىسى پىلان بويىچە شۇ يىلىدىكى ھەجدە مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھ بولغان كەئبىدە سوۋېت ئىتتىپاقى تەرىپىدىن «ھەج تاۋابىتى» غا ئەۋەتىلگەن سوۋېت «قىزىل ھاجىلىرى» بىلەن يۈزلىشىدۇ. ئىئان جونسوننىڭ «مىيونخېن جامەسى» ناملىق كىتابىدىكى بايانلارغا قارىغاندا، روزى نەزەر كەئبىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بايرىقى چۈشۈرۈلگەن سومكا ئېسىپ، ئىھرام باغلاپ ئايلىنىۋاتقان سوۋېت «قىزىل ھاجى» لىرىغا قاراپ يوقىرى

---

سەپكە ئۇرۇشقا ئەۋەتىلگەن. بىر ھەپتە ئۆتمەيلا ئېغىر يارىلىنىپ، بىر ئۇكرائىن دېھقانىنىڭ ئائىلىسىدە يوشۇرۇنچە داۋالانغان. كېيىنچە گېرمان ئارمىيەسى تەرىپىدىن ئەسىرگە ئېلىنىپ، «تۈركىستان لېگيونى» غا قاتناشتۇرۇلغان ۋە گېرمانىيەنىڭ شەرق فرونتىدا رۇسلارغا قارشى ئۇرۇشقا سېلىنغان. 1945 ـ يىلى كىرگەندە شەرقىي فرونتتا رۇسلار بىلەن ئۇرۇش قىلىۋاتقان «تۈركىستان لېگيونى» ئىتالىيەنىڭ شىمالىي قىسمىغا يۆتكىلىپ، ئامېرىكا ئارمىيەسى بىلەن ئۇرۇشقا سېلىنغان. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا روزى نەزەر «تۈركىستان لېگيونى» دىكى بىرقانچە سەپدىشى بىلەن گېرمانىيەگە قېچىپ كەلگەن ۋە مىيونخېن ئەتراپىدىكى بىر گېرمان يېزىسىدا پاناھلانغان. كېيىنچە بۇ يەردە بىر گېرمان ئائىلىسىنىڭ قىزى بىلەن توي قىلىپ، بىر مەزگىل گېرمانىيەدە ياشىغان. 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا روزى نەزەر CIA تەرىپىدىن ئالاھىدە خادىملىق خىزمىتىگە تەكلىپ قىلىنىپ، ئامېرىكاغا كەلگەن ۋە كولۇمبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمى بىلەن «ئامېرىكا ئاۋازى» نىڭ ئۆزبېك بۆلۈمىدە ۋاقىتلىق ئىشلىگەن. كېيىنچە CIA نىڭ ئەنقەرەدىكى ئىشخانىسىدا ئون نەچچە يىل ئىشلىگەن. ئاندىن غەربىي گېرمانىيەنىڭ بون شەھرىگە يۆتكىلىپ، ئۇ يەردە 10 يىلدەك خىزمەت قىلغان. 1979 ـ يىلى ئىران ئىسلام ئىنقىلابى يۈز بېرىپ، تېھراندىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسىنىڭ خادىملىرى گۆرۈگە ئېلىنغاندا، روزى نەزەر CIA تەرىپىدىن تېھرانغا ئەۋەتىلگەن. 1980 ـ يىللاردا روزى نەزەر ئافغانىستانغا ئەۋەتىلىپ، كابۇلدا بىر مەزگىل خىزمەت قىلغان. 1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يىمىرىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن، روزى نەزەر ئايرىلغىلى يېرىم ئەسىر بولغان ۋەتىنى ئۆزبېكىستاننى زىيارەت قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن (Altaylı, Istanbul, 2013; London, 2017).

تولۇق ھوقۇقلۇق ئىككى رەھبىرى» دەپ تونۇيدۇ. قۇرۇلتاي يەنە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنگە مۇھاجىرەتتىكى پۈتكۈل شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ۋە شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاۋازى بولۇش سالاھىيىتىنى بېرىدۇ.[132]

«ھىجاز قۇرۇلتىيى» دىن كېيىن مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى 4 ئورۇندا، يەنى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل ۋە ئەنقەرە شەھەرلىرىدە، مىسىر پايتەختى قاھىرەدە، سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەككە، ھىجاز ۋە جىددە شەھەرلىرىدە ھەمدە كەشمىر ۋە پاكىستانىنىڭ راۋالپىندى، كاراچى شەھەرلىرىدە جىددىي تۈردە راۋاجلىنىدۇ. قاھىرە، ئىستانبۇل ۋە راۋالپىندى قاتارلىق جايلاردا «ئازاد تۈركىستان» قاتارلىق ئۇيغۇر-تۈركىي تىلىدىكى ژۇرناللار نەشر قىلىنىشقا باشلايدۇ.

ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب دۇنياسىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇسۇلمان ئەللىرىگە، بولۇپمۇ مەككىگە «قىزىل ھاجى» لار ئەۋەتىپ، كوممۇنىزم تەسىرىنى كېڭەيتىشكە ئۇرۇنۇشتەك ئىستراتېگىيەلىرىگە يېقىندىن دىققەت قىلىدۇ.

1954-يىلى CIA نىڭ ئالاھىدە خادىمى روزى نەزەر[133]

---

[132] ئىبراھىم ۋاسىلى باش مۇھەررىرلىكىدە مىسىر پايتەختى قاھىرەدە ئەرەب تىلىدا نەشر قىلىنغان «تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلى، 1955-يىل، ئومۇمىي 8-سان؛

Ömer Kul yayına hazirlayan: Esir Doğu Türkistan İçin-2: Isa Yusuf Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), ss. 99-105

[133] روزى نەزەر (1917-2015) ھازىرقى ئۆزبېكىستانىنىڭ مەرغىلان ۋىلايىتىدە بىر ئۆزبېك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1930-يىللاردا تاشكەنتتىكى ئىقتىساد ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1941-يىلى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ، ئۇكرائىناغا بېسىپ كىرگەن گېرمانىيە قوشۇنلىرىغا قارشى ئالدىنقى

ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇ خوتەندە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن، ما خۇسەن ئۇنى شەرت بىلەن قويۇپ بېرىدۇ. يەنى ئەھمەد كامال ما خۇسەننىڭ تۇتقۇندىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئامېرىكادىن قورال-ياراق سېتىۋېلىشىغا ياردەم قىلىدىغانلىقى توغرىلىق ۋەدە بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ماخۇسەن ئۇنى قويۇپ بېرىدۇ. ئەھمەد كامال قەشقەرگە بېرىپ بىر مەھەل تۇرىدۇ. ئەمما ئۇزۇن ئۆتمەيلا قەشقەردىكى شېڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخبارات تورىنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ. قەشقەر ساقچى دائىرىلىرى ئۇنىڭ دەرھال ئۆلكە مەركىزى ئۈرۈمچىگە بېرىشىنى بۇيرۇيدۇ. ئۇ ئاقسۇغا يېتىپ بارغاندا سوۋېت مەخپىي خادىملىرى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىپ، تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. شۇ قېتىملىق تۇتقۇندا ئۇنىڭ بىرقانچە خاتىرە دەپتىرى، كۈندىلىك خاتىرىسى، يول خەرىتىسى ۋە باشقا تەكشۈرۈش دوكلاتلىرى مۇسادىرە قىلىنىدۇ. ئۇ بىر مەزگىل ئاقسۇدا سوراق قىلىنغاندىن كېيىن، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ بېرىلىپ، سوۋېت ئالاھىدە خادىمى سېيىت ھاجى تەرىپىدىن سوراق قىلىنىدۇ ۋە قاتتىق قىيىن-قىستاققا ئېلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتا شاڭخەيدىكى گېزىتلەردە ئامېرىكا پۇقراسى ئەھمەد كامالنىڭ «شىنجاڭدا يوقاپ كەتكەنلىكى» ھەققىدە خەۋەرلەر بېسىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن موسكۋا تەرەپ ئەھمەد كامالنى ئۈرۈمچىدە داۋاملىق تۇتۇپ تۇرۇش ياكى ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا باش ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغانلىقىنى ھېس قىلىدۇ-دە، شېڭ شىسەيگە ئۇنى قويۇپ بېرىش ھەققىدە بۇيرۇق بېرىدۇ. ئەھمەد كامال 1936-يىلىنىڭ ئاخىرى تۈرمىدىن چىقىپ، قۇرۇقلۇق يولى بىلەن ئىچكى خىتايغا قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئۇ قومۇلغا يېتىپ بارغاندا شېڭ شىسەي تۇيۇقسىز قومۇل ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىگە مەخپىي تېلېگرامما ئەۋەتىپ، ئەھمەد كامالنى قايتىدىن قولغا ئېلىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ، ئەمما شېڭ شىسەي بىلەن پۈت تېپىشىۋاتقان قومۇل ۋىلايىتىنىڭ گارنىزون قوماندانى يولبارسبەگ شېڭ شىسەينىڭ بۇيرۇقىغا پىسەنت قىلمايدۇ. ئۇ ئارايولتۇز (شىڭشىڭشيا) دىكى چېگرا قاراۋۇلخانىسىغا ئىمزالىق مەكتۇب ئەۋەتىپ، ئەھمەد كامالنى ئىچكىرىگە ئۆتكۈزىۋېتىشنى بۇيرۇق قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەھمەد كامال شېڭ شىسەي ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ چىقىدۇ (سۇلايمان، 353-330:2006).

ئەھمەد كامال ئامېرىكاغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، «تۆمۈرلەڭنىڭ يەتتە سوئالى (The Seven Questions of Timur)، «تەبەسسۇم يوقكەن زېمىن» (Land Without Laughter) قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلدۇرىدۇ. ئۇ 1938-يىلىدىن باشلاپ ئېلان قىلغان كىتابلىرىدا ئۆزىنى Cimarron Ahmad Kamal Hathaway دېگەن يېڭى ئىسىم بىلەن ئاتايدۇ. شۇ يىلى ھوللىۋۇدتىكى يەرلىك سوت ئۇنىڭ ئىسىم ئۆزگەرتىش ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ، «ئەھمەد كامال» دېگەن يېڭى ئىسمىنى ئەستىقلايدۇ. ئۇ ھەتتا بىر قىسىم يازمىلىرىغا «قارا يۈسۈپ ئىبنى قارا

ئاۋاز بىلەن مۇنداق خىتاب قىلىدۇ: «ئەي، قىزىل ھاجىلار! ئاللاھنىڭ مۇقەددەس يېرى بولغان كەئبىدە، مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ قىبلىگاھى بولغان ھەرەمدە راست گەپ قىلىپ بېقىڭلارچۇ! سىلەر راستىنلا مۇسۇلمانلارنىڭ بەش پەرزىنىڭ بىرى بولغان ھەج تاۋابىتى ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلدىڭلارمۇ ياكى دىنسىز بولشېۋىكلارنىڭ قىزىل تەشۋىقاتى ئۈچۈن كەلدىڭلارمۇ؟ قەلبىڭلاردا ئاللاھقا بولغان تائەت-ئىبادەت بارمۇ ياكى قىزىل موسكۋانىڭ سىياسىي يولىيورۇقى بارمۇ؟...»[134]

1956-يىلى CIA نىڭ ئالاھىدە خادىمى ئەھمەد كامال[135]

---

[134] Ian Johnson, A Mosque in Munich: Nazis, the CIA, and the Rise of the Muslim Brotherhood in the West, Boston & New York: Houghton Mifflin Harcourt, 2010, pp. 65-66

[135] ئەھمەد كامال (1914-?) ئامېرىكانىڭ يىگىرمىنچى ئەسىردىكى كوممۇنىزىمغا قارشى دۇنياۋىي كۈرىشى ۋە تاشقىي سىياسىتىدە سىرلىق روللارنى ئوينىغان رىۋايەتلىك بىر شەخس. FBI نىڭ مەخپىيەتلىكى بىكار قىلىنغان ئارخىپلىرىغا قارىغاندا، ئەھمەد كامال 1914-يىلى ئامېرىكانىڭ كولورادو شىتاتىغا قاراشلىق Arvada بازىرىدا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى Cimarron Hathaway بولۇپ، بىئولوگىيەلىك دادىسى تېگى-تەكتى شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەن قارا يۇسۇپ ئىسىملىك بىر كىشى ئىكەن. شۇ يىللاردا 64 ياشلاردىكى قارا يۇسۇپ ئەمدىلا 16 ياشقا كىرگەن Caroline Hathaway دېگەن ئاق تەنلىك بىر قىز بىلەن توي قىلىپ، ئەھمەد كامال تۇغۇلغان ئىكەن. كېيىن قارا يۇسۇپ نامەلۇم سەۋەب بىلەن ئامېرىكادىن ئايرىلىپ، تۈركىستان تۇپراقلىرىغا قايتىپ كەتكەن ۋە 1920-يىللاردا تۈركىستاندىكى «باسمىچىلار ھەرىكىتى» گە قاتناشقانلىقى مەلۇم (Johnson, 2010:143). بۇنىڭ بىلەن ئەھمەد كامالنىڭ ئانىسى Caroline شۇ يەرلىك James Worth Hathaway دېگەن كىشى بىلەن توي قىلغان. شۇندىن كېيىن ئۆگەي دادىسى ئەھمەد كامالنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالغان ئىكەن. 1935-يىلى ئەھمەد كامال ھىندىستان ئارقىلىق ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ ۋەتىنى بولغان شەرقىي تۈركىستانغا بارىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قېتىملىق ئىچكى ئاسىيا زىيارىتىنى ئامېرىكا ئىستىخباراتىنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللىغانلىقى ياكى ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇسى بويىچە بارغانلىقى ئېنىق ئەمەس. ئەمما ئۇ 1935-يىلى قاغىلىق بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە، خوتەننى بېسىپ ياتقان ما خۇسەننىڭ تۇڭگان ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، خوتەنگە

ھىندونېزىيەلىك مۇسۇلمان ياشلىرىنى بۇ تەشكىلاتقا جەلپ قىلىپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى ئىككى تۈركىستان تۇپراقلىرى ۋە بۇ تۇپراقلاردىكى خەلقلەرنىڭ ھۆررىيىتى ئۈچۈن كۈرەشىشكە، كوممۇنىزم تەھلىكىسىنىڭ ئاسىيا

---

ئامېرىكا ۋە غەربىي گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ياردىمى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تەشۋىقات ئۇرۇشىغا ئاتلانغان ئىدى. بۇ يىللاردا ئامېرىكا مەبلەغ سېلىپ قۇرغان «ئازادلىق رادىيوسى» ميۇنخېندا باش شىتاب قۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقى تېرىتورىيەسىدىكى مۇسۇلمان تۈركىي مىللەرگە قارىتا ئاڭلىتىش بېرىۋاتاتتى. «ئازادلىق رادىيوسى» دا شۇ يىللاردا ئۇيغۇر تىلىدىمۇ ئاڭلىتىش باشلانغان بولۇپ، غۇلامىدىن پاختا قاتارلىق ئۇيغۇر مىللەتپەرۋەرلىرى ھاۋا دولقۇنلىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر تۇپراقلىرىغا رادىيو تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىۋاتاتتى. ئەھمەد كامال مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە ميۇنخېندا پەيدا بولۇپ، ئامېرىكانىڭ ئىقتىسادىي مەبلىغى بىلەن «ميۇنخېن جامەسى» قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئامېرىكا ھۆكۈمىتى شۇ يىللاردا ميۇنخېندا غەرب دۇنياسىدىكى ئەڭ چوڭ جامە سېلىپ، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى ياش تالانت كۈچلەرنى بۇ جامەگە جەلپ قىلىشقا باشلىغان ئىدى. شۇ يىللاردا مۇسۇلمانلار دۇنياسىدا مەلۇم تەسىرگە ئىگە جۇمە نەمەنگانى، سەئىد رامادان قاتارلىق كىشىلەرمۇ ميۇنخېندىكى بۇ جامە قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ ئىشتىراك قىلغان ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا 1 مىليون 200 مىڭ مارك ئىقتىساد بىلەن پۈتۈشى مۆلچەرلەنگەن بۇ جامە ئەرەب ئەللىرى، ئامېرىكا ۋە غەربىي گېرمانىيەنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن ئاخىرى پۈتۈپ، ميۇنخېن شەھىرىدە قەد كۆتۈرىدۇ. ئەھمەد كامال ۋاشىنگتوندا قۇرغان «جەمئىيەتۇل ئىسلام» ناملىق خەير-ئېھسان دەرنىكىمۇ بۇ جامەنىڭ پۈتۈشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ياردەم قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنكى يىللاردا ئەھمەد كامال ياۋروپا بىلەن ئەرەب ئەللىرى ئارىلىقىدا قاتراپ، كوممۇنىزم تەھلىكىسىگە قارشى كۆپلىگەن سىياسىي پائالىيەتلەردە بولىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى يىللاردىكى، بولۇپمۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدىكى پائالىيەتلىرىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ماتېرىياللار كەمچىل. ئەمما 2000-يىلى ئەھمەد كامالنىڭ ئوغلى دادىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىيوگرافىك كىتابىنى نەشر قىلدۇرغاندا، ئەھمەد كامالنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى بۇ كىتابقا قىستۇرما قىلىدۇ. مەزكۇر كىتابتا ئەھمەد كامالنىڭ دادىسىنىڭ چار پادىشاھنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قېچىپ ئامېرىكاغا كەلگەن تۈركىستانلىق مۇنەۋۋەرلەردىن ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ كولورادو شىتاتىدا بىر مەزگىل ياشاپ 16 ياشلىق ئاق تەنلىك قىز Caroline بىلەن نىكاھلانغانلىقى ۋە 1914-يىلى ئۇلارنىڭ ئوغلى ئەھمەد كامالنىڭ تۇغۇلغانلىقى، شۇ ۋەجىدىن ئەھمەد كامالنىڭ بىر ئۆمۈر بۈيۈك تۈركىستان چۈشىنى چۈشەپ ئۆتكەنلىكى بايان قىلىنىدۇ (Johnson, 2010:142_143).

ياقۇپ ئوغلى» دەپمۇ ئىمزا قويىدۇ (Johnson, 2010:144). ئەھمەد كامال 1941-يىلى يەنە خىتايغا سەپەر قىلىپ، شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئۆز دەۋرىدە مۇسادىرە قىلىۋالغان خاتىرە دەپتەرلىرى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىن توپلىغان ماتېرىياللىرىنى قايتۇرىۋالماقچى بولىدۇ. ئەمما ئامېرىكا بىلەن ياپونىيە ئوتتۇرىسىدا شۇ يىلى ئۇرۇش پارتلىغاچقا، ئۇ تيەنجىنگە يېتىپ بارغاندا ياپونىيە ھەربىي دائىرىلىرى تەرىپىدىن نەزەربەند قىلىنىدۇ. ئەھمەد كامال تيەنجىندە سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ئاق ئۇرۇسلار بىلەن بىرلىكتە خىتايغا قېچىپ كېلىپ پاناھلىنىۋاتقان ئامىنە ئىسىملىك بىر تاتار قىزى بىلەن ئۆيلىنىدۇ. ئۇلار تيەنجىندىكى تۆتتۇنلۇق يىللىرىدا يېزىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. 1945-يىلى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندا ئەھمەد كامال ئامېرىكاغا قايتىپ كېلىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تيەنجىندە ئۆيلەنگەن تاتار قىزى ئامىنە خانىم ھەققىدە، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ پەرزەنتلىك بولغان-بولمىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. شۇنىڭدىن كېيىن ئەھمەد كامال تاكى 1950-يىللارغا قەدەر باش چۆكۈرۈپ يېزىقچىلىق قىلىدۇ. ئۇنىڭ كىتابلىرى ئارقا-ئارقىدىن راندوم نەشرىياتىدەك داڭلىق نەشرىياتلار تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدۇ. 1955-يىلىغا كەلگەندە ئەھمەد كامال ئامېرىكا ئىستىخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن ھىندونېزىيەگە ئەۋەتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ سوغۇق ئۇرۇش يىللىرىدىكى سىرلىق خىزمەتلىرى باشلىنىدۇ. 1955-يىلى ھىندونېزىيەنىڭ باندۇڭ شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئاسىيا-ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى ئېچىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھىندونېزىيەدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئەھمەد كامال ئاسىيا ئەللىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى كوممۇنىزم لاگېرىنىڭ كېڭىيىشىنى توسۇش ئوپېراتسىيەلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. 1956-يىلى ئەھمەد كامال بىرمۇ تۈركىستانلىق مۇھاجىر بولمىغان ھىندونېزىيەدە «تۈركىستان ئازادلىق جەمئىيىتى» قۇرىدۇ ۋە تۈركىستان تۇپراقلىرىنى رۇس ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ تۆمۈر تاپىنىدىن ئازاد قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. ھىندونېزىيەدىكى بىر تۈركۈم مۇسۇلمان ياشلار ئەھمەد كامال قۇرغان بۇ تەشكىلاتتا پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. FBI نىڭ مەخپىيەتلىكى بىكار قىلىنغان ئارخىپلىرىغا قارىغاندا، شۇ يىللاردا ھىندونېزىيەدە كوممۇنىزمغا قارشى مۇسۇلمان ياشلارنىڭ ئىسلامىي ھەرىكەتلىرىنى قوللاش ئۈچۈن، ئامېرىكا ئىستىخباراتى جاكارتادىكى ئامېرىكا ئەلچىخانىسى ئارقىلىق ئەھمەد كامالغا ئىقتىسادىي ياردەم بەرگەن (Johnson, 2010:147). ئەھمەد كامال 1960-يىلى ئاسىيا ئەللىرىدىكى سىياسىي پائالىيەتلىرىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۆيۇقسىزلا سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ياۋروپادىكى ئالدىنقى بېكىتى بولغان ميۇنخېندا پەيدا بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ميۇنخېن شەھىرى سوۋېت ئىتتىپاقى باشچىلىقىدىكى كوممۇنىزم لاگېرىغا قارشى كۆرەشنىڭ ئەڭ مۇھىم بازىسىغا ئايلانغان ئىدى. ئۇرۇشتىن كېيىن ياۋروپانىڭ جاي-جايلىرىدىن ميۇنخېن شەھىرىگە توپلانغان تۈركىستانلىق مىللەتچىلەر،

شامىل[138] بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقىدۇ. ھالبۇكى، ھىندونېزىيەنىڭ

[138] سەئىد شامىل ـ داغىستان ۋە شىمالىي كافكازىيەلىكلەرنىڭ 19 ـ ئەسىردىكى مىللىي قەھرىمانى، دىنىي يېتەكچىسى ۋە رۇس ئىمپېرىيالىزمىغا قارشى مىللىي مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ رىۋايەتلىك داھىيسى شەيخ شامىل (1797 ـ 1871) نىڭ نەۋرىسى. سەئىد شامىلنىڭ بوۋىسى شەيخ شامىل ياكى ئىمام شامىل 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا شىمالىي كافكازىيەدىكى مۇسۇلمانلارنى تەشكىللەپ، داغىستانغا بېسىپ كىرگەن چار رۇسىيە ئارمىيەسى بىلەن يىللارچە قانلىق ئۇرۇش قىلىدۇ. 1850 ـ يىلى چار پادىشاھ ئالېكساندىر II شىمالىي كافكازىيەگە 150 مىڭ كىشىلىك رۇس ئارمىيەسىنى ئەۋەتىدۇ. بۇ ئۇرۇشتا داغىستانلىقلار مەغلۇپ بولۇپ، شەيخ شامىل رۇسلارنىڭ قولىغا ئەسىرگە چۈشىدۇ. ئۇ سانكت ـ پېتېربۇرگقا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، چار پادىشاھ ئالېكساندىرII ئۇنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بېرىپ كۈتۈۋالىدۇ ۋە ئۇنى چار پادىشاھ ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا قايىل قىلماقچى بولىدۇ. ئەمما شەيخ شامىل چار پادىشاھنىڭ تەلىپىنى كەسكىنلىك بىلەن رەت قىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن شەيخ شامىل موسكۋا ۋە كىيېۋ شەھىرى ئەتراپىدىكى بىر قورۇقتا 10 يىلدەك نەزەربەند ئاستىدا ياشايدۇ. 1869 ـ يىلى چار پادىشاھ ئۇنىڭ مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش تەلىپىگە قوشۇلىدۇ. ئۇ قارا دېڭىز ئارقىلىق ئىستانبۇلغا يېتىپ بارغاندا، ئوسمانلى سۇلتانلىقى ئۇنى دۆلەت مېھمىنى سۈپىتىدە توپقاپى سارىيىدا كۈتۈۋالىدۇ ۋە كېيىنچە مەخسۇس پاراخوت بىلەن مەككىگە ئۇزىتىپ قويىدۇ. شەيخ شامىل مەككىدە ھەج تاۋابىتىنى تۈگەتكەندىن كېيىن مەدىنەگە يەرلىشىپ، 1872 ـ يىلى ئالەمدىن ئۆتىدۇ. سەئىد شامىل شەيخ شامىلنىڭ كىچىك ئوغلى كامال شامىلنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئۇ 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بوۋىسى شەيخ شامىلنىڭ كۈرەش روھىغا ۋارىسلىق قىلىپ، داغىستان خەلقلىرىنىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. 1917 ـ يىلى رۇسىيەدە فېۋرال ئىنقىلابى ۋە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بولشېۋىكلار ئىنقىلابى يۈز بېرىپ چار پادىشاھ ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، شىمالىي كافكازىيە ۋە داغىستاندا مۇستەقىللىق ھەرىكىتى باشلىنىدۇ. 1917 ـ يىلدىن 1921 ـ يىلغىچە سەئىد شامىلنىڭ باشچىلىقىدا شىمالىي كافكازىيە تاغلىق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلۇپ، مۇستەقىللىق جاكارلايدۇ. ئەمما بۇ ياش جۇمھۇرىيەت خۇددى قوشنىسى ئەزەربەيجان خەلق جۇمھۇرىيىتىگە ئوخشاشلا رۇس بولشېۋىكلىرى تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەئىد شامىل تۈركىيە ئارقىلىق ياۋروپاغا قېچىپ بېرىپ، كافكازىيە مۇستەقىللىق كومىتېتىنى قۇرىدۇ. 1920 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن تاكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلىغانغا قەدەر سەئىد شامىل ۋارشاۋا، بېرلىن، پارىژ ۋە ئىستانبۇل ئارىلىقىدا تىنىمسىز چېپىپ، سوۋېت رۇسىيەسىگە ۋە كوممۇنىزم تەھلىكىسىگە قارشى تەشۋىقات پائالىيەتلىرى ئېلىپ بارىدۇ، شۇنداقلا مۇھاجىرەتتىكى قىرىم ـ قازان ۋە تۈركىستان مىللەتچىلىرىدىن

ئەللىرىدىكى تەسىرىنى چەكلەشكە چاقىرىق قىلىدۇ.[136]

ئەھمەد كامال 1935 ـ يىلى ھىندىستان ئارقىلىق ئۇيغۇر دىيارىغا بارغان شۇنداقلا قەشقەر، قاغىلىق، خوتەنلەردىكى نۇرغۇن ۋەقەلەرگە شاھىت بولغان تۇنجى ئامېرىكالىق كىشى ئىدى. ئۇ شۇ يىللاردا ئالدى بىلەن خوتەندىكى تۇڭگان گېنېرال ما خۇسەننىڭ، كېيىنچە مىلىتارىست شېڭ شىسەينىڭ تۈرمىسىدە ياتىدۇ، تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئامېرىكاغا قايتىپ كېتىدۇ.[137] ھالبۇكى، ئەھمەد كامال 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا مۇسۇلمانلار دۇنياسىغا كېڭىيىۋاتقان ئىككى لاگېر ئوتتۇرىسىدىكى سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ئالدىنقى سېپىدە يەنە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇ 1950 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سوغۇق ئۇرۇشنىڭ ياۋروپادىكى مەركىزىگە ئايلانغان ميۇنخېندا تۇنجى مەسچىت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ رۇس كوممۇنىزمىغا قارشى ھەرىكەتلىرىگە ئارىلىشىدۇ.

1955 ـ يىلى ھىندونېزىيەنىڭ باندۇڭ شەھىرىدە تۇنجى نۆۋەتلىك «ئاسىيا ـ ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى» ئېچىلىدۇ. خىتاي باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەي كوممۇنىست خىتاي ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ بۇ يىغىنغا قاتنىشىدۇ. بۇ يىغىن ئاسىيا ۋە ئافرىقا قىتئەسىدىكى كۆپلىگەن دۆلەتلەر غەرب مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇپ، مۇستەقىللىققا ئېرىشكەندىن كېيىنكى مۇھىم بىر خەلقئارالىق يىغىن ئىدى. ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كافكازىيەلىكلەرنىڭ مۇھاجىرەتتىكى مىللىي رەھبىرى سەئىد

---

[136] Ian Johnson, A Mosque in Munich: Nazis, the CIA, and the Rise of the Muslim Brotherhood in the West, pp. 139-154

[137] Ahmad Kamal, Land Without Laughter, Charles Scribner's Sons, 1940

خەلقئارا جامائەتنى قاتتىق ئەپسۇسلاندۇردى.»[139]

دەل شۇ مەزگىللەردە تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتىمۇ ئۆزىنىڭ دىپلوماتىيە قاناللىرى ۋە تەيبېيدا قۇرغان «شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى» ئارقىلىق مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىننى تەيۋەنگە كېلىشكە، چەتئەللەردىكى «بۆلگۈنچىلىك» پائالىيەتلىرىنى توختىتىشقا چاقىردى.

مانا مۇشۇنداق بىر ۋەزىيەتتە خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ خەلقئارا دىپلوماتىيەدىكى يېتىم ھالىتىدىن قۇتۇلۇش، مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلارنىڭ ئىسلام دۇنياسىدا قىزىل خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىۋاتقان تىنىمسىز ھەرىكەتلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ئامال تېپىشقا مەجبۇر بولدى.

مەرۇپ ئەيسا ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ خەلقئارا دەۋاغا ئايلىنىشقا باشلىغانلىقىنى سەزگەن كوممۇنىست خىتاي رەھبەرلىرى، بىر ئامال قىلىپ بۇ دەۋانىڭ ئۈنىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنگە ‹چوڭ ۋەدە› لەر بېرىپ، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ‹نازارەت ئاستىغا ئېلىش› مەقسىتىگە يەتمەكچى بولدى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ خەلقئارادىكى ئاۋازىنى ئۆچۈرمەكچى بولدى. مۇشۇ مەقسەتتە سەيپىدىن ئەزىزى 1954 ـ يىلى خوتەنگە بېرىپ، مۇھەممەدئىمىن بۇغرانىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقان ۋە يېقىنلىرىنى يىغىپ مەخسۇس

---

[139] Enver Altayli, 2013, Ruzi Nazar: CIA'nin Türk Casusu, Istanbul: Doğan Kitap, ss. 313-316; Enver Altayli, 2017, A Dark Path to Freedom – Ruzi Nazar: From the Red Army to the CIA, London: Hurst & Company, pp. 187-191

پاكىستاندىكى ئەلچىخانىسى كوممۇنىست خىتاينىڭ بېسىمى بىلەن ئەيسا ئەپەندىگە ۋىزا بېرىشنى رەت قىلىدۇ. باندوڭغا يېتىپ بارغان كافكازىيەلىكلەرنىڭ مىللىي رەھبىرى سەئىد شامىل ئامېرىكادىن بۇ يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن CIA نىڭ ئالاھىدە خادىمى روزى نەزەر بىلەن بىرلىكتە، خىتاي باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەيگە شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بويىچە سوئال قويىدۇ. جۇ ئېنلەي ئۇلارنىڭ سوئالىغا يالغان-ياۋىداق سۆزلەر بىلەن جاۋاب بەرگەندە، روزى نەزەر يىغىن مەيدانىدا ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: «جۇ ئېنلەي ئەپەندى، سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىڭ ئاخىرىقى بوغۇمدىكى ‹lai› سۆزى بىلەن ئىنگىلىزچىدىكى ‹يالغان› مەنىسىنى بېرىدىغان ‹lie› سۆزىنىڭ تەلەپپۇزى ئوخشاپ قالىدىكەن. بۇ بىر تاسادىپىيلىق بولسىمۇ، ئەمما بىر دۆلەتنىڭ باش مىنىستىرى بولغان سىزدەك بىر ئەربابنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە يالغان سۆزلىشى

---

ئاياز ئىسھاقى، مۇستافا چوقاي ئوغلى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىكسەپ قۇرۇپ، ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدۇ. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندىن كېيىن ئۇ گېرمانىيەدىن ئۈمىد كۈتۈپ، داغىستانىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن گېرمانىيە بىلەن ھەمكارلىشىدۇ. ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب لاگېرىنىڭ كوممۇنىزمغا قارشى سوغۇق ئۇرۇش ئىستراتېگىيەسىدە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. 1950-يىللاردىن كېيىن تۈركىيەگە يەرلەشكەن شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ يېتەكچىلىرىدىن مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلەر بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ. 1955-يىلى ھىندونېزىيەدە ئېچىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك ئاسىيا-ئافرىقا ئەللىرى يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن تۈركىيەدىن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن بىلەن بىرلىكتە يولغا چىقىدۇ. ئەمما ئۇلار كاراچىغا يېتىپ كەلگەندە، ئەيسا ئەپەندىنىڭ ھىندونېزىيە ۋىزىسىنى ئېلىش ئىلتىماسى رەت قىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سەئىد شامىل ئەيسا ئەپەندىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ھىندونېزىيەگە بېرىپ، ئامېرىكادىن كەلگەن روزى نەزەر بىلەن بىرلىكتە بۇ يىغىنغا سىرتتىن قاتنىشىدۇ. يىغىن جەريانىدا ئۇلار شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بويىچە خىتاي باش مىنىستىرى جۇ ئېنلەيگە سوئال قويۇپ، ئۇنى قىيىن ئەھۋالدا قويىدۇ.

دېگەندەك، 1954 ـ يىلدىن باشلاپ CIA نىڭ تەشكىللىشى بىلەن تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ ھەج پائالىيىتى داۋامىدا سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن «قىزىل ھاجى» لارغا قارشى ئېلىپ بارغان بىر قاتار تەشۋىقات پائالىيەتلىرى، ھەرەمدە مىليونلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ كۆز ئالدىدا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوبرازىنى رەسۋا قىلدى. 1956 ـ يىلدىكى ھەج پالىيىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن «قىزىل ھاجىلار ئۆمىكى» ھەرەمدە يەنە بىر قېتىم رەسۋا بولدى. شۇ يىلى بۇرھان شەھىدى باشچىلىقىدا ئەۋەتىلگەن «خىتاي دۆلەتلىك ھەج ئۆمىكى» مۇ، مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا ئەپەندىلەرنىڭ ئىسلام دۇنياسىدىكى پائالىيەتلىرى سەۋەبلىك قاتتىق بېسىمغا دۇچ كېلىدۇ. شۇ يىلى مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن باشچىلىقىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار، بۇرھان شەھىدىنىڭ قىزىل خىتاي ئۈچۈن مەككىدە ئېلىپ بارغان سىياسىي تەشۋىقاتلىرىغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بارىدۇ. مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بۇرھان شەھىدىنىڭ كۆرۈشۈش تەلىپىنى قەتئىي رەت قىلىپ: «بۇرھاندەك بىرىنچى نومۇرلۇق خائىن بىلەن قۇتسال تۇپراقلاردا يۈز كۆرۈشۈش ۋەتەننى ساتقانلىقتىن باشقا ئىش ئەمەس،» دەيدۇ.

بۇرھان شەھىدىنىڭ 1956 ـ يىلى ھەج زىيارىتى جەريانىدىكى ئۇرۇنۇشلىرى مەغلۇب بولغاندىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىككىنچى قەدەمدە مۇھەممەدئىمىن بۇغرانى قايىل قىلالايدىغان باشقا بىر نامزات تېپىشقا مەجبۇر بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، قوشۇمچە ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيلىقىنى ئۆتەۋاتقان ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئۇرۇمچىدە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا

مەجلىس ئاچىدۇ. ئۇ مەجلىستە: «سىلەر مۇھەممەدئىمىن بۇغراغا خەت يېزىڭلار، ئۇ ۋەتەنگە قايتىپ كەلسۇن. ئەگەر قايتىپ كەلسە، بۇرۇنقى ئەمىلىنى بەرگەندىن تاشقىرى ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلىدۇ،» دەيدۇ. ھالبۇكى، مۇھەممەدئىمىن بۇغرا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ تورىغا دەسسىمەيدۇ.»[140]

1956 - يىلى 6 - ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى خىتاي مەملىكەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى بۇرھان شەھىدىنىڭ باشچىلىقىدا «خىتاي ھەج ئۆمىكى» تەشكىللەپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىدۇ. مەزكۇر ھەج ئۆمىكىنىڭ تەركىبىدە ئەنۋەر خانبابا، ئابدۇرەھىمجان ھەسەنوپ، ياقۇپ داموللام، ھىلالىدىن ئەزىزى، ئابدۇللا دامولla، نىمشېھىت ئارمىيە داموللام، بەردى داموللام قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەرمۇ بار ئىدى. خىتاي ھەج ئۆمىكى گەرچە «ھەج قىلىش» نامىدا مەككىگە ئەۋەتىلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ھەجدىن كېيىن بۇرھان شەھىدىنىڭ باشچىلىقىدا مىسىر، سەئۇدى ئەرەبىستان، ئىئوردانىيە، لىۋان، سۇرىيە قاتارلىق ئەرەب ئىسلام مەملىكەتلىرىدە قىزىل خىتاينىڭ مىللەتلەر سىياسىتى بىلەن دىن سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ئەنۋەر خانبابا ئۆزىنىڭ ئەسلىمىسىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىزنىڭ مەقسىتىمىز ھەج قىلىش بولسىمۇ، ئەمما ھەج ۋەزىپىسىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئەرەب دۆلەتلىرىدە زىيارەتتە بولۇش ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى، دۆلىتىمىزدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىنى، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىي ئەركىنلىك سىياسىتىنى ۋە مىللەتلەر باراۋەرلىك سىياسىتىنى تونۇشتۇرۇش ھەمدە دوستلۇق ئورنىتىش ئىدى.»[141]

---

[140] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 6 - بەت

[141] ئەنۋەر خانبابا: «ھاياتىمدىن خاتىرە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 - يىل نەشرى، 316 - 300 - بەتلەر

نۆۋەتلىك دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىقىغا كۆرسىتىلىدۇ. 1957-يىلى يازدا خىتاي ھۆكۈمىتى 17 كىشىلىك «خىتاي دۆلەتلىك ھەج ئۆمىكى» تەشكىللىگەندە ئابدۇرەھىم ئەيسا مەزكۇر ئۆمەكنىڭ مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقلىقىغا تەيىنلىنىپ، سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىلىدۇ.

مەرۇپ ئەيسا 1957-يىلى خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىدىن ليۇ شاۋچىنىڭ ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانى بېيجىڭغا چاقىرتىپ، ئۇنىڭغا ھەجگە بېرىش باھانىسىدا مۇھەممەدئىمىن بۇغرانى قايتۇرۇپ كېلىش ۋەزىپىسىنى يۈكلىگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. مەرۇپ ئەيسا ئەسلىمىسىدە يەنە قىيىن تاللاش ئىچىدە قالغان ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شۇ ۋاقىتتىكى زىددىيەتلىك روھىي ھالىتى ھەققىدە توختىلىپ، مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ چاغدا ئاكام ئابدۇرەھىم ئەيسا ئىلگىرى ھېچ ئويلاپ باقمىغان جىددىي سىياسىي مەسىلىگە دۇچ كېلىدۇ. ئەگەر ئۇ ليۇ شاۋچىنىڭ بۇ تاپشۇرۇقىنى قوبۇل قىلماي رەت قىلسا، خىتاي ھۆكۈمىتى بىر باھانە تېپىپ ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىشى چوقۇم ئىدى. ئەگەر خىتاي ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بارسا ۋە مۇھەممەدئىمىن بۇغرانى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە قايىل قىلسا، بۇ ئۆز دوستىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ دامىغا چۈشۈرۈپ بەرگەنلىك بولاتتى. ئۇ ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ ئاخىرى: ‹ئۆزىنى ھەم ساقلاپ قېلىش، دوستىنى ھەم تۇتۇپ بەرمەسلىك كېرەك› دېگەن قارارغا كېلىدۇ.»[143]

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ بۇ قېتىملىق ھەج سەپىرى جەريانىدا

---

[143] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 7-6-بەتلەر

بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن تۈرمىگە ئېلىندى. مەرۇپ ئەيسا ئەسلىمىسىدە بۇ ھەقتە يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇرھان شەھىدىنىڭ ئۈرۈمچىدە بولغان ۋاقتىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمىتى مەھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن يېقىنچىلىقى بار، ئۇنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشەلەيدىغان بىر ئادەمنى ئىزدەشكە مەجبۇر بولىدۇ. شۇ چاغدىكى ئۇيغۇر كادىرلار ئىچىدە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1940 ـ يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئۈرۈمچىدە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن يېقىن ئۆتكەنلىكى ۋە ئۇلار ئارىسىدا بىر ـ بىرىگە ئىشەنچ قىلىدىغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. چۈنكى بۇ ئىككى زات 1946 ـ 1947 ـ يىللىرى شىنجاڭ ئىنستىتۇتىدا بىللە ئىشلىگەن، يەنى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولغان، مۇھەممەدئىمىن بۇغرا شىنجاڭ ئىنستىتۇتىنىڭ پەخرىي پروفېسسورلىقىغا تەيىنلىنىپ، ئۇيغۇر تارىخىدىن دەرس بەرگەن ئىدى. ئەڭ مۇھىمى بۇ ئىككەيلەننىڭ ئەينى ۋاقىتتا ئىدىيە جەھەتتىن يېقىنچىلىقى بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىن خىتاي رەھبەرلىرىدىن لىيۇ شاۋچى ئابدۇرەھىم ئەيسانى بېيجىڭغا چاقىرتىپ مەخسۇس كۆرۈشىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ 1957 ـ يىلى ‹خىتاي ھەج ئۆمىكى› نى باشلاپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا بېرىشىنى، بۇ پۇرسەتتە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە قايىل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ.»[142]

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسا 1956 ـ يىلى بىردىنلا خىتاي مەملىكەتلىك ئىسلام دىنى جەمئىيىتى ئىككىنچى

---

[142] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 6 ـ 7 ـ بەتلەر

قارىمىقىدا خىزمەت قىلىدىغان كادىرلارنىڭ كۆپىنچىسى قاتنىشىدۇ. شۇ يىللىرى ئىلى ئوبلاستلىق ئوتتۇرا سوت مەھكىمىسىدە خىزمەت قىلىۋاتقان مەرۇپ ئەيسامۇ بۇ يىغىنغا قاتنىشىدۇ. مەرۇپ ئەيسانىڭ ئەسلىشىچە، يىغىندا ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆزىنىڭ ھەج پائالىيىتى داۋامىدا مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇنى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىشكە دەۋەت قىلغان بولسىمۇ، ئەمما مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بۇ تەكلىپنى رەت قىلغان ئىكەن.[144]

شۇنداق قىلىپ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئەيسا ئەپەندىنى قايتۇرۇپ كېلىش، چەتئەللەردىكى «شەرقىي تۈركىستان دەۋاسى» نىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈرۈش پىلانى مەغلۇب بولىدۇ. تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا، ئابدۇرەھىم ئەيسا خىتاي ھۆكۈمىتى كۆتكەندەك «چەتئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستان بۆلگۈنچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ كاتتىباشلىرى» غا خىزمەت ئىشلەپ، ئۇلارنى قايىل قىلىش ۋە قايتۇرۇپ كېلىش ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمايدۇ، بەلكى مەرۇپ ئەيسا تەكىتلىگەندەك، مۇھەممەدئىمىن بۇغراغا «قايتىپ كەلمەسلىكنى، ناۋادا قايتىپ كەلسە ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرايدىغانلىقى» دىن سىگنال بېرىدۇ.[145]

1957-يىلى 8-ئاينىڭ باشلىرىدا ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندە، خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىدا تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەت قوزغاش، شۇ ئارقىلىق ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىۋاتقان ئۇيغۇر سەرخىللىرىنى كەڭ

---

[144] مەرۇپ ئەيسا (گىسارون): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 6-7-بەتلەر

[145] مەرۇپ ئەيسا (گىسارون): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 6-7-بەتلەر

سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار بىلەن ئۇچراشقانلىقى، بولۇپمۇ مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنىڭ رەھبەرلىرىدىن ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرىدىن پولات قادىرى بىلەن ئايرىم ئۇچراشقانلىقى ھەققىدە ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىننىڭ ئەسلىمىسىدە تەپسىلىي بايانلار بېرىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئابدۇرەھىم ئەيسا شۇ قېتىملىق ھەج سەپىرىدە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ يەنە بىر مۇھىم رەھبىرى بولغان مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن ئۇچراشقانمۇ؟

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھازىر تاشكەنتتە ياشاۋاتقان ئەڭ كىچىك ئىنىسى مەرۇپ ئەيسا ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شۇ يىلى ھەرەمدە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن مەخپىي ئۇچراشقانلىقى، ئۇنىڭغا ۋەتەنگە قايتىپ كەلمەسلىك ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

ھالبۇكى، ھازىرغا قەدەر قولىمىزدا بار بولغان مەنبەلەردە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مەككىدە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى تەستىقلايدىغان ھۆججەت يوق. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەيلى مەرھۇم مۇھەممەدئىمىن بۇغرانىڭ شەخسىي ئارخىپىدا بولسۇن ياكى ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىلىرىدە بولسۇن، 1957 ـ يىلى مۇھەممەدئىمىن بۇغرانىڭ ھەجگە بارغانلىقى توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

مەرۇپ ئەيسانىڭ ئىلگىرى سۈرۈشچە، ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەجدىن قايتىپ كېلىپ بىيجىڭدىكى ئىشلىرىنى تاماملىغاندىن كېيىن ئىلى ئوبلاستىدا خىتاي ھەج ئۆمىكىنىڭ شۇ يىللىق ھەج پائالىيىتى توغرىلىق دوكلاد بېرىدۇ. غۇلجادىكى «ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز كۇلۇبى» دا ئېچىلغان بۇ چوڭ يىغىنغا ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت

ئۇلار سوۋېت كونسۇلىغا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مەككىدە ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەنلىكى، دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك CIA جاسۇسى بىلەن خۇپىيانە ئۇچرىشىپ، ئۇنىڭدىن پۇل ۋە سوۋغات قوبۇل قىلغانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلىدۇ. مەرۇپ ئەيسامۇ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ 1957-يىلىنىڭ ئاخىرى باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانى يوقىرىقى بىر قاتار «تۆھمەت» لەر بىلەن ئەيىبلىگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇ يەنە شۇ قېتىملىق كۈرەش يىغىنىدا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانى «مۇھەممەدئىمىن بۇغرانى ۋەتەنگە قايتماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرغان» ، «ئۇنىڭغا قايتىپ كەلمە دەپ تەتۈر تەشۋىقات قىلغان» دېگەندەك بىر قاتار «گۇناھ» لار بىلەن ئەيىبلىگەنلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ.[147]

مەلۇمكى، ئۇيغۇر دىيارىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلانغاندا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1950-يىللارنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغانلىقى ۋە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ مىللىي تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىگە قارشى چىققانلىقى، ئۇنىڭ «ئاساسلىق جىنايىتى» سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە، ئۇنىڭ 1957-يىلىدىكى ھەج سەپىرىگە مۇناسىۋەتلىك مۇنداق «3 چوڭ جىنايىتى» پاش قىلىنغان ئىدى: (1) ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەج تاۋابىتى جەريانىدا

chive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 61-64, Translated by David Brophy. Wilson Center, Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175899 )

[147] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 6-7-بەتلەر

كۆلەمدە تازىلاشنىڭ ئالدىن تەييارلىقى ئېلىپ بېرىلىۋاتتى.

1957-يىلى 12-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈرۈمچىدە ئىنتايىن داغدۇغا بىلەن «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۆرەشكە سەپەرۋەرلىك قىلىش يىغىنى» ئېچىلىدۇ. يىغىن باشلىنىشى بىلەن بىرىنچى پاي ئوق ئالدى بىلەن زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيساغا ئېتىلىدۇ. ئۇلارغا «ئوگچى»، «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى»، «تەتۈر ئىنقىلابچى»، «ئۇيغۇرىستانچى»، «خەنزۇلارغا قارشى» دېگەندەك بىر قاتار قالپاقلار كىيدۈرۈلىدۇ. بولۇپمۇ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شۇ يىلى ھەجدىن «قۇرۇق قول» قايتىپ كەلگەنلىكى، يەنى خىتاي ھۆكۈمىتى تاپشۇرغان «سىياسىي ۋەزىپە» نى ئورۇندىيالمىغانلىقى، ئۇنىڭ تېخىمۇ زور «گۇناھى» بولۇپ قالىدۇ.

ئامېرىكادىكى «ۋىلسون مەركىزى» ئېلان قىلغان سوغۇق ئۇرۇشقا دائىر ھۆججەتلەر ئىچىدە 1958-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۈرۈمچىدىكى سوۋېت كونسۇلى دوباشىنغا، ئىلى ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تاشقىي ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ خۇاڭجاڭنىڭ غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلىغا «يەرلىك مىللەتچى» لەر ھەققىدە بەرگەن دوكلاتلىرى ئۇچرايدۇ.[146]

---

[146] “Memorandom of a Discussion held by USSR Consul-General in Ürümchi, G. S. Dobashin, with First Secretary of the Party Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Wang Enmao, and Chair of the People’s Committee, Comrade S. Azizov”, January 17, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 54-56; Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175894 )
“Memorandum on a Discussion with Wang Huangzhang, Head of the Foreign Affairs Office of the Prefectural People’s Committee”, January 22, 1958, History and Public Policy Program Digital Ar-

بۇ يەردە مۇنداق بىر سوئال تۇغۇلىدۇ: ئابدۇرەھىم ئەيسا 1957-يىلى يازدا خىتاي ھەج ئۆمىكىگە مۇئاۋىن باشلىق بولۇپ ھەجگە مېڭىشتىن ئىلگىرى خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇنىڭغا مۇھەممەدئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى قايتىپ كېلىشكە قايىل قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرغان. ھەتتا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئالىي رەھبەرلىرىدىن ليۇ شاۋچى بېيجىڭدا ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرغان. شۇنداقكەن، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەرەمدە ئەيسا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشۈشى قانداقلارچە ئۇنىڭ «جىنايىتى» بولۇپ قالىدۇ؟ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ رۇخسىتى بولماي تۇرۇپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مەككىدە ئەيسا ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى پولات قادىرى قاتارلىق كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈشى مۇمكىنمۇ؟ ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەج ئۆمىكى تەركىبىدە ئابدۇراھمان ھىدايەتوففا ئوخشاش ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئىش-ھەرىكىتىنى كۆزىتىدىغان «قۇلاق» لارنىڭ بارلىقىنى بىلمەمتى؟

1956-يىلى بۇرھان شەھىدى خىتاي ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ ئەرەبىستانغا بارغاندا، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە مۇھەممەدئىمىن بۇغرا بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلغان، ئەمما مۇھەممەدئىمىن بۇغرا، بۇرھان شەھىدى بىلەن كۆرۈشنى كەسكىن رەت قىلغان ئىدى. 1958-يىلى ئەنۋەر جاكۇلىن خىتاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكىنى باشلاپ ئەرەبىستانغا بارغاندا مەككىدە ئەيسا ئەپەندى بىلەن كۆرۈشكەن ئىدى. شۇنداقكەن، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلانغاندا، نېمە

---

the Foreign Affairs Office of the Prefectural People's Committee", January 22, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 61-64, Translated by David Brophy. Wilson Center, Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175899)

چەتئەلدە جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن ۋە ئۇنىڭ شايكىلىرى بىلەن يوشۇرۇن كۆرۈشكەن؛ (2) ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەرەمدە دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك بىر قازاق كىشى بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن ئامېرىكا دوللىرى ۋە باشقا سوۋغاتلارنى تاپشۇرۇپ ئالغان. بۇ سوۋغاتلار ئارىسىدا جۇڭگوغا ۋە كومپارتىيەگە قارشى ئاكسىيەتچىل ناخشا-مۇزىكا ۋە ئاۋازلىق تەشۋىقات قاچىلانغان پاتىفون پىلاستىنكىسى ھەم بولغان. دۆۋلەتبەگ ئەسلىدە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە سوۋېت ئارمىيەسى تەركىبىدە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، گېرمان ناتسىستلىرىغا ئەسىرگە چۈشكەن قازاق كىشى بولۇپ، ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكاغا سېتىلىپ، CIA ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان جاسۇسقا ئايلانغان؛ (3) ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، «خىتاينىڭ ئاتالمىش ‹ئاپتونوم رايونى› بولغاندىن ئامېرىكا ياكى ئەنگلىيەنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان ياخشىراق ئىكەن» دەپ زەھەر تارقاتقان. ئۇ ھە دېسىلا ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە قاتارلىق ئىمپېرىيالىست دۆلەتلەرنى ماختاپ، سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن جۇڭگونى چۆكۈرگەن، سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ۋە كوممۇنىزم ئىدىيەسىگە قارشى تۇرىدىغان گەپ-سۆزلەرنى تارقاتقان.[148]

---

[148] مەرۇپ ئەيسا (گىسارو): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 7-6-بەتلەر

"Memorandom of a Discussion held by USSR Consul-General in Urumchi, G. S. Dobashin, with First Secretary of the Party Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Wang Enmao, and Chair of the People's Committee, Comrade S. Azizov", January 17, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 54-56; Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175894)

"Memorandum on a Discussion with Wang Huangzhang, Head of

ھۆكۈمەت مەنبەلىرىدىن باشقا ھېچ بىر مەنبەدە، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1957 - يىلىدىكى ھەج سەپىرىدە دۆلەتبەگ ئىسىملىك CIA جاسۇسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات يوق. ھەتتا خىتاي ئەۋەتكەن مەملىكەتلىك ھەج ئۆمەكلىرى بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن «قىزىل ھاجى» لار ئۆمەكلىرىنىڭ 1956 - يىلىدىن 1958 - يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەرەمدىكى ھەج پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئىنتايىن تەپسىلىي خاتىرە قالدۇرغان ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىنمۇ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەرەمدا دۆلەتبەگ ئىسىملىك بىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ.[149] مۇھاجىرەتتىكى غەربىي تۈركىستانلىقلارنىڭ 1920 - يىللاردىن 1990 - يىللارغىچە چەتئەللەردە ئېلىپ بارغان كۈرەش تارىخى ھەققىدە مۇپەسسەل مەلۇمات بەرگەن دوكتور ئەھەت ئەندىجانىنىڭ «جەدىدچىلىكتىن مۇستەقىللىققىچە چەتئەللەردە تۈركىستان مۇجادىلەسى» ناملىق زور ھەجىملىك كىتابىدىمۇ بۇ ھەقتە مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ.[150] سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ياشىغان غەربىي تۈركىستانلىق سەرخىللاردىن زۇھرىددىن مىرزا ئابىد تۈركىستانى «ھىجرەت يىللىرى» ناملىق كىتابىدا 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدىن 1960 - يىلىغا قەدەر ئۆزىنىڭ گېرمانىيەدىكى ۋەلىي قېييۇمخان[151] ۋە بايمىرزا

---

[149] Ömer Kul yayına hazırlayan: Esir Doğu Türkistan İçin-2: Isa Yusup Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), Ankara: Berikan Yayınevi, 2007

[150] Ahat Andican, Cedidizm'den Bağımsızlığa Harıçte Türkistan Mücadelesi, Istanbul: Emre Yayınları, 2003

[151] ۋەلى قېييۇمخان (1901 - 1993) يىگىرمىنچى ئەسىردە ياۋروپادا ئېلىپ بېرىلغان تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ھەرىكىتىنىڭ مۇستافا چوقاي (1890 - 1941) دىن كېيىنكى مۇھىم ۋەكىلى، شۇنداقلا باش شىتابى گېرمانىيەدىكى «تۈركىستان مىللىي بىرلىك كومىتېتى» تەشكىلاتىنىڭ رەھبىرى. ۋەلى قېييۇمخان تاشكەنتنىڭ پىچاقچى مەھەللىسىدە تۇغۇلغان، ياشلىقىدا تۈركىستاننىڭ داڭلىق جەدىدچى سەرخىللىرىدىن ئابدۇرەئۇف

ئۇچۇن بۇرھان شەھىدى بىلەن ئەنۋەر جاكولىن «ۋەتەنپەرۋەر» ھېسابلىنىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسا «چەتئەللىكى بۆلگۈنچىلەرنىڭ كاتتىبېشى بىلەن كۆرۈشكەن يەرلىك مىللەتچى» بولۇپ قالىدۇ؟

گۇمانىمىزنى قوزغايدىغان ئىككىنچى مەسىلە، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەج سەپىرى جەريانىدا «دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك ئامېرىكا جاسۇسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى» دۇر. بۇ مەسىلە ھازىرغىچە قولىمىزدا بار بولغان مۇنداق ئۈچ مەنبەدە ئۇچرايدۇ. بىرى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «ئالغا» ژۇرنىلىنىڭ 1958 ـ يىللىق 5 ـ سانىدا بېسىلغان زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق ئۈچ كىشىنى «ئەشەددي يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلىگەن باش ماقالىدا؛ يەنە بىرى 1958 ـ يىلى ئۈرۈمچى ۋە غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلخانىلىرىنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» توغرىسىدا موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتلىرىدا؛ ئۈچىنچىسى، ھايات شاھىتلاردىن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى مەرۇپ ئەيسانىڭ ئەسلىمىسى (1990) ۋە ئاپتور بىلەن ئۆتكۈزگەن تېلېفون سۆھبەت خاتىرىسى (2019) دە تىلغا ئېلىنىدۇ. ھالبۇكى، ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ «ئەڭ چوڭ جىنايەتلىرىدىن بىرى» دەپ قارالغان بۇ ۋەقەنى دەلىللەيدىغان ئىككىنچى بىر بىتەرەپ مەنبە قولىمىزدا يوق.

ئۇنداقتا، دۆۋلەتبەگ زادى كىم؟ ئابدۇرەھىم ئەيسا قانداق بولۇپ ئامېرىكا ئىستىخباراتى ئۈچۈن ئىشلەيدىغان بۇ سىرلىق شەخس بىلەن كۆرۈشىدۇ؟ ئەگەر ئۇنى راستىنلا دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك بۇ شەخس بىلەن كۆرۈشتى دېيىلگەندە، بۇ كۆرۈشۈش قاچان، قەيەردە بولغان؟ ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، خىتاي

ئۆزبېك، تۈركمەن، ئۇيغۇر ياشلىرى سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ تەركىبىدە گېرمان ئارمىيەسىگە ئەسىرگە چۈشىدۇ. دەسلەپتە ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمى «يەھۇدىي» دەپ قارىلىپ، گېرمان ئارمىيەسى تەرىپىدىن كوللېكتىپ قىرىپ تاشلىنىدۇ. ئەمما كېيىنچە ۋەلى قەييۇمخان، مۇستافا چوقاي ئوغلى قاتارلىق تۈركىستانلىق سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ بېرلىندىكى تىرىشچانلىقى بىلەن سوۋېت قىزىل ئارمىيەسى تەركىبىدىكى تۈركىستانلىق ئەسكەرلەر ۋە باشقا مۇسۇلمان ئەسىرلەر ئۆلتۈرۈلۈش خەۋپىدىن قۇتۇلىدۇ. گېرمانىيە شەرق ئىشلىرى مىنىستىرلىقىنىڭ تەكلىپى بىلەن گېرمانىيە ئارمىيەسى تەركىبىدە «تۈركىستان لېگىيونى» تەشكىللىنىدۇ، ھەمدە تۈركىستانلىق ئۇرۇش ئەسىرلىرى بۇ لېگىيوننىڭ تەركىبىدە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇشقا سېلىنىدۇ. 1941-يىلىنىڭ ئاخىرى ياۋروپادىكى تۈركىستانلىق سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ ئەڭ مەشھۇر ۋەكىلى مۇستافا چوقاي ئوغلى تىفۇس كېسەللىكى بىلەن بېرلىندا ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋەلى قەييۇمخان ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە تۈركىستاننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن گېرمانىيەدە سىياسىي پائالىيەتلەرنى داۋاملاشتۇرغان شەخس بولۇپ قالىدۇ. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىگە كەلگەندە گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ۋەلى قەييۇمخان رەھبەرلىك قىلىۋاتقان «مىللىي تۈركىستان بىرلىك كومىتېتى» (MTBK) نى تۈركىستاننىڭ مۇھاجىرەتتىكى رەسمىي قانۇنلۇق ھۆكۈمىتى دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن 1945-يىلى مايدا ۋەلى قەييۇمخان گېرمانىيەنىڭ مارىئانباد شەھىرىدە ئامېرىكا ئارمىيەسى تەرىپىدىن قولغا ئېلىنىدۇ. ۋەلى قەييۇمخان نۇرېنبېرگ سوتىدا ئىككى يىلغا قەدەر سوزۇلغان تالاش-تارتىشلاردىن كېيىن «گۇناھسىز» دەپ قويۇپ بېرىلىدۇ. ئۇ نۇرېنبېرگ سوتىدا ئۆزىنىڭ ناتسىستلار پارتىيەسىگە ئەزا ئەمەسلىكىنى، گېرمانىيەدە ئېلىپ بارغان بارلىق سىياسىي پائالىيەتلىرىدە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى تۈركىستان تۇپراقلىرىنىڭ ئازادلىقىنى مەقسەت قىلغانلىقىنى، ئۇرۇش يىللىرىدا يەھۇدىي قىرغىنچىلىقىغا دائىر ھەرقانداق بىر ھەرىكەتكە قاتناشمىغانلىقىنى سۆزلەپ، ئامېرىكا ۋە ئەنگلىيە سوتچىلىرىنى قايىل قىلىدۇ. 1947-يىلى نۇرېنبېرگ سوتى سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ ۋەلى قەييۇمخاننى سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش تەلىپىنى رەت قىلىپ، ئۇنى گېرمانىيەدە قويۇپ بېرىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەلى قەييۇمخان گېرمانىيەدە «مىللىي تۈركىستان بىرلىك كومىتېتى» تەشكىلاتىنى قايتىدىن تەشكىللەپ، سىياسىي پائالىيەتلىرىنى جانلاندۇرىدۇ. ئەمما سوغۇق ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى يىللىرى ئامېرىكا ھۆكۈمىتى ياۋروپادىكى بولشېۋىكلارغا قارشى رۇس ئۆكتىچىلىرى بىلەن قىرىم-قازان، كافكازىيە ۋە تۈركىستان مۇھاجىرلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بىرلىك سەپ قۇرۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەمما ۋەلى قەييۇمخان ياۋروپىدىكى رۇس ئۆكتىچىلىرى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى تونۇمىسا، ئۇلار بىلەن

فىترەتنىڭ قولىدا ئوقۇغان. 1921 - يىلى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار نازىرى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان فىترەتنىڭ تەۋسىيەسى بىلەن، ياش ۋەلى قەييۇمخان تاشكەنتتىن بۇخاراغا بارىدۇ. ئۇ شۇ يىلى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىن گېرمانىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا بۇخارا پاسپورتى بىلەن گېرمانىيەگە يولغا چىقىدۇ، ئەمما موسكۋاغا يېتىپ بارغاندا رۇسلار ئۇنى تۇتۇپ قالىدۇ. 1922 - يىلى گېرمانىيە زىيارىتى ئۈچۈن موسكۋادىن ئۆتكەن فەيزۇللا خوجايېق، موسكۋادا تۇتۇپ قېلىنغان ۋەلى قەييۇمخاننى ئېلىپ گېرمانىيەگە بارىدۇ ۋە ئۇنى ئوتتۇرا دەرىجىلىك بىر يېزا - ئىگىلىك مەكتىپىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. 1925 - يىلى ئۇ يېزا - ئىگىلىك ئوتتۇرا مەكتىپىنى پۈتتۈرۈپ، يېزا - ئىگىلىك تېخنىكومىغا ئوقۇشقا كىرىدۇ. شۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا قارىتىلغان سىياسەتلىرىدە جىددىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بېرىپ، بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئەمەلدىن قالدۇرۇلىدۇ. بۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ تېررىتورىيەسىنىڭ بىر قىسمى ئۆزبېكىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە، يەنە بىر قىسمى تۈركمەنىستان سوۋېت سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ھۆكۈمىتى، ئەينى يىللىرى بۇخارا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن گېرمانىيەگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوقۇشى پۈتمەيلا قايتۇرۇپ كېلىدۇ. ئەمما بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى قايتمايدۇ. ۋەلى قەييۇمخانمۇ 1925 - يىلى بۇخارادىن كەلگەن بىر تېلېگرامما بىلەن ۋەتىنىگە قايتىش نىيىتىدىن ۋاز كېچىدۇ. 1928 - يىلى ئۇ يېزا - ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، 1930 - يىلى سىياسىي ئىلىملەر بويىچە گېرمانىيەدە داۋاملىق ئوقۇيدۇ. كېيىنچە ئۇ سىياسەت پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن ئوقۇيدۇ. ئۇ گېرمان شەرقشۇناسلىرىدىن فون مەندىنىڭ ياردىمى بىلەن 1936 - يىلى «14 - ئەسىردىن كۈنىمىزگە قەدەر تۈركىستان مەدەنىيىتى» ناملىق ئىلمىي ئەمگىكى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. ۋەلى قەييۇمخاننىڭ تۈركىستان مەسىلىسى بويىچە سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئارىلىشىشى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتىلىغان مەزگىللەرگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئالدىدا، بولۇپمۇ 1924 - يىلدىن تاكى 1930 - يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر ياۋروپادا سىياسىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغان تۈركىستانلىق ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا ۋەلى قەييۇمخاننىڭ ئىسمى ئۇچرىمايدۇ. 1939 - يىلى گېرمانىيە پولشاغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ پەردىسىنى ئاچقاندىن كېيىن، ۋەلى قەييۇمخان پارىژدىكى مۇستافا چوقاي ئوغلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا فون مەندىنىڭ تەكلىپىنى يېرىدۇ. يەنى، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى مۇستافا چوقاي ئوغلىنىڭ بېرلىنغا كېلىپ ئىشلىشىنى تەكلىپ قىلىدۇ. 1941 - يىلى گېرمانىيە سوۋېت ئىتتىپاقىغا ھۇجۇم قىلغاندىن كېيىن، يۈز مىڭلىغان تاتار، باشقىرت ۋە تۈركىستانلىق قازاق، قىرغىز،

بۇ مەكتۇبلاردا سەئۇدى ئەرەبىستانىدىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى تەپسىلىي يورۇتۇلىدۇ. ئەمما بۇ مەكتۇبلارنىڭ ھېچ بىرىدە دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك تۈركىستانلىق بىر قازاق پائالىيەتچىنىڭ ئىسمى ۋە ياكى ئۇنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن ھەرەمدە مەخپىي كۆرۈشكەنلىكىگە ئائىت مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ.[153]

---

مىللىي ھۆكۈمەتلىرى ھەققىدە» ناملىق دىسسېرتاتسىيەسى بىلەن دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشىدۇ. شۇ يىلى ئۇ كۆلنىدە بىر گېرمان قىز بىلەن توي قىلىدۇ. كېيىنچە ئەرتاي، مىرزا ئىسىملىك 2 ئوغلى ۋە دىلبەر ئىسىملىك بىر قىزى تۇغۇلىدۇ. بايمىرزا ھايىت كېيىنكى ھاياتىدا گېرمان، ئىنگلىز ۋە تۈرك تىللىرىدا يۈزلىگەن ماقالە ۋە 15 پارچىدەك ئىلمىي كىتابىنىڭ مۇئەللىپى بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭ تۈركىستان تارىخىغا بېغىشلانغان چوڭ تىپتىكى كىتابلىرىدىن «20-ئەسىردىكى تۈركىستان» (1956-يىل)، «سوۋېت رۇسىيەسىنىڭ شەرق سىياسىتى ۋە تۈركىستاننى پارچىلاش تاكتىكىسى» (1962-يىل)، «رۇسىيە بىلەن خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى تۈركىستان» (1971-يىل)، «باسمىچىلار ھەرىكىتى: 1917-يىلدىن 1934-يىللارغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈركىستان مىللىي كۈرەشلىرى» (1992-يىل) قاتارلىقلارنى كۆرسىتىشكە بولىدۇ. بايمىرزا ھايىت يوقىرىقى ئىلمىي ئەمگەكلىرى بىلەن تۈركىستان تارىخشۇناسلىقى بويىچە غەربتە ئېتىراپ قىلىنغان ئالىملارنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ. ئۇ خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتى، ئەنقەرەدىكى ھاجى تەپە ئۇنىۋېرسىتېتى، ئىستانبۇل ئۇنىۋېرسىتېتى، مارامار ئۇنىۋېرسىتېتى قاتارلىق داڭلىق ئۇنىۋېرسىتېتلاردا لېكسىيە بېرىدۇ. 2004-يىلى ئىستانبۇل تېخنىك ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇنىڭغا ئۆمۈرلۈك دوكتورلۇق ئۇنۋانى بېرىدۇ. بايمىرزا ھايىت ئۆمۈر بويى ئىككى تۈركىستاننىڭ، يەنى خىتاي مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان بىلەن رۇس كونتروللۇقىدىكى غەربىي تۈركىستاننىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ۋە بۈيۈك تۈركىستان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇزى يازغان تارىخ كىتابلىرىدىمۇ بۇ ئىدىيەنى چىقىش قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە قاتتىق چەكلىنىدۇ. ھەتتا ئۆزبېكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئۆزبېكىستاندا تەنقىد قىلىنىدۇ. ھەتتا ئۆزبېكىستاننىڭ سابىق پرېزىدېنتى ئىسلام كەرىموف ئۇنى «ۋەتەن خائىنى» دەپ ئېلان قىلىدۇ. ئۆمۈر بويى بۈيۈك تۈركىستان غايىسى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان ۋە بۇ يولدا ئىزدەنگەن بايمىرزا ھايىت 2006-يىلى گېرمانىيەدە 88 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

[153] Zuhriddin Mirza Abid Türkistani, Türkistan İstiklal Yolunda: Hicret Yılları, Istanbul: Doğu Kütüphanesı, 2013

هايت[152]لار بىلەن يېزىشقان مەكتۇبلىرىنى ئاشكارىلايدۇ.

---

بىرلەشمەيدىغانلىقى ھەققىدە باياناتت ئېلان قىلىدۇ. دېگەنىدەك، ياۋروپادىكى رۇس ئۆكتىچىلىرى تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىق مەسىلىسى سوۋېت ئىتتىپاقى يوقالغاندىن كېيىن ئاندىن ئويلىشىلىدىغان مەسىلە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيدۇ. بۇنىڭ بىلەن ۋەلى قېيۇمخان رۇس ئۆكتىچىلىرى بىلەنمۇ، ھەم گېرمانىيەدە قۇرۇلغان «بولشېۋىكلارغا قارشى ئامېرىكا كومىتېتى» بىلەنمۇ ھەمكارلاشمايدۇ. 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا «ئامېرىكا كومىتېتى» گېرمانىيەدە ۋەلى قەيۇمخانلاردىن بۆلۈنۈپ چىققان يەنە بىر تۈركىستان تەشكىلاتى «تۈرك ئېلى» نى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قولايدۇ. ئەمما بۇ تەشكىلات ئۇزۇن ئۆتمەيلا تارقىلىپ كېتىدۇ. ۋەلى قېيۇمخان باشچىلىقىدىكى «مىللىي تۈركىستان بىرلىك تەشكىلاتى» 1950 ـ يىللاردىن تاكى 1960 ـ يىللارغىچە ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارىدۇ. بايمىرزا ھايتمۇ بۇ تەشكىلات قارىمىقىدا ۋەلى قېيۇمخانغا ياردەملىشىدۇ. ئەمما 1960 ـ يىللاردىن كېيىن ياۋروپادىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ پائالىيەتلىرى بارغانسېرى سۇسلىشىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ تەشكىلاتتا پەقەتلا ۋەلى قېيۇمخان بىر كىشى قەپ قالىدۇ. 1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى يىقىلىپ، تۈركىستان تۇپراقلىرىدا 5 مۇستەقىل دۆلەت دۇنياغا كەلگەندە، 90 ياشقا يېقىنلىشىپ قالغان ۋەلى قېيۇمخان ئېغىر كېسەل ئىدى. ئۇنىڭغا ئۆزى بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان تۈركىستاننى، 5 پارچىغا بۆلۈنۈپ ئاخىرىدا مۇستەقىل بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنى، ئۆزى تۇغۇلۇپ بىر ئۆمۈر ئۆتىدا كۆيگەن تاشكەنت شەھىرىنى قايتا كۆرۈش نېسىپ بولمايدۇ. ئۇ 1993 ـ يىلى گېرمانىيەدە ئالەمدىن ئۆتىدۇ.

[152] بايمىرزا ھايت (1917ـ2006) ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان داڭلىق سىياسىي پائالىيەتچى، تارىخچى، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىستان تارىخى تەتقىقاتى بويىچە گېرمانىيەدە تونۇلغان مۇتەخەسسىس. ئۇ 1917 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ نەمەنگان شەھىرىدە تۇغۇلغان. 1939 ـ يىلى تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرۈپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىدە ھەربىي مەجبۇرىيەت ئۆتەشكە چاقىرتىلغان. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغاندا ئۇ سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىنىڭ تانكا ئىسكادرونىدا لېيتېنانت دەرىجىلىك كوماندىر بولغان ۋە پولشا ئۇرۇش مەيدانىغا ئەۋەتىلگەن. 1941 ـ يىلى گېرمان ئارمىيەسىگە ئەسىرگە چۈشكەن ۋە گېرمانىيە تەشكىللىگەن «تۈركىستان لېگيونى» دا ئوفىتسېر بولغان. ئۇ مۇستافا چوقاي ۋاپات بولۇشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ بىلەن بىرقانچە قېتىملار كۆرۈشكەن. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بايمىرزا ھايت بىر تەرەپتىن ۋەلى قېيۇمخان باشچىلىقىدىكى «مىللىي تۈركىستان بىرلىك كومىتېتى» دا ئاكتىپ پائالىيەت ئېلىپ بارسا، يەنە بىر تەرەپتىن قېتىرقىنىپ ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ 1950 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ مۈنستېر ئۇنىۋېرسىتېتىدا تارىخشۇناسلىق بويىچە ئوقۇپ، «قوقاند ۋە ئالاش ئوردا

تاشقي دىپلوماتىيە جەھەتتە تەيۋەنچىلىك ئورنى يوق ئىدى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭمۇ ئەزاسى ئەمەس ئىدى. شۇنداق بولغاچقا خىتاي دۆلەت ئىستىخباراتىنىڭ كوممۇنىست خىتاينىڭ ئەلچىخانىسى تۇرماق، ھەتتا ۋاكالەتخانىسىمۇ مەۋجۇت بولمىغان سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ئابدۇرەھىم ئەيسانى «ئامېرىكا جاسۇسى» غا باغلاپ «دىپلو ياسايدىغان» مۇمكىنچىلىكى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئەمما بۇ ئىش سوۋېت ئىستىخباراتى - ك گ ب نىڭ قولىدىن كېلەتتى.

سوۋېت ئىتتىپاقى 1920 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن باشلاپلا چەتئەللەرگە چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان باسمىچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستانلىقلارنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پائالىيەتلىرىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، چېگرا سىرتىدا ئىنتايىن زور جاسۇسلۇق تورىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. بۇ جاسۇسلۇق تورىدا مەھمۇت ئايقارلى[154] غا ئوخشىغان

[154] مەھمۇت ئايقارلى - سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى دەۋرىدە سوۋېت ئىستىخباراتى، يەنى ك گ ب تەرىپىدىن تەربىيەلىنىپ، ئالدى بىلەن ئىرانغا، ئاندىن ئافغانىستانغا ئەۋەتىلگەن ئۆزبېك جاسۇس. مەھمۇت ئايقارلى 1931 - يىلى 24 يېشىدا سوۋېت ئىستىخباراتى تەرىپىدىن ئىرانغا جاسۇسلۇققا ئەۋەتىلگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىران ۋە ئافغانىستاندىكى تۈركىستانلىق سىياسىي پائالىيەتچىلەر ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشۋالغان ۋە يىللار بويى تۈركىستانلىق پائالىيەتچىلەرنىڭ ئىچكىي ئۇچۇرلىرىنى سوۋېت تەرەپكە يوللاپ تۇرغان. بۇ جەرياندا تۈركىستانلىق باسمىچىلار ھەرىكىتىنىڭ رەھبىرى سەدرىددىن خاننىڭ ئافغانىستاندا ك گ ب جاسۇسلىرى تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئېلىپ كېتىلىشى ۋە ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەبچى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا مەھمۇت ئايقارلىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستانلىق سىياسىي پائالىيەتچىلەردىن يەنە قانچىلىك كىشىنىڭ يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغان يىللاردا ئافغانىستاندىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار مەھمۇت ئايقارلىدىن گۇمانلىنىشقا باشلايدۇ. ئافغانىستان ھۆكۈمىتىمۇ مەھمۇت ئايقارلىنى سوۋېت تەرەپنىڭ ئىشپىيونى دەپ گۇمانلىنىپ قولغا ئالىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ مەھمۇت ئايقارلى ئۈستىدىكى گۇمانلارنى يوق قىلىش ئۈچۈن ئۇنى

ئۇنداقتا، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەج سەپىرى جەريانىدا دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك CIA جاسۇسى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى قانداق ئوتتۇرىغا چىقتى؟

بۇ مەسىلىنى ئىنچىكىلىك بىلەن ئانالىز قىلغاندا، ئابدۇرەھىم ئەيسانى كۆزدىن يوقىتىش ئوپېراتسىيەسىنىڭ ئۇ ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىشتىن بۇرۇنلا پىلانلانغانلىقىنى، بۇنىڭغا خىتاي تەرەپكە قارىغاندىمۇ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپنىڭ بەكرەك كۈچىگەنلىكىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخباراتى بۇ جەھەتتە ئىنچىكىلىك بىلەن پىلان قۇرۇپ، ناۋادا ئابدۇرەھىم ئەيسانى ھەج سەپىرىدىن پايدىلىنىپ، «چەتئەللەردىكى بۆلگۈنچى كۈچ» لەرگە ياكى «ئامرىكا جاسۇسلىرى» غا باغلىيالىسا، ئۇنى ناھايىتى ئاسانلا كۆزدىن يوقاتقىلى بولىدىغانلىقىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن. شۇڭا مۇئەللىپ ئابدۇرەھىم ئەيساغا ئائىت ئارخىپلار ۋە ئەسلىمىلەرنى تەپسىلىي ئوقۇش ھەم ئانالىز قىلىش جەريانىدا ئاتالمىش «دۆۋلەتبەگ ۋەقەسى» نىڭ خىتاي ئىستىخباراتى تەرىپىدىن ئەمەس، بەلكى سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخباراتى تەرىپىدىن ياسىلىپ چىقىلغانلىقى ۋە خىتاي تەرەپنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن سۇنۇلغانلىقىنى تەخمىن قىلىدۇ. چۈنكى 1950 - يىللاردا كوممۇنىست خىتاي تاشقىي دىپلوماتىيە جەھەتتە ئىنتايىن يېتىم ھالەتتە ئىدى. كوممۇنىست خىتاي بۇ مەزگىللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر سۈنئىي ھەمراھ دۆلىتى سۈپىتىدە سوۋېت ئىتتىپاقى ھاسىل قىلغان تاشقىي دىپلوماتىيە ئوربىتاسىدا ئايلىنىشقا مەجبۇر ئىدى. كوممۇنىست خىتاينىڭ 1950 - يىللاردا مەيلى ئاسىيا ئەللىرىدە بولسۇن، ياكى غەرب ئەللىرىدە بولسۇن، ۋە ياكى ئوتتۇرا - شەرقتىكى ئىسلام ئەللىرىدە بولسۇن، دىپلوماتىيە جەھەتتىكى ئاساسى ئىنتايىن ئاجىز ئىدى، ھەتتا

جاسۇس گېرمان ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلغان ئىدى.[155]

1955 - يىلى ھىندونېزىيەدە چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك «ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى» دا سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن كوممۇنىست خىتاي ھۆكۈمىتى ئامېرىكا ئەۋەتكەن روزى نەزەر ۋە سەئىد شامىل قاتارلىق كىشىلەرنىڭ قاتتىق ھۇجۇمىدا رەسۋا بولىدۇ. سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بۇنىڭدىن قاتتىق ساۋاق ئېلىپ، 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرى مىسىر پايتەختى قاھىرەدە ئېچىلغان ئىككىنچى نۆۋەتلىك «ئاسىيا - ئافرىقا ئەللىرى يىغىنى» غا پۇختا تەييارلىق بىلەن ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەۋەتىدۇ. يىغىندىن ئىلگىرى سوۋېت ك گ ب سى مىسىردىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ رەھبىرى مۇبەشىرخان تەرازىنى سېتىۋالىدۇ. مۇبەشىرخان تەرازى ئەسلىدە تۈركىستان مۇستەقىللىق ھەرىكىتىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى داڭلىق يېتەكچىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ ئافغانىستاندىكى مەزگىللىرىدە ئافغانىستان پادىشاھىنىڭ ئوغۇللىرىغا ئوقۇتقۇچى بولغان، كېيىنچە مىسىرغا يەرلىشىپ، ئەل - ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ داڭلىق پروفېسسورلىرىدىن بولۇپ قالغان ئىدى. قاھىرە يىغىنى باشلىنىپ، بىر كۈنى يېرىم كېچىدە CIA نىڭ ئالاھىدە خادىمى روزى نەزەر سوۋېت ئىتتىپاقى ئەۋەتكەن مۇفتى زىياۋۇدۇن باباخانوفنىڭ ئىككى يوغان خالتىنى كۆتۈرۈپ، مۇبەشىرخان تەرازىنىڭ كىچىك ئوغلى بىلەن بىرلىكتە، تاكسىغا ئولتۇرۇپ مېھمانخانىدىن ئايرىلغانلىقىنى بايقايدۇ. روزى نەزەر ئۇلارنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ ئارقىسىدىن ئەگىشىدۇ، ھەمدە سوۋېت مۇفتىسى زىياۋۇدۇن باباخانوفنىڭ قاھىرەدىكى مۇبەشىرخان تەرازىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرىدۇ. ئامېرىكا تەرەپ روزى نەزەر تەمىنلىگەن بۇ ئۇچۇر بويىچە ئاخىرى مۇبەشىرخان

[155] Zuhriddin Mirza Abid Türkistani, Türkistan İstiklal Yolunda: Hicret Yılları, ss. 181

نەچچە ئۇنلىغان تەجرىبىلىك جاسۇسلار ھەرىكەت ئېلىپ بېرىپ، چەتئەللەردىكى تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنى ئېغىر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتقان ۋە قانچىلىغان تۈركىستانلىق سىياسىي سەرخىللارنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىگە سەۋەب بولغان ئىدى. سوۋېت ك گ ب سى يەنە 1955 ـ يىلى غەربىي گېرمانىيەدە تۈركىستاننىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن سىياسىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ۋەلى قېيىيۇمخاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن جاسۇس ئەۋەتكەن بولۇپ، بۇ

---

ئافغان تۈرمىسىدىن قۇتقۇزمايدۇ. ئايقارلى شۇ ياتقانچە 1947 ـ يىلى ئاندىن تۈرمىدىن چىقىدۇ، ھەمدە ئۇزۇن ئۆتمەيلا سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپكە مەلۇمات يوللاشقا باشلايدۇ. ئافغانىستاندىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارمۇ بۇ ۋاقىتتا «ئەگەر مەھمۇت ئايقارلى راستىنلا سوۋېت جاسۇسى بولغان بولسا، سوۋېت ھۆكۈمىتى بىر ئاماللار بىلەن ئۇنى ئافغان تۈرمىسىدىن قۇتقۇزغان بولاتتى، ئەمما ئۇنى قۇتقۇزمىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىش ئارتۇقچە،» دەپ ئايقارلىغا يەنە قۇچاق ئاچىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەھمۇت ئايقارلى ئافغانىستاندىن پاكىستانغا يۆتكىلىپ، پاكىستاندا ھەرىكەت قىلىۋاتقان تۈركىستانلىق مىللەتچىلەر ئارىسىغا سوقۇنۇپ كىرىدۇ. ھەتتا ياۋروپادىكى تۈركىستانلىق پائالىيەتچىلەردىن بايمىرزا ھايىت 1950 ـ يىلىدىكى پاكىستان سەپىرىدە مەھمۇت ئايقارلى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى «مىللىي تۈركىستان بىرلىك كومىتېتى» نىڭ پاكىستاندىكى ۋەكىللىكىگە كۆرسىتىدۇ. 1955 ـ يىلى مەھمۇت ئايقارلى سوۋېت ك گ ب سىنىڭ يېڭى تاپشۇرۇقى بىلەن تۈركىيەگە قاراپ يولغا چىقىدۇ. ئەمما ئۇ ئىرانغا يېتىپ بارغاندا تويۇقسىزلا پىكرىنى ئېگىشتۇرۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مەھمۇت ئايقارلىنىڭ چەتئەللەردىكى 24 يىلغا سوزۇلغان جاسۇسلۇق ھەرىكىتى ئاخىرلىشىدۇ. مەھمۇت ئايقارلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ك گ ب نىڭ تاشكەنتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا بۆلۈمىدە خىزمەت قىلىدۇ. 1975 ـ يىلى «بۈيۈك ۋەتەن ئۇرۇشىنىڭ 20 يىللىق خاتىرىسى» مۇناسىۋىتى بىلەن «لېنىن ئوردېنى» بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. كېيىنكى يىللاردا «سادىقوف» دېگەن تەخەللۇس بىلەن مەخسۇس ماقالە ۋە كىتاب يېزىپ، چەتئەللەردىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى تۈركىستانلىق پائالىيەتچىلەرنى قارىلايدۇ. 1976 ـ يىلى مەھمۇت ئايقارلىنىڭ چەتئەللەردىكى 24 يىللىق جاسۇسلۇق ھاياتى ئەكس ـ ئەتتۈرۈلگەن «مەخسۇس تاپشۇرۇق» ناملىق كىتاب بورىس پارمۇزىن دېگەن تەخەللۇس بىلەن يېزىلىپ، تاشكەنتتە نەشر قىلىنىدۇ (Andican, 2003:681_685).

جەريانىدا دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك ئامېرىكا جاسۇسى بىلەن مەخپىي كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن پۇل ۋە سوۋغات تاپشۇرۇپ ئالغان، كومپارتىيەگە قارشى ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات پىلاستىنكىسىنى يوشۇرۇنچە چېگرادىن ئېلىپ كىرگەن» دېگەن «جىنايەت»نى ئارتىشتا، پۇتۇنلەي سوۋېت ئىستىخباراتى ياساپ چىقىپ تەمىنلىگەن ساختا دەلىللەردىن پايدىلانغان. چۈنكى سوۋېت ك گ ب سىنىڭ «قارا تىزىملىكى» دە «دۆۋلەتبەگ» بولامدۇ، ياكى باشقا ئىسىمدىكى بىرى بولامدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى بۇنداق «ئامېرىكا جاسۇسلىرى» ئىنتايىن كۆپ بولغان ئىدى.

سوۋېت ئىستىخباراتىنىڭ شۇ يىللاردا چەتئەللەردىكى تۈركىستانلىق مىللەتچىلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان تەشۋىقات ئۇرۇشىدا ياساپ چىققان ساختا تەشۋىقاتلىرى، ھەتتا كېيىنكى يىللاردا مۇھاجىرەتتىكى تۈركىستانلىق پائالىيەتچىلەرنىمۇ قايمۇقتۇرۇپ قويغان ئىدى. 1941 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى ياۋروپادىكى تۈركىستانلىق سىياسىي پائالىيەتچىلەرنىڭ ئەڭ داڭلىق ۋەكىلى مۇستافا چوقاي ئوغلى تىفۇس كېسەللىكى بىلەن بېرلىندا ۋاپات بولغاندا ئۇنىڭ قېشىدا ۋەلى قېيۇمخان بار ئىدى. ۋەلى قېيۇمخان ئېغىر كېسەل ھالىتىدىكى مۇستافا چوقاي ئوغلىنى بېرلىننىڭ شىپانداۋ رايونىدىكى دوختۇرخانىغا ئېلىپ باردۇ. مۇستافا چوقاي ئوغلى بۇ دوختۇرخانىدا داۋالاش ئۈنۈم بەرمەي ۋاپات بولىدۇ. شىپانداۋدىكى دوختۇرخانا مۇستافا چوقاي ئوغلىنىڭ تىفۇس كېسەللىكى بىلەن ۋاپات بولغانلىقى توغرىلىق ئىمزالىق ئىسپات چىقىرىپ بېرىدۇ. مۇستافا چوقاي ئوغلىنىڭ خانىمى مارىيە چوقايئوغلى ۋە مۇستافا چوقاي ئوغلىنىڭ ياۋروپادىكى سەپداشلىرى شۇ ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ مەكتۇبلىرىدا ۋە تەزىيەنامىلىرىدە مۇستافا چوقاي ئوغلىنىڭ تىفۇس كېسىلى سەۋەبىدىن ۋاپات بولغانلىقىنى ناھايىتى ئېنىق تىلغا ئالغان ئىدى. ھالبۇكى، 1957 ـ يىلىغا

تەرازىنىڭ سوۋېت جاسۇسى ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىدۇ.[156]

دېمەك، سوۋېت ئىتتىپاقى 1950 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان مەزگىلدە، چەتئەللەردە سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تۈركىستانلىق سىياسىي ئاكتىپلارنىڭ مۇكەممەل تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ بولغان، ئۇلارنىڭ ھەرقايسى ئەللەردىكى پائالىيەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان جاسۇسلۇق تورىنى قۇرۇپ بولغان ئىدى. شۇ ۋەجىدىن ك گ ب «سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۈشمىنى» دەپ قارا تىزىملىككە ئالغان كىشىلەرگە قانداق جىنايەت ئارتىش، ئۇلارنى چەتئەللەردىكى قايسى گۇرۇھ ۋە سىياسىي تەشكىلاتلارغا باغلاپ يوقىتىش سۇيىقەستلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. شۇ يىللاردا سوۋېت ئىستىخباراتى ئۆزىنىڭ چەتئەللەردىكى جاسۇسلۇق تورى ئارقىلىق ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە گېرمانىيە ئارمىيەسىگە ئەسىرگە چۈشكەن، گېرمانىيە تەشكىللىگەن «تۈركىستان لېگىيونى» تەركىبىدە سوۋېت قىزىل ئارمىيەسىگە قارشى ئۇرۇشقا قاتناشقان، ئۇرۇشتىن كېيىن ئامېرىكا ۋە غەربىي ياۋروپادىكى سوۋېت ئىتتىپاقىغا قارشى دۆلەتلەرنىڭ ئىستىخباراتى تەرىپىدىن پايدىلىنىلغان تۈركىستانلىق مۇھاجىرلارنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ چىققان ئىدى. بۇ تىزىملىككە كىرگەن كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى، ئۇرۇشتىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەلەپ قىلىشى بىلەن قايتۇرۇپ بېرىلگەن، بەزىلىرى سوۋېت جاسۇسلىرى تەرىپىدىن يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر قىسمى غەربىي ياۋروپا ئەللىرىگە تارقىلىپ كەتكەن، كۆپىنچىلىرى تېخىمۇ بىخەتەر بولغان ئامېرىكاغا كەتكەن ئىدى. شۇڭا 1958 - يىلى 1 - ئايدا خىتاي ھۆكۈمىتى ئابدۇرەھىم ئەيساغا «ھەج سەپىرى

[156] Enver Altayli, Ruzi Nazar: CIA'nin Türk Casusu, ss. 331-333

مۇسۇلمانلار دۇنياسىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە كوممۇنىزم لاگېرىغا بولغان ماھىللىقنى قولغا كەلتۈرىدۇ. مۇشۇنداق بىر شارائىتتا، ك گ ب نىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى ئارقا ھويلىسى ھېسابلانغان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ۋە خىتاي كوممۇنىستلىرىغا قارشى بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسادەك «خەتەرلىك ئۇنسۇر» نى «ئامېرىكا جاسۇسلىرى» غا باغلاپ يوقاتمىقى ھېچقانچە قىيىنغا توختىمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچى ۋە غۇلجادا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىلىرى 1958 - يىلى 1 - ئاينىڭ باشلىرىدىن 8 - ئايغىچە بولغان جەرياندا، موسكۋاغا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» توغرىلىق 8 پارچە ئۇزۇن دوكلات يوللايدۇ. بۇ دوكلاتلارنىڭ 5 پارچىسىدا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەج سەپىرى جەريانىدا «ئەيسا يۈسۈپ ئالپتېكىن قاتارلىق چەتئەللەردىكى پانتۈركىستلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكى»، ئۇنىڭ يەنە ھەرەمدە «ئامېرىكا مەركىزىي ئاخبارات ئىدارىسىنىڭ جاسۇسى دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك قازاق كىشى بىلەن مەخپىي ئۇچراشقانلىقى» تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە كېلىپ بۇ مەلۇماتلار ئەينى ۋاقىتتىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرىنچى سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ، ئىككىنچى سېكرېتارى لۈ جيەنرېن، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەت تاشقىي ئىشلار ئىشخانىسىنىڭ باشلىقى ۋاڭ خۋاگجاڭلار تەرىپىدىن ئۈرۈمچى ۋە غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇللىرىغا دوكلات قىلىنىدۇ.

ۋاڭ ئېنماۋ قاتارلىق ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ يوقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنىڭ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دېلوسىنى خىتاي كومپارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىغا دوكلات قىلىشتىن باشقا، يەنە سوۋېت كونسۇللىرىغىمۇ دوكلات قىلىش مەجبۇرىيىتى بارمىدى؟ ئابدۇرەھىم ئەيسا سۈيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن كۈنى

كەلگەندە سوۋېت تەشۋىقات ماشىنىلىرى ياۋروپادىكى تۈركىستانلىق سىياسىي پائالىيەتچىلەرنى پارچىلاش ئۈچۈن، شۇنىڭدىن 16 يىل بۇرۇنقى مۇستافا چوقاي ئوغلىنىڭ ئۆلۈمىنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقىپ، كەڭ كۆلەمدە ساختا تەشۋىقات ئېلىپ باردى. سوۋېت جاسۇسى مەھمۇت ئايقارلى 1957-يىلدىن 1960-يىلغا قەدەر بىرقانچىلىغان كىتابچە ۋە ماقالىلەرنى يېزىپ، مۇستافا چوقاي ئوغلىنىڭ ۋەلىي قېيىيۇمخانىڭ تەلىپى بىلەن گېرمان ناتسىستلىرى تەرىپىدىن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئوتتۇرىغا چىقىردى. بۇ ۋاقىتتا چەتئەللەردىكى سوۋېت جاسۇسلىرىمۇ «مۇستافا چوقاي ئوغلىنى ۋەلى قېيىيۇمخان بىرلىنىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرگەن» دېگەن يالغان خەۋەرنى تارقىتىدۇ. بۇ خەۋەر كېيىنچە چەتئەللەردىكى تۈركىستانلىق مۇھاجىرلار ئارىسىدا شۈبھە پەيدا قىلىپ، ۋەلى قەيىيۇمخانغا بولغان تۈرلۈك گۇمانلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھەتتا مۇستافا چوقاي ئوغلىنىڭ تۇل قالغان خانىمى مارىيە چوقاي ئوغلىمۇ، 1963-يىلى يازغان مۇستافا چوقاي ئوغلى ھەققىدىكى ئىككىنچى خاتىرە كىتابىدا بۇ گۇماننى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ.[157]

1957-يىلى ئابدۇرەھىم ئەيسا ختاي مەملىكەتلىك ھەج ئۆمىكىگە مۇئاۋىن ئۆمەك باشلىقى بولۇپ سەئۇدى ئەرەبىستانىغا ئەۋەتىلگەن ۋاقىت، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەللەردىكى، بولۇپمۇ ئىسلام ئەللىرىدىكى تەشۋىقاتى ۋە ئىستىخبارات پائالىيەتلىرى ئەڭ كۈچەيگەن مەزگىللەر ئىدى. سوۋېت ئىتتىپاقى بۇ مەزگىلدە مىسىر قاتارلىق ئەرەب ئەللىرىدە كۆتۈرۈلگەن غەربكە قارشى كەيپىياتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، پەلەستىن مەسىلىسىنى قوللىغان بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، ھەمدە

[157] Ahat Andican, Cedidizm'den Bağımsızlığa Hariçte Türkistan Mücadelesi, ss. 497-507

ئاپتور بىلەن 2019-يىلى ئۆتكۈزگەن بىرقانچە قېتىملىق تېلېفون سۆھبىتىدە بولسۇن، ئاكىسىنىڭ ھېچقاچان بۇ تۆھمەتلەرگە باش ئەگمىگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭ بىلدۈرۈشىچە، ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ غۇلجادىكى ئۇيغۇر، قازاق ۋە قىرغىز كۈلۈبىدا ئىلى ئوبلاستىدىكى كادىرلارغا مەخسۇس دوكلات بەرگەن. بۇ دوكلات يىغىنىغا ئىلى ئوبلاستلىق سوتتا ئىشلەۋاتقان مەرۇپ ئەيسامۇ قاتناشقان. ئابدۇرەھىم ئەيسا دوكلاتىدا «پارتىيەنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە لىيۇ شاۋچىنىڭ يوليورۇقى بىلەن، ھەج سەپىرى جەريانىدا ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىن قاتارلىق چەتئەللەردە جۇڭگوغا قارشى بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شەخسلەر بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ۋە ئۇلارغا ۋەتەنگە قايتىش توغرىسىدا سەمىمي نەسىھەت قىلغانلىقى، ئەمما ئۇلارنىڭ ۋەتەنگە قايتىشنى رەت قىلغانلىقى» نى بايان قىلىپ ئۆتكەن. لېكىن بۇ دوكلاتىدا «دۆۋلەتبەگ» ئىسىملىك بىرى بىلەن كۆرۈشكەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق گەپ-سۆز قىلمىغان.[158]

ئۇنداقتا، شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئىسمائىل ھېۋىزۇللايوفنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىن باشلىنىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۇستىدىكى كۈرەش تازا ئەۋجىگە چىققاندا بىردىنلا ئوتتۇرىغا سەكرەپ چىقىپ: «ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن ئىككىمىز بورتالا ئارشاڭدا دەم ئېلىۋاتقاندا، ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئىستانبۇل مېھمانخانىسىدا دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك ئامېرىكا جاسۇسى بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەنلىكىنى، ئۇنىڭدىن پۇل، سوۋغات ۋە ئەكسىيەتچىل تەشۋىقات قاچىلانغان پاتىفون پىلاستىنكىسى تاپشۇرۇپ ئالغانلىقىنى ئېيتقان ئىدى،» دېگەن سۆزلىرى

[158] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى؛ 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

كەچقۇرۇن نىمە ئۈچۈن ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ھاپىلا-شاپىلا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈرۈمچىدىكى كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، باش كونسۇل دوباشىنغا بۇ ئىشنى دوكلات قىلىدۇ؟ ئۇلار يەنە دوباشىنغا قىلغان دوكلاتىدا ھېچقانداق دەلىل-ئىسپاتى بولماي تۇرۇپ، يەنە نىمە ئۈچۈن ئابدۇرەھىم ئەيسا «مەككىدە ئامېرىكا جاسۇسى دۆۋلەتبەگ بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەن» دېگەن سۆزنى قايتا-قايتا تىلغا ئالىدۇ؟

بۇ بىر قاتار سوئاللار بىزگە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمىنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقى تەرەپ بىلەن مەلۇم باغلىنىشى بارلىقىنى، ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئىلگىرى، سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىخباراتى تەمىنلىگەن «دۆۋلەتبەگ ۋەقەسى» نى ئۇستىلىق بىلەن قۇراشتۇرۇپ چىققانلىقىنى، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنى باشلىنىشى بىلەن، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئالدىن تەييارلاپ قويغان ئىسمائىل ھېۋىزۇللايوف، ھەبىبۇللا مۇتەللىپ، زاھىر سەۋدانوف قاتارلىق « ئاكتىپ مىللىي كادىرلار» نى سەھنىگە چىقىرىپ، ئابدۇرەھىم ئەيساغا قارشى شىددەتلىك ئوت ئاچقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇنداقتا، ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈرۈمچىدە قاتتىق كۈرەشكە تارتىلغاندا ۋە «مەسىلە تاپشۇرۇش» قا قىستالغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ھەرمىدە «دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك ئامېرىكا جاسۇسى بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەنلىكى» دەك ئاتالمىش «جىنايىتى» نى ئېتىراپ قىلغانمۇ؟ ھازىرغىچە قولىمىزدا بار بولغان مەنبەلەر بۇنى كەسكىن رەت قىلىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئىنىسى مەرۇپ ئەيسا ئۆزىنىڭ 1990-يىللاردا يازغان ئەسلىمىسىدە بولسۇن، ياكى

ئىدى.[159]

ئەمدى ئىسمائىل ھېۋىزۇللايوفنىڭ «ئابدۇرەھىم ئەيسا بورتالا ئارشاڭدا، ماڭا ئۆزىنىڭ ھەج سەپىرى ئاخىرلاشقاندا ئىستانبۇلدىكى بىر مېھمانخانىدا دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك بىر ئامېرىكا جاسۇسى بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدى.» دېگەن گۇۋاھلىقىغا كەلسەك، بۇ گەپلەرنىڭ چەك باسقۇدەك ھېچقانداق يېرى يوق ئىدى. يەنى بۇ بىر يالغان ئارقىلىق ئىككىچى يالغاننى دەستەكلەشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. چۈنكى 1957-يىلى يازدىكى ھەج سەپىرى جەريانىدا ئابدۇرەھىم ئەيسا تۈركىيەگە بارمىغان ئىدى. بۇ يىللاردا كوممۇنىست خىتاينىڭ تۈركىيەدە ئەلچىخانا ياكى كونسۇلخانىسى تۇرماق، ھەتتا ۋاكالەتخانىسىمۇ يوق ئىدى. تۈركىيەنىڭ تەيۋەندىكى گومىنداڭ ھۆكۈمىتى بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋىتى مەۋجۇت بولۇپ، كوممۇنىست خىتاينى تېخى رەسمىي تونۇمىغان ئىدى. ئەيسا يۇسۇپ ئالپتېكىننىڭ «ئەسىر شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 2-تومىدا، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1957-يىلى يازدىكى ھەج پائالىيىتى جەريانىدا تۈركىيەگە بارغانلىقى توغرىلىق ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. ئەگەردە ئابدۇرەھىم ئەيسا تۈركىيەگە بارغان بولسا، ھەج پائالىيىتى جەريانىدا خىتاي ھەج ئۆمىكى تەركىبىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق ھاجىلارنىڭ پائالىيەتلىرىنى بىرمۇ-بىر كۆزىتىپ تۇرغان ئەيسا ئەپەندىنىڭ ئەسلىمىسىدە، بۇ توغرىلىق گەپ قىلماسلىقى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەيسا ئەپەندى ئەسلىمىسىدە شۇ يىللىق ھەج تاۋابىتى جەريانىدا سەپەدشى پولات قادىرىنىڭ، ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن مەككىدىكى «مىسىر مېھمانخانىسى» دا يېرىم كېچىدە

---

[159] مەرۇپ ئەيسا (گىساروۋ) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى؛ 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

نەدىن پەيدا بولغان؟ ئىسمائىل ھېۋىزۇللايوف كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بۇ سۆزلەرنى قىلغاندا زاھىر سەۋدانوف: «سەن توردىن چۈشۈپ قالغان ئەكسىيەتچى ئۇنسۇر، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا بۇ جىنايەتلىرىڭنى نېمىشقا پاش قىلمىدىڭ؟» دەپ ئابدۇرەھىم ئەيسانى دۈشكەللەشتەك جاسارەتنى نەدىن ئالدى؟

شۇنىسى ئېنىقكى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنى باشلىنىشتىن خېلى بۇرۇنلا ۋاڭ ئېنماۋ گۇرۇھىدىكىلەر، ئۇيغۇر كادىرلاردىن كىملەرنى «يەرلىك مىللەتچى» دەپ تارتىپ چىقىرىش، كىملەرنى قانداق «جىنايەت» بىلەن ئەيىبلەش، كىملەرنى كىمنىڭ قولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىش ئىشىنى ئىنچىكىلىك بىلەن پىلانلاپ بولغان ئىدى. شۇڭلاشقىمۇ ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كېلىپ ئائىلىسى بىلەن بورتالا ئارشاڭدا دەم ئېلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ يېقىن دوستى ئىسمائىل ھېۋىزۇللايوف، ۋاڭ ئېنماۋنىڭ يولىيورۇقى بىلەن بورتالا ئارشاڭغا بېرىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئېغىزىدىن گەپ ئېلىشقا ئۇرۇنۇش قىلغان ئىدى. زاھىر سەۋدانوف قاتارلىق «ئاكتىپ» لارمۇ ئالدىن بېرىلگەن «يولىيورۇق» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىندا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ياقىسىدىن ئېلىپ ئوت قويرۇقلۇق قىلغان ئىدى. كېڭەيتىلگەن يىغىندا «ئابدۇرەھىم ئەيسانى قايىل قىلىپ جىنايەتلىرىنى ئىقرار قىلدۇرۇش» ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ئىلى ئوبلاستلىق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھېۋۇللا سوت (ھەبىبۇللا مۇتەللىپ)، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يىللار ئۆتكەندە ئالمۇتادىكى بىر ئۇچرىشىشتا مەرۇپ ئەيسادىن كەچۈرۈم سورايدۇ. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ۋاڭ ئېنماۋنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ تەۋسىيەسى بويىچە بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئاشكارىلىغان

«بۆلگۈنچى ئۇنسۇر»لارنى يوقىتىشتىكى تەجرىبىسىدىن ئۆلگە ئالغان ۋاڭ ئېنماۋنىڭ مەخپىي پىلانلىشى ئارقىسىدا، ئىسمائىل ھېۋىزۇللايوفنىڭ يالغان گۇۋاھلىق بېرىشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى.

دەرۋەقە، ھازىرچە قولىمىزدا بار بولغان مەنبەلەر ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمىدە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن خىتاي تەرەپ ئىستىخباراتىنىڭ بىرلەشمە قولى بارلىقى ھەققىدىكى تەخمىنلەرنى كۈچەيتمەكتە. ئەمما بۇ تەخمىنىنىڭ رەسمىي ھۆكۈمگە ئايلىنىشى ئۈچۈن يەنىمۇ كۆپ مەنبەلەرنىڭ دەلىللىشى ۋە دەستەك بېرىشىگە توغرا كېلىدۇ.

ئۇچراشقانلىقى ۋە سۆھبەتلەشكەنلىكى، بۇ جەرياندا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ پولات قادىرىدىن: «تۈركىيەدە قانچىلىك شەرقىي تۈركىستانلىق بار؟ بىرمۇ تۈركىيەنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلاتتۇق، ئەمما تۈركىيە بىزگە ۋىزا بەرمەيدۇ،» دەپ سورىغانلىقى، پولات قادىرىنىڭ بۇنىڭغا جاۋابەن: «تۈركىيە ۋىزىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىلتىماس سۇنۇپ باقتىڭلارمۇ؟» دېگەندە، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ: «ياق، ئۆتكەن يىلى بۇرھان شەھىدى ۋىزا ئۈچۈن تۈركىيەنىڭ مىسىردىكى ئەلچىخانىسىغا ئىلتىماس سۇنۇپتىكەن، ئەمما تۈركىيە تەرەپ ۋىزا بەرمەپتۇ، تۈركىيە قانداق بىر مەملىكەتتۇ-ھە!؟» دېگەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.[160]

دېمەك، ئەيسا ئەپەندىنىڭ بۇ بايانلىرىدىن ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھەج تاۋابىتى جەرياندا تۈركىيەگە بارمىغانلىقى ئېنىق بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خىتاي ھۆكۈمەت مەنبەلىرىدىكى ئابدۇرەھىم ئەيساغا دائىر ھۆججەت-ئارخىپلار ۋە خىتاي ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ 1957-يىللىق ھەج پائالىيىتى ھەققىدىكى دوكلاتلىرىدىمۇ، خىتاي ھەج ئۆمىكىنىڭ شۇ يىللىق ھەج پائالىيىتى جەرياندا تۈركىيەگە بارغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات ئۇچرىمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇلاسىگە كېلىشكە بولىدۇكى، 1958-يىلى 1-ئايدا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ، «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە كېڭەيتىلگەن يىغىنىدا «ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەج سەپىرىدىن قايتىشىدا تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل مېھمانخانىسىدا دۆۋلەتبەگ ئىسىملىك ئامېرىكا جاسۇسى بىلەن مەخپىي كۆرۈشكەن» دېگەن «جىنايەت» بىلەن ئەيىبلىنىشى، قىپ-قىزىل سۇيىقەستلىك تۆھمەت ئىدى. بۇ تۆھمەت سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ چەتئەللەردىكى

[160] Ömer Kul yayina hazirlayan: Esir Doğu Türkistan İçın-2: Isa Yusup Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), ss.164-165

مۇرەسسەسىز ئىختىلاپ مەۋجۇت ئىدى؟

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ ئاخىرى چىقمىغان دېلوسى يۇقىرىقىدەك بىر قاتار سوئاللارنى بىزنىڭ ئالدىمىزغا تاشلايدۇ.

شۇنى كەسكىن ئېيتىشقا بولىدۇكى، 1957 ـ 1959 ـ يىللىرىدا ئۇيغۇر دىيارىدا ئېلىپ بېرىلغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» نىڭ سىياسىي مەقسىتى، ئىچ يۈزى ۋە ئېلىپ بېرىلىش پىلان ـ تاكتىكىلىرى ھەققىدە ئەڭ كۆپ ئۇچۇرغا ئىگە، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىر ـ سەيپىدىن ئەزىزى ئىدى! گەرچە بۇ ھەرىكەتنىڭ بېيجىڭدىكى باش پىلانلىغۇچىلىرى ماۋ زېدوڭ بىلە جۇئېنلەي، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى كونكرېت ھەرىكەتنى پىلانلىغۇچىسى ۋاڭ ئېنماۋ بولسىمۇ، ئەمما سەيپىدىن ئەزىزى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولۇش سالاھىيىتى بىلەن مەزكۇر سىياسىي ھەرىكەتنىڭ ئىچ يۈزى ھەققىدە باشقا ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر كادىرغا قارىغاندا كۆپرەك مەلۇماتى بار ئىدى. ھەرىكەت باشلىنىشتىن ئىلگىرى ئۇيغۇر كادىرلاردىن كىملەرنىڭ تارتىپ چىقىرىلىدىغانلىقى، كىملەرنىڭ زەربە بېرىش نىشانى بولىدىغانلىقى ۋە كىملەرنىڭ بۇ ھەرىكەتتە قانداق رول ئالىدىغانلىقىدىن ئاز-تولا خەۋىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرىكەت باشلىنىپ، بىرىنچى بولۇپ زەربە نىشانى قىلىنغان زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق كىشىلەر بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئوتتۇرىسىدا 1940 ـ يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدىن تارتىپلا مەلۇم دەرىجىدىكى ئىختىلاپلار مەۋجۇت ئىدى. كېيىنكى مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ شەخسىي مۇناسىۋەتلىرىدىمۇ بىر قىسىم يىرىكچىلىكلەرنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى زامانداشلىرىنىڭ

## ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپ

1957-يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1959-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە داۋاملاشقان مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا يەرلىك مىللەت سەرخىللىرىنىڭ بېشىغا چىققان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» ۋە ئۇنىڭ ئىچ يۈزى ھەققىدە ئۇيغۇر كادىرلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ بىلىدىغان كىشى، شەك-شۈبھىسىزكى، سەيپىدىن ئەزىزىدۇر.

ھالبۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى ئاشۇ قېتىملىق ھەرىكەتنىڭ ئەڭ چوڭ قۇربانى بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەققىدە نېمە ئۈچۈن ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە ئېغىز ئاچمىدى؟ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا ئۆزىنىڭ بىر يۇرتلۇقى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوفنى قوغدىغان سەيپىدىن ئەزىزى، نېمە ئۈچۈن ئابدۇرەھىم ئەيسانى قوغدىمىدى؟ سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 2-تومىدا 1945-يىلى ئۈرۈمچىدە قۇرۇلغان «باھار» تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى ھەققىدە تەپسىلىي بايان بېرىدۇ-يۇ، نېمە ئۈچۈن بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئىسمىنى بىر قېتىممۇ تىلغا ئالمايدۇ؟ ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئوتتۇرىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان قانداق بىر شەخسىي خۇسۇمەت ياكى

غۇلجاغا بارغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شەخسىي تۇرالغۇسىغا قوشنا كېلىدىغان قورۇدا ئولتۇرغانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ خىزمەتتىلا ئەمەس، بەلكى شەخسىي مۇناسىۋەتتىمۇ ئىنتايىن يېقىنلىقىنى تىلغا ئالىدۇ.

شۇ ۋەجىدىن 1949-يىلى كۈزدە ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەر غۇلجادىن مەخپىي ئايرىلىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ سىرلىق «ئايروپىلان ۋەقەسى» دە قازا قىلغانلىقى ئۇقتۇرۇلغاندا، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتتىق ئازابلىنىدۇ. بۇ زور يوقىتىشنى ئۇ زادىلا قوبۇل قىلالمايدۇ، ۋەتەننىڭ تەقدىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىدۇ. مەرۇپ ئەيسا، ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ شۇنىڭدىن كېيىن، بىر مەزگىل كەمسۆز بولۇپ چۆشكۈنلىشىپ كەتكەنلىكىنى، غۇلجادىكى ۋەزىيەتلەرنى تاشلاپ، بۇلاق دادامتۇدىكى شەخسىي قورۇ-جايىغا چىقىپ ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى يازىدۇ.[161]

سەيپىدىن ئەزىزى 1949-يىلى 11-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى بېيجىڭدىكى سىياسىي كېڭەش يىغىنىدىن قايتىپ كېلىپ، ئۆزۈن ئۆتمەيلا ۋاڭ جېن بىلەن بىرلىكتە غۇلجاغا بارىدۇ ۋە ئەخمەتجان قاسىمى باشلىق رەھبەرلەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئۇقتۇرىدۇ. بۇ كۈنلەردە ئۇ غۇلجادا بىر قىسىم يەرلىك كادىرلارنىڭ مەخپىي باش قوشۇپ، ئۆلكىگە كىمنى رەئىس قىلىش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ بىردەك «سەيپىدىن رەئىسلىك ئورنىغا چىقسا بولمايدۇ» دەپ قارايدىغان كىشىلەر ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 3-تومىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بىز غۇلجادا يولداش دېڭ لىچۈن، ئادالەت ئىسھاقوۋا، سەيپۇللايوف، لېسكىنلەر بىلەن ئىلىنىڭ

[161] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 4-بەت

ئەسلىمىلىرىمۇ تەستىقلايدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ زامانداشلىرى ىىردەك ئۇنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن ئىنتايىن قويۇق شەخسىي مۇناسىۋىتى ۋە دوستلۇق رىشتىسىنىڭ بارلىقىنى تەكىتلەيدۇ. بولۇپمۇ 1946 - يىلى 6 - ئايدا «تىنچلىق بىتىمى» ئىمزالىنىپ، ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ شەخسەن ئۆزى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ، ئابدۇرەھىم ئەيسا باشلىق «باھار» تەشكىلاتىنىڭ گومىنداڭ تۈرمىسىدىكى ئەزالىرىنى قويۇپ بېرىشنى جىددىي تەلەپ قىلىشى، ئابدۇرەھىم ئەيسا تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۇنى شەخسەن ئۆزى ئايروپىلان بىلەن غۇلجاغا ئاپىرىپ قويۇشى، كېيىنچە ئۇنى ئىلى تەرەپنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە سايلام ئىشلىرىغا نازارەتچىلىك قىلىش ئۈچۈن ئاقسۇ ۋىلايىتىگە ئەۋەتىشى ۋە شىنجاڭ ئىنىستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىشى قاتارلىق ئەھۋاللاردىن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئادەتتىن تاشقىرى ئۆز - ئارا ئىشەنچ ۋە يېقىن مۇناسىۋەتنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ. 1947 - يىلى يازدا ئۆلكىلىك بىرلەشمە ھۆكۈمەت پارچىلىنىپ، ئىلى تەرەپ ۋەكىللىرى غۇلجاغا قايتقىنىدا، ئەخمەتجان قاسىمى ئابدۇرەھىم ئەيسانى تۇنجى تۈركۈمدە غۇلجاغا يولغا سالىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا غۇلجاغا بارغاندىن كېيىن، ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن ئىلى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. 1948 - يىلى 1 - ئاۋغۇست كۈنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن غۇلجادا «شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە دېموكراتىيەنى ھىمايە قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلغاندا، ئابدۇرەھىم ئەيسا «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتى مەمۇرىي بۆلۈمىنىڭ باشلىقى بولىدۇ، شۇنداقلا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئىشلىرىغا يېقىندىن ماسلىشىدۇ.

مەرۇپ ئەيسا ئەسلىمىسىدە ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ

1949 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرى، يەنى ئەخمەتجان قاسىملارنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى غۇلجادا ئاڭلىتىلغان كۈنلەردە، ئىلى ھۆكۈمىتى ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ يۇقىرى قاتلىمىدا سەيپىدىن ئەزىزىگە قارشى كىشىلەرنىڭ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ سەيپىدىن ئەزىزنى ئەخمەتجان قاسىمىدىن كېيىنكى ئورۇنباسار دەپ تونۇمايدىغانلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزى يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن يولداش دېڭ لىچۈن بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ـ مۇشۇنداق مۇھىم بىر مەزگىلدە ئىغۋاگەرچىلىك قىلغان ھەرىكەتلىرىنى چوقۇم مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن تەنقىد قىلىش كېرەك ـ دېگەن پىكىرگە كەلدۇق. ئەتىسى «ئىتتىپاق» نىڭ تەشكىلىي ھەيئەت مەجلىسىنى چاقىردۇق. «ئىتتىپاق» نىڭ تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرىدىن باشقا ھېلىقى مەخپىي مەجلىسكە قاتناشقانلارنىمۇ چاقىردۇق. مەن مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. يولداش دېڭ لىچۈن ناھايىتى قاتتىق تەنقىد بېرىپ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنىڭ ناھايىتى ئېغىر خاتالىق ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئاخىرى ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى تەكشۈرۈپ خاتالىقىنى ئۈستىگە ئالدى، بەزىلىرى جىم تۇرىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ بۇ خىل خاتالىقلىرىغا بۇندىن كېيىن قەتئىي يول قويۇلمايدىغانلىقىنى ئېيتتۇق.»[163]

يۇقىرىقى بايانلاردىن مەلۇم بولدىكى، غۇلجادا سەيپىدىن ئەزىزىگە قارشى مەخپىي يىغىن ئېچىپ، رەئىسلىك مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغۇچىلار شۇ ۋاقىتتا ئىلىدىكى ئەڭ ئالىي ھوقۇقلۇق ئورگان «ئىتتىپاق» نىڭ تەشكىلىي ھەيئەت ئەزالىرى بولمىغان

[163] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 3)، ئا ـ نۇسخا، 30 ـ بەت؛ ب ـ نۇسخا، 17 ـ بەت

ئەھۋالىنى مۇزاكىرىلەشتۇق... بۇ كۈنلەردە ئىلگىرى ئابدۇكېرىم ئابباسوف بىلەن قارىمۇ-قارشى بولۇپ كەلگەن بىرنەچچە پىتنە-ئىغۋاگەرلەر يوشۇرۇن يىغىلىشىپ، ‹شىنجاڭغا كىمنى رەئىس قىلىش كېرەك؟› دېگەن مەسىلىنى مۇزاكىرە قىپتۇ. ئۇلار ‹مېنى رەئىس بولۇپ قالمىغىيدى› دەپ ئەندىشە قىلىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئەسلى ئىدىيەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇمۇ بىر ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئۇلار قارشىلىقنى قىلماي قالمايتتى. بۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ يەنە بۆلگۈنچىلىك ھەرىكىتى، مەخپىي ئىغۋاگەرلىك ھەرىكىتى قىلىپ يۈرگەنلىكى ھەرگىزمۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان بىر ئىش ئىدى. ئۇلار مەخپىي يىغىلىشتا رەئىسلىككە بىرەرسىنى كۆرسىتىپ بىرلىككە كېلەلمەپتۇ.»[162]

قىزىقارلىقى شۇكى، سەيپىدىن ئەزىزىدىن رەئىسلىكنى تالاشقۇ-چىلار زادى كىملەر؟ نېمە ئۈچۈن غۇلجادىكى ئابدۇكېرىم ئابباسوفقا قارشى كىشىلەر يوشۇرۇن يىغىلىپ، ئۆلكە رەئىسلىكىنىڭ نامزاتىنى مۇزاكىرە قىلىشىدۇ؟

ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ يەردە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «ئابدۇ-كېرىم ئابباساسوفقا قارشى كىشىلەر» دېگىنى دەل «سەيپىدىن ئەزىزىگە قارشى كىشىلەر» نى كۆرسىتەتتى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن بىللە سىرلىق ئايروپىلان ۋەقەسىدە ئۆلگەنلىكىنى غۇلجادىكى ھەممە كىشىلەر بىلىپ بولغانىدى. شۇنداقكەن، ئۆلۈپ بولغان ئابدۇكېرىم ئابباسوفنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ كۆنلۈكى ئاستىدا قۇرۇلغۇسى شىنجاڭ ئۆلكىسىگە رەئىس بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بۇ غەلىتە بايانى بىرگە

[162] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 29-30-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 16-17-بەتلەر

ئىجتىمائىي قاتلىمى مۇرەككەپ ۋە ئارقا كۆرۈنۈشى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان كىشىلەر توپلانغان ئىدى. ھۆكۈمەت ۋە مىللىي ئارمىيە تەركىبىدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىمۇ تۈرلۈك گۇرۇھ ۋە قاتلاملارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گەۋدىلىك ئىپادىلەنگىنى ئىلىنىڭ يەرلىكلىرىدىن تەشكىل تاپقان «تارانچىلار» گۇرۇھى بىلەن قەشقەرنى ئاساس قىلغان جەنۇبىي ۋىلايەتلەردىن كېلىپ، ئىلىدا خىزمەت قىلىۋاتقان «قەشقەرلىقلەر» گۇرۇھى ئىدى. بۇ ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە ئىختىلاپلار ئەڭ دەسلەپ سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە 1920 - يىللارنىڭ باشلىرىدا بىخلانغان ئىدى. يەنى ئابدۇللا روزىباقىيېۋ باشچىلىقىدىكى ئىلى-يەتتەسۇ ئۇيغۇرلىرىنى ئاساس قىلغان «تارانچىلار» گۇرۇھى بىلەن قادىر ھاجى باشچىلىقىدىكى قەشقەر-پەرغانە ئۇيغۇرلىرىنى ئاساس قىلغان «قەشقەرلىقلەر» گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار، تاكى 1920 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىغىچە داۋاملاشقان ئىدى.[165]

1930 - يىللاردىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كوللېكتىپلاش-تۇرۇش سىياسىتى نەتىجىسىدە ئاچارچىلىق يۈز بېرىپ، زور ساندىكى ئۇيغۇرلار چېگرادىن قېچىپ ئۆتۈپ، ئىلى دىيارىغا يەرلىشىدۇ. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئاتالمىش «سوتسىيالىستىك يېڭى مىللەت» لەرنى يارىتىش سىياسىي دولقۇنىدا پەيدا بولغان «تارانچىلار» گۇرۇھى بىلەن «قەشقەرلىقلەر» گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەرنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئىلى دىيارىغا ئېلىپ كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە

---

[165] Dawid Brophy, Uyghur Nation: Reform and Revolution on the Russian-China Frontier, Harvard University Press, 2016, pp. 16-18

ئابدۇللا روزىباقىيېۋ: «خەلقىم ئۈچۈن كۆيىدۇ يۈرەك»، ئالمۇتا: «جازۇشى» نەشرىياتى، 1997 - يىل ئۇيغۇر كىرىل يېزىقىدىكى نەشرى، 94 - 87 - بەتلەر

كىشىلەر ئىدى. ئۇنداقتا، ئۇلار زادى كىملەر؟ ئىلىنىڭ يوقىرى قاتلىمىدىكى «قەشقەرلىق» لەرگە قارشى «تارانچىلار گۇرۇھى» دىكى كىشىلەرمۇ؟ تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ رەئىس بولۇشىنى قوللىمايدىغان ئابدۇللا زاكىروف، زىيا سەمەدى، رەھىمجان سابىرھاجى، ئابدۇرەھىم ئەيسا قاتارلىق «تارانچىلار گۇرۇھى» غا مەنسۇپ شەخسلەرمۇ؟

ھالبۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئەسلا تىلغا ئالمايدۇ. ئۇ يەنە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەتىسى غۇلجادىكى رۇس كۇلۇبىدا كادىرلارنىڭ مەجلىسىنى ئاچتۇق... مەن: ‹ئەپسۇسكى، مۇشۇنداق مۇھىم بىر ۋەزىيەتتە پۈتۈن ئىلىدىكى، بولۇپمۇ غۇلجادىكى خەلق ئىككى كۈندىن بېرى ئۆز رەھبەرلىرىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرۇپ بىر كۆزى ياش، بىر كۆزى قان بولۇپ تۇرغان ۋاقىتتا بەزى ئادەملەر مەخپىي مەجلىس ئېچىپ، شىنجاڭنىڭ رەئىسلىكىنى تالىشىش ھەرىكىتى قىلىۋاتىدۇ. بۇ پەقەت يول قويغىلى بولمايدىغان ئىش. مەن بۈگۈن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى ئېيتماي. ئۆلكىگە كىم رەئىس بولىدۇ، كىم قوماندان بولىدۇ، كىم پارتىيە سېكرېتارى بولىدۇ؟ بۇ مەسىلىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى قارار قىلىدىغان ئىش. بىز مەركىزىي كومىتېتنىڭ قارارىغا قەتئىي بوي سۇنۇشىمىز كېرەك. بۇ توغرىدا باش-باشتاقلىق قىلىشقا، ھەرگىزمۇ پىتنە-ئىغۋا قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ،› - دېدىم.»[164]

1940-يىللاردىكى ئىلى ئىنقىلابى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى مەزگىلىدە، مەركىزى غۇلجادىكى ھۆكۈمەت گەۋدىسىگە مىللەت تەركىبى خىلمۇ-خىل،

---

[164] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 31-30-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 18-17-بەتلەر

كىملىكىنى بىلەتتى. ئابدۇللا زاكىروپ بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئوتتۇرىسىدا كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئۇزۇن مەزگىلگىچە داۋاملاشقان زىددىيەت-ئىختىلاپلار، زىيا سەمەدىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «ئەخمەت ئەپەندى» ناملىق تارىخىي رومانىدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئوبرازىنى چۆكۈرۈپ يېزىشى قاتارلىق ئەھۋاللارمۇ بۇ نۇقتىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.[167]

ئەخمەتجان قاسىمغا شۇ قەدەر ئىخلاس قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭ بىلەن قويۇق دوستانە مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن ئابدۇرەھىم ئەيسا، 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىردىنلا ئەخمەتجان قاسىمنىڭ ئورنىدا ئىش بېشىغا كېلىشىنى زادىلا قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتا كۆز ئالدىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەردىن ئۈمىدسىزلىنىپ، ئۆزىنىڭ «ئىتتىپاق» مەركىزىي كومىتېتىدىكى مۇھىم ۋەزىپىلىرىنى تاشلاپ، غۇلجانىڭ بۇلاق دادامتۇدىكى شەخسىي قورۇ-جايىغا چىقىپ يېتىۋېلىشىمۇ شۇ سەۋەبتىن ئىدى. بولۇپمۇ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىلى خەلقى ۋە مىللىي ئارمىيەنىڭ ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغان بىر ئەھۋالدا بېيجىڭغا ئۆمەك باشلاپ بېرىپ، ۋەتەننىڭ تەقدىرىنى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىختىيارىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشى، ئىلىدىكى باشقا كۆپلىگەن سەرخىللار بىلەن بىر قاتاردا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىغان ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن سەيپىدىن ئەزىزى ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىدۇ. بولۇپمۇ 1954-يىلى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىدا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان

[167] زىيا سەمەدى: «ئەخمەت ئەپەندى» (تارىخىي رومان)، ئالمۇتا: «جازۇشى» نەشرىياتى، 1995-يىلى، ئۇيغۇر كىرىل يېزىقىدىكى نەشرى

1934-يىلى يازدا شېڭ شىسەي ئۈرۈمچىدە تۇنجى نۆۋەتلىك ئاۋام خەلق قۇرۇلتىيى چاقىرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ مودېلى بويىچە «شىنجاڭدىكى 14 مىللەت» نى بېكىتىپ چىقىدۇ، ھەمدە تارانچىلارنى ئۇيغۇرلاردىن ئايرىپ، ئۇلارغا مۇستەقىل بىر مىللەتلىك سالاھىيەت بېرىدۇ.[166]

1940-يىللاردا، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، ئىلىنىڭ ھاكىمىيەت قاتلىمىدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرى ئارىسىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان «تارانچى» ۋە «قەشقەرلىق» زىددىيەتلىرىگە چەكلىمە قويۇلغان بولسىمۇ، ئەمما ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار تامامەن يوقاپ كەتمىگەن ئىدى. بولۇپمۇ ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تۇيۇقسىز ۋاپاتىدىن كېيىن، ئىككى گۇرۇھ ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت بىردىنلا ئوچۇقچىلىققا چىقىپ، كىمنىڭ رەھبەر بولۇش مەسىلىسى تالاش-تارتىش قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئابدۇللا زاكىروف، زىيا سەمەدى، ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋەكىللىكىدىكى «تارانچىلار» گۇرۇھىدىكىلەر، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بىردىنلا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىشىغا قارشى ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سەيپىدىن ئەزىزىنى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ ئورۇنباسارى سۈپىتىدە، خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە قۇرۇلغۇسى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسى بولۇشقا لاياقەتلىك ئەمەس دەپ قارايتتى. گەرچە سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىدە 1949-يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجادا ئۆزىگە قارشى چىققۇچىلارنىڭ ئىسىملىرىنى تىلغا ئالمىغان بولسىمۇ، ئەمما شۇ دەۋرنىڭ كۆپلىگەن شاھىتلىرى ئۇلارنىڭ

---

[166] بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىلى نەشرى، 528-بەت؛ مەنسۇر روزىيېۋ: «ئۇيغۇر زېمىندا: كۈرەش تارىخىدىن يادنامە»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012-يىل نەشرى، 13-بەت

مەنپەئەتىدىن ۋاز كېچىپ، باشقا مىللەتلەرگە «يول قويۇشى» مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ مىجەز-خاراكتېرى ۋە خىزمەت مەسئۇلىيىتى نۇقتىسىدىنمۇ، ئۇنىڭ ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتىنى قۇربانلىق قىلىشقا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئەمما ئابدۇرەھىم ئەيسا باشچىلىقىدىكى ئۇيغۇر سەرخىللىرىنىڭ قانچىلىك قارشىلىق كۆرسىتىشىدىن قەتئىينەزەر، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ سىياسىي سالاھىيىتىنى دەستەك قىلىپ، ئۇيغۇر كادىرلارغا قايتا-قايتا خىزمەت ئىشلىشى نەتىجىسىدە «ئىشلار بەربىر شۇنداق بولىدۇ.»[169] ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلغاندا، ئىلى ۋىلايىتى مەزكۇر ئوبلاستقا قوشۇپ بېرىلىدۇ. ئاھالىسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئۇيغۇرلار تەشكىل قىلىدىغان غۇلجا شەھىرى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىنىدۇ. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «سېخىلىقى» ۋە «كەڭ قورساقلىقى» شۇ دەرىجىگە يېتىدۇكى، ئۇ ھەتتا قىرغىزلاردىن ھېچقانداق مۇقىم ئولتۇراق ئاھالە بولمىغان ئۆز يۇرتى ئاتۇشنى، قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىپ بۆلۈپ بېرىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىنكى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشى، «ئېچىلىپ-سايراش» ۋە «ئىستىل تۈزىتىش» دولقۇنلىرىدا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن بولغان ئىختىلاپلىرى كۈنسايىن كۈچىيىپ بارىدۇ.

1957-يىلى 12-ئايدا ئۈرۈمچىدە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى سەپەرۋەرلىك يىغىنى» ئېچىلىپ، زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى، ئابدۇرەھىم ئەيسا، ئابدۇرەھىم سەئىدى ۋە ئابلىز

---

[169] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 167-بەت؛ ب-نۇسخا، 85-بەت

ئابدۇرەھىم ئەيسا، «ناۋادا ئىلى، چۆچەك ۋە ئالتاي قاتارلىق 3 ۋىلايەت بىرلەشتۈرۈلۈپ، قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى قۇرۇلىدىغان بولسا، بۇ ئوبلاستتا ئۇيغۇرلارنىڭ ئورنى زادى قانداق بولىدۇ؟ ئۇيغۇرلار نوپۇسى ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان ئىلى ۋىلايىتى بىلەن قۇرۇلغۇسى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق بولىدۇ؟» دېگەن مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ. بۇ ۋاقىتتا سەيپىدىن ئەزىزى ئۇيغۇرلارنىڭ شىنجاڭدا چوڭ مىللەت ئىكەنلىكى، شۇنىڭ ئۈچۈن باشقا مىللەتلەرگە كەڭ قورساقلىق بىلەن ياردەم قىلىشى ۋە يول قويۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە ۋەز ئېيتىدۇ. ئۇ يەنە ئىلى ۋىلايىتىنى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا قوشۇپ بېرىش، غۇلجا شەھىرىنى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىش، ئاتۇشنى قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى قىلىپ قوشۇپ بېرىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ ئەسلىمىسىدە ئۆزىنىڭ بۇ تەكلىپىگە ئۇيغۇر كادىرلارنىڭ قارشى چىققانلىقىنى، بۇ قارشىلىقنىڭ ئادەتتىكى قارشىلىق ئەمەس، بەلكى جىددىي ۋە قەتئىي قارشىلىق بولغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتىدۇ.[168]

بۇ يەردە سەيپىدىن ئەزىزنىڭ ئاتالمىش «كەڭ قورساقلىقى» ۋە ئۇنىڭ مىللىي مەنپەئەت مەسىلىسىدە «باشقا مىللەتلەرگە يول قويۇش» تەك «ياخشىچاق بولۇۋېلىش» تاكتىكىسىغا قارشى چىققۇچىلار ئارىسىدا، شەك-شۈبھىسىزكى، ئابدۇرەھىم ئەيسامۇ بار ئىدى. چۈنكى ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى بولۇپ ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ، ئىلىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسىي مەنپەئەتى مەسىلىسىدە سەيپىدىن ئەزىزى تەكىتلىگەندەك «كەڭ قورساق» بولۇشى ياكى ئۆز مىللىتىنىڭ

---

[168] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 167-بەت؛ ب-نۇسخا، 85-بەت

ئاتلىق پولكىنىڭ كوماندىرى، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەردە بولغان. ھەمدە پولكوۋنىك ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1946-يىلى 4-ئايدا غۇلجادا قۇرۇلغان مەخپىي پارتىيە - «خەلق ئىنقىلابىي پارتىيەسى» گە ئەزا بولغان ۋە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 7 نەپەر دائىمىي ھەيئىتىنىڭ بىرى بولغان. 1949-يىلىنىڭ ئاخىرى ئۇ مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن، مىللىي ئارمىيەنىڭ بىر پولكىنى باشلاپ مۇزداۋان ئارقىلىق ئاقسۇغا چۈشكەن ۋە ئاقسۇغا يېتىپ كەلگەن خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسى 2-كورپۇسىنىڭ 5-دىۋىزىيەسى بىلەن ئۇچراشقان. 1950-يىلى 1-ئايدا مىللىي ئارمىيە خىتاي خەلق ئازادلىق ئامىيەسىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندە، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف 5-كوپۇسقا قاراشلىق 13-دىۋىزىيەنىڭ كوماندىرلىقىغا تەيىنلەنگەن. 1950-يىلى 2-ئايدا خىتاي كومپارتىيىسى ئۇيغۇر دىيارىدىن ئىككىنچى تۈركۈمدە ئەزا قوبۇل قىلدى. بۇ ۋاقىتتا مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت كادىرلىرى ئارىسىدىن تاللانغان نامزاتلار بىلەن بىر قاتاردا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزالىقىغا قوبۇل قىلىنىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف جەنۇبىي شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلۇق پارتكومىنىڭ 4-سېكرېتارى، جەنۇبىي شىنجاڭ مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ مۇدىرى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدۇ. 1955-يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندا مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولىدۇ. شۇ يىلى ئۇنىڭغا خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانى بېرىلىدۇ. 1957-يىلى 12-ئايدا باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» جەريانىدا، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف باشقا يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇيغۇر ۋە قازاق كادىرلار بىلەن بىر قاتاردا «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاق بىلەن تارتىپ چىقىرىلىپ، جازالىنىدۇ. 1958-يىلى بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلىدۇ ۋە ئوقۇش جەريانىدا كۆپ قېتىم «يەرلىك مىللەتچى» دېگەن قالپاق بىلەن كۈرەشكە تارتىلىدۇ. 1960-يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۇ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ قوغدىشى بىلەن، قايتىدىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىغا تەيىنلىنىدۇ. 1962-يىلىدىكى «ئىلى-چۆچەك ۋەقەسى» دە نەق مەيدانغا بېرىپ، سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىۋاتقان ئاممىغا خىزمەت ئىشلەپ، قايتىپ كېلىشكە نەسىھەت قىلىدۇ. «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندا مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف قايتىدىن قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ ھۇجۇم نىشانىغا ئايلىنىپ، يىللارچە قىيىن-قىستاق ۋە تەقىبكە ئۇچرايدۇ. 1970-يىلى 55 يېشىدا خىتاي كوممۇنىست ھۆكۈمىتىنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچراپ ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ.

قارىدىن ئىبارەت 5 نەپەر نازارەت دەرىجىلىك ئۇيغۇر كادىرغا بىرىنچى پاي ئوق ئېتىلغانىدا ۋە ئۇلار «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلىك» قالپىقى بىلەن ئايلارچە كۈرەش قىلىنغاندا، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ رەئىسى بولغان سەيپىدىن ئەزىزى ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئارا تۇرالمايدۇ. ماۋ زېدوڭ بىلەن شۇنچە يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتقان، ئىككى قېتىم ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ موسكۋا زىيارىتىدە بولغان سەيپىدىن ئەزىزى، ئۆزىنىڭ بۇ 5 نەپەر مىللەتدىشى ۋە سەپدىشىغا ئىگە چىقالمايدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئەسلىمىسىنىڭ 3-تومىدا «ئىبراھىم تۇردى بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيسادا يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئېغىر ئىدى»[170] دېگەنلەرنى قايتا تىلغا ئېلىپ، ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كۆزقاراشلىرىنى يەنە بازارغا سالىدۇ.

غۇلجادىكى سوۋېت ئىتتىپاقى كونسۇلى شالۇنۇفنىڭ 1958-يىلى 8-ئاينىڭ 18-كۈنى موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا دېيىلىشىچە، ئۈرۈمچىدە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن 1958-يىلىنىڭ باشلىرىدا سەيپىدىن ئەزىزى يۇرتدىشى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف[171]نى

---

[170] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 218-بەت؛ ب-نۇسخا، 110-بەت

[171] مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف (1915-1970) يىگىرمىنچى ئەسىردىكى ئۇيغۇر سىياسىي سەرخىللىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1915-يىلى ئاتۇشتا تۇغۇلغان، 1935-يىلى ئۈرۈمچىدىكى سۇ ئىشلىرى تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، دەسلەپ ئۆلكىلىك تەمىرات نازارىتىدە سۇ ئىشلىرى تېخنىك خادىمى، كېيىنچە ياردەمچى ئىنژېنېر بولۇپ ئىشلىگەن. 1945-يىلىنىڭ باشلىرىدا ماناس دەرياسىدىكى سۇ ئىشلىرى قۇرۇلۇشىدا تېخنىك يېتەكچى بولۇپ ئىشلىگەن. شۇ يىلى 5-ئاينىڭ باشلىرىدا ئىلى پارتىزانلىرىغا قوشۇلۇپ، گومىنداڭغا قارشى ئىنقىلاب سېپىگە ئاتلانغان. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف مىللىي ئارمىيە سېپىدە قەدەممۇ-قەدەم كۆزگە كۆرۈنۈپ، مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق مەركىزى ئورۇش بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى،

بۇ سوئاللارغا سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئەسلىمىسىدە ھېچقانداق جاۋاب بېرىلمەيدۇ.

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ 1980-يىللىرى بېيجىڭدا مىرزاقاماقتا ياتقان يىللىرى يازغان، 1990-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ ئالدىنقى ئىككى تومىدا، مەيلى 1930-يىللاردىكى ۋەقەلەرنى بايان قىلغاندا بولسۇن، ياكى 1940-يىللاردىكى ئىلى ئىنقىلابى توغرىلىق يازغان قىسىملىرىدا بولسۇن، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئىسمىنى بىر قېتىممۇ تىلغا ئالمايدۇ. قىزىقارلىقى شۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى «ئۆمۈر داستانى» ناملىق ئەسلىمىسىنىڭ 2-تومىدا 1945-يىلى فېۋرالدا ئۇرۇمچىدە قۇرۇلغان «باھار» تەشكىلاتى ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ. بۇ تەشكىلاتنىڭ كېيىنچە پاش بولۇپ قېلىپ تۇتقۇن قىلىنغان ئەزالىرى توغرىلىقمۇ ئۇچۇر بېرىدۇ. ئەمما بۇ تەشكىلاتنىڭ رەئىسى بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئىسمىنى بىر قېتىممۇ تىلغا ئالمايدۇ. بۇ دېتاللارنىڭ ھەممىسى بىزدە سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسا مەسىلىسىدە زادىلا ئېغىز ئېچىشنى خالىمايدىغان، ياكى بۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بىر تەرىپى بارمۇ-قانداق؟، دېگەن گۇماننى پەيدا قىلىدۇ.

ئاستىغا ئېلىشقا تىرىشقان، ئەمما ئىبراھىم تۇردى قاتارلىقلارنىڭ مەسلىسىگە كەلگەندە ئۇلارغا ئىشەنمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن، شۇنداقلا ئۇلارنى «يەرلىك مىللەتچىلىك ئىدىيەسى ئېغىر» دەپ تەنقىد قىلغان.[172]

1958-يىلى ۋاقىت 1-ئاينىڭ 17-كۈنىگە ئۆرۈلگەن كېچىسى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 214-نومۇرلۇق ياتىقىدا ئۆلتۈرۈلگەندە، سەيپىدىن ئەزىزى بۇ سۈيىقەستنىڭ ئىچ يۈزىدىن خەۋەردارمىدى؟ ئەتىسى سەھەردە ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن بىرلىكتە نەق مەيدانىنى كۆرگەن سەيپىدىن ئەزىزى، 10 قېتىملىق پىچاق زەربىسىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» لىقىغا ئىشەنگەنمۇ؟ شۇ كۈنى كېچە يىتىلگەن يىغىن يېرىم كۈن توختىتىلغاندا، سەيپىدىن ئەزىزى ۋاڭ ئېنماۋ بىلەن ئايرىم باش قوشۇپ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دېلوسى توغرىلىق زادى نېمىلەرنى دېيىشكەن؟

سەيپىدىن ئەزىزى «ئەسلىمە» سىنىڭ يورۇق كۆرمىگەن 3-تومىدا بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمەيدۇ. ئۇ پەقەتلا ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەققىدە بىر جۈملە يازىدۇ: «ئابدۇرەھىم ئەيسا چىدىماي ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى.»[173]

ئۇنداقتا، ئابدۇرەھىم ئەيسا زادى نېمىگە چىدىمىدى؟ ئۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغۇدەك شۇنچىلىك جاسارەتسىز بىر ئىنسانمىدى؟

---

[172] "M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov" August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176, Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901)

[173] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 218-بەت؛ ب-نۇسخا، 110-بەت

كۈندىن تاكى يىل ئۆرۈلۈپ، 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلتۈرۈلگەن كۈنگىچە بولغان بىر ئاي جەريانىدا، جاغدا بابالىكوف ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن ئۈرۈمچىدىكى «تىيانشان» (تەڭرىتاغ) مېھمانخانىسىنىڭ 2-قەۋەت 214-نومۇرلۇق ياتىقىدا ياتاقداش بولۇپ بىللە تۇرغان ئىدى. بۇ جەرياندا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى، يىغىندا مەسىلە تاپشۇرۇشقا قىستىلىپ كۈرەشكە تارتىلغاندىن كېيىنكى ئىنكاسلىرىنى، شۇنداقلا كۈچلۈك سىياسىي بېسىم ئىچىدىكى ئازابلىرىنى ئەڭ چوڭقۇر دەرىجىدە چۈشەنگەن كىشى جاغدا بابالىكوف ئىدى. شۇڭا جاغدا بابالىكوف شۇ كۈنلەردە ياتاقدىشى ۋە ئۇزۇن يىللىق خىزمەتدىشى ئابدۇرەھىم ئەيسادا سىياسىي بېسىم تۈپەيلىدىن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش خىيالىنىڭ بولغان ياكى بولمىغانلىقىنى ئازراق بولسىمۇ ھېس قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، شۇ كۈنى مىجەزى يوق ياتاقتا دەم ئېلىپ يالغۇز قالغان ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشقان كىشىمۇ جاغدا بابالىكوف ئىدى. شۇ كېچىسى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلتۈرۈلۈپ، ئەتىسى كارىۋاتتىكى قانغا بويالغان جەسەتنى كۆرگۈچىلەر ئىچىدە رەفىق بايچۇرىن، ھەبىبۇللا مۇتەللىپ، بارات ئىسمائىل قاتارلىق 3 كىشىدىن باشقا يەنە، ۋاڭ ئېنماۋ، سەيپىدىن ئەزىزى، مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوف، جاغدا بابالىكوف ۋە قالدىباي قاتارلىق كىشىلەرمۇ بار ئىدى.[174] ھالبۇكى، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن، جاغدا بابالىكوف ھېچنېمە دېمەيدۇ ۋە بۇ تېمىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ.

[174] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 8-بەت

## ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دېلوسى ۋە جاغدا بابالىكوفنىڭ سوٓكوٓناتى

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ 1958 - يىلى 17 - يانۋاردا، يەنى ئۈرۈمچى ۋاقتى كېچە سائەت 1 - ئاينىڭ 17 - كۈنگە ئالماشقان كېچىسى سىرلىق بىر رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلىشى، ئەتىسى چۈشتىن كېيىن ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ سېكرېتارى ۋاڭ ئېنماۋ تەرىپىدىن «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» دەپ ئېلان قىلىنىشى، ھازىرغىچە يېشىلمىگەن بىر سىر ھالىتىدە تۇرماقتا.

ئۇ ۋاقىتتا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» نىڭ بوران - چاپقۇنلىرىغا شاھىت بولغان كۆپلىگەن كىشىلەر ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دېلوسىدا بىرقانچە كىشىنىڭ، بولۇپمۇ سەيپىدىن ئەزىزى بىلەن جاغدا بابالىكوفنىڭ ئۆمۈر بويى سۈكۈت قىلىپ كەلگەنلىكىنى تىلغا ئېلىشىدۇ.

شۇنىسى ئېنىقكى، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمىدىن ئىلگىرى ئۇنىڭ كەيپىياتىنى، كۆز ئالدىدىدا يۈز بېرىۋاتقان ئىشلارغا بولغان ئىنكاسىنى ۋە شەخسىي ئوي - خىياللىرىنى ئەڭ كۆپ بىلىدىغان كىشى شۈبھىسىزكى، ئۇنىڭ ياتاقدىشى جاغدا بابالىكوف بولغان ئىدى. چۈنكى 1957 - يىلى 12 - ئاينىڭ 17 - كۈنى ئۈرۈمچىدە «ئاپتونوم رايون بويىچە يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىش سەپەرۋەرلىك يىغىنى» باشلانغان

بىر ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكا قۇرۇش ياكى ئاپتونوم رېسپۇبلىكا قۇرۇش). بۇ «3 تۇتۇن» دېگىنى، بىرى، سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى قازاقلارنى، يەنە بىرى شىنجاڭدىكى قازاقلارنى، ئۈچىنچىسى موڭغۇلىيەدىكى قازاقلارنى دېمەكچى. يەنى بۇ ئۈچ مەملىكەتتىكى قازاقلارنى بىرلەشتۈرۈپ، بىر بىرلەشمە ئىتتىپاقداش رېسپۇبلىكا قۇرۇش. بۇنىڭ مەنىسى، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قارىمىقىدىكى بىر رېسپۇبلىكىغا ئوخشايدۇ. بۇنىڭ سىرتىدا زادى بۇ «3 تۇتۇن» نى بىرلەشتۈرۈپ، بىر دۆلەت قۇرۇش دېگەن مەنامۇ يوق ئەمەس. بۇ پىكىرنى شۇ ۋاقىتتا تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى جاغدا بابالىكوف دېگەن ئادەم تەشەببۇس قىلىپ، 21 كىشىلىك مەجلىس ئېچىپ، قايتا-قايتا مۇزاكىرە قىلىشقان ئىكەن. بۇ مەسىلە شىنجاڭ شۆبە بيۇروسىغا كېلىپ مۇزاكىرە قىلىنغاندا قەتئىي رەت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن 21 كىشىلىك لايىھەمۇ ئوتتۇرىغا چىقالماي قالدى.»[175]

دېمەك، 1951-يىلى مارتتا غۇلجادا «51 چىلەر» مەجلىسى ئېچىلىپ، ئۇيغۇر سەرخىللىرى مۇستەقىل ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش، ياكى بولمىسا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكىدىكى خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تەركىبىدە ئۇيغۇرىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان مەزگىللەردە، جاغدا بابالىكوف باشچىلىقىدىكى قازاق سەرخىللىرىمۇ «21 چىلەر» مەجلىسى ئېچىپ، «3 تۇتۇن» - يەنى سوۋېت ئىتتىپاقى، خىتاي ۋە موڭغۇلىيەدىكى قازاقلارنى بىرلەشتۈرۈپ قازاق جۇمھۇرىيىتى ياكى قازاق بىرلەشمە جۇمھۇرىيىتىنى قۇرۇشنىڭ كويىغا چۈشكەن.

---

[175] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 167-بەت؛ ب-نۇسخا، 85-بەت

جاغدا بابالىكوف 1955 ـ يىلى پاتىخان سۇگىربايېفنىڭ ئورنىغا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك ئوبلاست باشلىقى بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئابدۇرەھىم ئەيسا ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى 3 يىل جەريانىدا ئابدۇرەھىم ئەيسا جاغدا بابالىكوف بىلەن ئىلى ئوبلاستىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى بىرلىكتە ماڭدۇرىدۇ. بەزى شاھىتلارنىڭ تەكىتلىشىچە، 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدىكى ئاپتونومىيە مەسىلىسىدە «قازاق مىللەتچىسى» بولۇپ تونۇلغان جاغدا بابلىكوفنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا باشلىق بولغاندىن كېيىن، مۇئاۋىن ئوبلاست باشلىقى ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن كۆپ قېتىملار توقۇنۇشقانلىقى، بولۇپمۇ ئىلىدىكى قازاقلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەت مەسىلىسىدە بىر-بىرىگە يول بەرمىگەنلىكى مەلۇم.

سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىنىڭ 3 ـ تومىدا گەرچە ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەققىدە گەپ قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرغان بولسىمۇ، ئەمما جاغدا بابالىكوفنىڭ 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا قازاق مىللەتچىلىكى بىلەن تونۇلغان بىر كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «ئەمدى ئاپتونوم ئوبلاستلارنى قۇرۇش مەسىلىسىدە ‹شىمالىي شىنجاڭدا بىر قازاق ئوبلاستى قۇرۇش› دېگەن مەسىلە خېلى جىددىي مۇزاكىرە قىلىندى. بۇنىڭ بىرى، ئالتاي، تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ بىر قازاق ئوبلاستى قۇرۇش؛ يەنە بىرى، ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن تارباغاتاي ۋىلايەتلىرىنى ئايرىم-ئايرىم ئىككى قازاق ئوبلاستى قىلىش. بۇ ئوخشىمىغان پىكىرلەر جىددىي تالاش-تارتىش قىلىنىۋاتقان كۈنلەردە بىر قىسىم كىشىلەر باشقىچە پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر پىكىر ـ ‹3 تۈتۈننى بىرلەشتۈرۈپ،

رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئۇرۇمچىدە داۋاملىشىۋاتقان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» يىغىنى يەنە بىرقانچە ئاي داۋاملىشىدۇ. ئۇيغۇر ۋە قازاق كادىرلار ئارىسىدىن «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى» قالپىقى كىيدۈرۈلگەن كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن تارتىپ چىقىرىلىدۇ. جاغدا بابالىكوفمۇ بۇ شامالنىڭ زەربىسىدىن ئامان قالمايدۇ. 1958-يىلى 6-ئايدا ئۇ «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلىنىپ، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلىدۇ. شۇ يىلى 6-ئايدا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق پارتكوم «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» بويىچە غۇلجادا كېڭەيتىلگەن يىغىن ئاچىدۇ. يىغىندا ئوبلاستلىق پارتكومنىڭ سېكرېتارى جاڭ شىگوڭ ئوبلاست باشلىقى جاغدا بابالىكوفقا قارشى ئوت ئېچىپ، ئۇنى ئىلىدىكى «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى بىلوك» نىڭ يولباشچىسى دەپ ئەيىبلەيدۇ. جاڭ شىگوڭنىڭ تەكىتلىشىچە، بۇ بىلوك جاغدا بابالىكوف (ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ سابىق باشلىقى)، شايمەردان (ئىلى ئوبلاستلىق سوتىنىڭ سابىق باشلىقى)، نۇقۇشېۋ (ئىلى ئوبلاستلىق جامائەت خەۋپسىزلىكى باشقارمىسىنىڭ باشلىقى)، ئاقماتغالى بۆتەنبايېۋ (ئىلى ئوبلاستلىق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى)، قالدىباي (ئىلى ئوبلاستلىق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى) ۋە ئالىمجان (ئىلى ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى) قاتارلىق كىشىلەردىن تەشكىللەنگەن ئىكەن.[177]

[177] “M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov” August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176, Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى بولغان جاغدا بابالىكوف ئۆز دەۋرىدە قازاقلارنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن ئوخشاش دەرىجىدە ئاپتونومىيەلىك هوقۇققا ئىگە بولۇشىنى، ھەتتا ناۋادا ئۇيغۇرىستان ئىنتىپاقداش جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش توغرا كەلسە، قازاقلار ئۇچۇنمۇ ئايرىم ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيەت ياكى ئاپتونوم جۇمھۇرىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى لازىملىقىنى كەسكىن تۈردە تارتىشما قىلغان ئىدى. بولۇپمۇ جاغدا بابالىكوف شىمالدىكى 3 ۋىلايەتتە، يەنى ئىلى ئوبلاستى تەۋەسىدە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاپتونومىيەلىك هوقۇقىنى قازاقلار بىلەن بىرلىكتە بەھرىمان بولۇشىغا قارشى تۇرغان ئىدى. شۇڭا 1950 - يىللارنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا جاغدا بابالىكوفنىڭ ئىلى ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن بۇ مەسىلىدە زادىلا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان ئىختىلاپلىرى ئوتتۇرىغا چىققان ئىدى. شۇ سەۋەبتىن 1957 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» باشلانغاندا ئابدۇرەھىم ئەيسا «قازاقلارنى چەتكە قاققان»، «شىنجاڭدا باشقا مىللەتلەرنىڭ تېررىتورىيەلىك ئاپتونومىيەسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىغا قارشى چىققان» دېگەن «جىنايەت» لەر بىلەن ئەيىبلەنگەن. ھەتتا ئابدۇرەھىم ئەيسا «قازاقلارنى چەتكە قېقىش ئۈچۈن 〈ئۇيغۇرىستان〉 قۇرۇلغاندىن كېيىن، قازاقلارنى سوۋېت ئىتتىپاقىغا يۆتكىۋېتىپ، ئۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنى قايتۇرۇپ كېلىش خام خىيالىدا بولغان.» دەپ تەنقىد قىلىنغان.[176]

1958 - يىلى 17 - يانۋار كېچىسى ئابدۇرەھىم ئەيسا سىرلىق

[176] «ئوگچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيەگە قارشى ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۈزۈل - كېسىل تارمار قىلىندى»، «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958 - يىللىق 5 - سان

شالۇنوفقا ئاشكارىلىشىچە، جاغدا بابالىكوف مۇنداق دېگەن ئىكەن: «بىزنىڭ خىتايلارغا ھېچ ئېھتىياجىمىز يوق، بىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلالايمىز. ئىلى ئوبلاستىدا ھەر 6 نەپەر خىتاي پۇقراسىغا بىر خىتاي كادىر توغرا كەلسە، ھەر 100 قازاققا ئاران 1 نەپەر قازاق كادىر توغرا كېلىدۇ. ھازىر ئۈرۈمچى خىتايلار بىلەن، غۇلجا ئۇيغۇرلار بىلەن تولدى. بىز قازاقلار ئىلى ئوبلاستىنىڭ مەركىزى بولغان غۇلجانى ئۇيغۇرلارنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالالماي، شەھەرنى ئۇيغۇرلاردىن تازىلىيالماي تۇرۇپ، يەنە خىتايلاردىن ئەندىشە قىلىشىمىزغا ئورۇن بارمۇ؟»[179]

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن يېرىم يىل ئۆتمەيلا جاغدا بابالىكوفنىڭ بېشىغىمۇ كېلىدۇ. ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق ھۆكۈمەتتە بىرى بىرىنچى قول، يەنە بىرى مۇئاۋىن بولۇپ ئىشلىگەن بۇ ئىككى ئەمەلدار - جاغدا بابالىكوف بىلەن ئابدۇرەھىم ئەيسا - 1950-يىللاردا ئىلىدىكى قازاق ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەنپەئەتلىرى ئۈچۈن بىر-بىرىگە يول قويمىغان ھالدا مۇرەسسەسىز توقۇنۇشقان بولسىمۇ، ئەمما ئەڭ ئاخىرى ھەر ئىككىسى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ قۇربانلىرىغا ئايلىنىدۇ. ئابدۇرەھىم ئەيسا «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلىك» قالپىقى بىلەن 1958-يىلى 1-ئايدا ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىدا سىرلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ بىلەن بىر ياتاقتا ئايلارچە بىللە ياتقان جاغدا بابالىكوف سوۋېت

---

[179] "M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov" August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176, Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901)

غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى شالۇنۇفنىڭ ئابدۇللا زاكىروفنىڭ مەخپىي دوكلاتىغا ئاساسەن 1958-يىلى 18-ئاۋغۇستتا موسكۋاغا يوللىغان دوكلاتىدا، 1951-يىلى غۇلجادا ئۇيغۇر مىللەتچىلىرى ئۇيغۇرىستان رېسپۇبلىكىسى قۇرۇش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلغان. بۇ ۋاقىتتا قازاق مىللەتچىسى جاغدا بابالىكوفمۇ قازاق سەرخىللىرىنى يىغىپ ئۆرۈمچىدە يىغىن ئاچقان. مەزكۇر يىغىندا ئۇ: «ئەگەردە ئۇيغۇرىستان رېسپۇبلىكىسى قۇرۇلىدىغان بولسا ئۇنىڭ تەركىبىدە چوقۇم ئىلى قازاق ئاپتونوم ئۆلكىسىنىڭ قۇرۇلۇشى كېرەكلىكى» نى شەرت قىلىپ قويغان ئىكەن. جاغدا بابالىكوف بۇ يىغىندا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن هالدا، ئەگەر ئۇنداق بولمىسا، ئىلى، تارباغاتاي ۋە ئالتاي ئۈچ ۋىلايەتنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ قازاقىستان ئىتتىپاقداش جۇمھۇرىيىتىگە قوشۇپ بېرىلىشى كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلغانلىقى مەلۇم.[178]

غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلىنىڭ دوكلاتىدا يەنە، جاغدا بابالىكوفنىڭ «ئاپتونومىيە پۇتۇنلەي شەكىلدىن باشقا نەرسە ئەمەس» دېگەنلىكى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ئەمەس، بەلكى مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق ئورۇن بولۇشىنى، ئۇنىڭ تەركىبىگە شىمالدىكى 3 ۋىلايەتتىن باشقا يەنە، ئۈرۈمچى ۋە قومۇل ۋىلايەتلىرىنىڭمۇ قوشۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئابدۇللا زاكىروفنىڭ غۇلجادىكى سوۋېت كونسۇلى

(http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901)

[178] "M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov" August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176, Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901)

جاغدا بابالكوفنىڭ باشقا ھەرقانداق كىشىگە قارىغاندا كۆپرەك بىلىشى مۇمكىنلىكىنى ئېيتىدۇ. ئەمما نىمە ئۈچۈندۇر خىتايدىن قۇتۇلۇپ، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ھىمايىسىدە ئالمۇتادا ياشاۋاتقان جاغدا بابالكوف مەرۇپ ئەيسا بىلەن كۆرۈشۈشنى رەت قىلىدۇ. كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە جاغدا بابالكوف مەرۇپ ئەيسانىڭ باشقا قېرىنداشلىرى بىلەن ئاخىرى كۆرۈشىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسا بىلەن بىرلىكتە 1950-يىللاردا ئىلى ئوبلاستىدا رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلىگەنلىكىنى، ئۇنىڭ كەسكىن مىللىي مەيدانغا ۋە ئادالەت تۇيغۇسىغا ئىگە كىشى ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۆزىنىڭ 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى ياتاقدىشى ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇنىڭ «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغانلىقى» غا ئەسلا ئىشەنمىگەنلىكى ۋە بۇ ئىشنىڭ ئۆزىگە قاتتىق تەسىر قىلغانلىقىنىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.[181]

---

پارتكوم ئورۇمچىدە ئاچقان كېڭەيتىلگەن يىغىنغا قاتناشتۇرۇلغان. ئارىدىن 17 يىل ئۆتكەندە، يەنى 1975-يىلى مەرغۇپ ئىسھاقوف ئالمۇتانىڭ مىر كوچىسىدىكى ئۆيىدە مەرۇپ ئەيسا بىلەن كۆرۈشۈپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئەينى ۋاقىتتا «ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان» بولماستىن، بەلكى سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ 1958-يىلى 1-ئاينىڭ 17-كۈنى سەھەردە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانلىق جەسىتىنى تۇنجى بولۇپ كۆرگۈچىلەر ئىچىدە بارلىقىنى ئېيتقان (ئەيسا [گىساروف]،تېلېفون سۆھبەت خاتىرىسى، 2019-03-05/30-04).

[181] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى؛ 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

قىلىدۇ. ئارىدىن بىرقانچە ئاي ئۆتۈپ جاغدا بابالىكوفمۇ «ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچىلىك» بىلەن ئەيىبلىنىپ بارلىق ھوقۇقلىرىدىن ئېلىپ تاشلانغان ۋە سىياسىي رېجىمغا ئېلىنغىنىدا، ئۇيغۇر كادىرلار تۇرماق، ھەتتا ئۇنىڭ قازاق سەپداشلىرىمۇ ئۇنى قوغدىيالمايدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دېلوسىدىكى سىرلارنى قورسىقىغا قاچىلاپ، خىتاي كوممۇنىستلىرىدىن تولۇق ئۈمىدىنى ئۈزگەن جاغدا بابالىكوف 1960-يىللارنىڭ باشلىرىدا سوۋېت ئىتتىپاقىغا قېچىپ چىقىدۇ. شۇ يىللاردا ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈم سىرىنى ئېنىقلاش ئىرادىسىگە كەلگەن مەرۇپ ئەيسا تاشكەنتتىن ئالمۇتاغا كېلىپ، جاغدا بابالىكوف بىلەن كۆرۈشۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ يىللاردا ئالمۇتادا ياشاۋاتقان مىللىي ئارمىيەنىڭ سابىق كوماندىرلىرىدىن بىرى، 1955-يىلى گېنېرال مايورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن مەرغۇپ ئىسھاقوف،[180] مەرۇپ ئەيساغا ئاكىسىنىڭ ئۆلۈم سىرىنى

---

[180] مەرغۇپ ئىسھاقوف (1992-1923) ئىلىدا تاتار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئاكىسى ئەسئەت ئىسھاقوف بىلەن بىرلىكتە 1940-يىللاردىكى ئىلى ئىنقىلابىغا قاتناشقان ۋە كېيىنچە مىللىي ئارمىيەدە پولك كوماندىرى بولغان. 1949-يىلى 12-ئاينىڭ ئاخىرى مىللىي ئارمىيە خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ 5-كورپۇسى قىلىپ ئۆزگەرتىلگەندە، ئۇ 5-كورپۇسنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ۋە شتاب باشلىقى بولغان. 1949-يىلى 12-ئاينىڭ 30-كۈنى خىتاي كومپارتىيەسى ئۇيغۇر دىيارىدىن ئەزالىققا قوبۇل قىلغان تۇنجى تۈركۈمدىكى 15 نەپەر كادىر بىلەن بىرلىكتە خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئەزاسى بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى قاتارلىق ھەربىي ۋەزىپىلەردە بولغان. 1955-يىلى خىتاي خەلق ئازادلىق ئارمىيەسىنىڭ گېنېرال مايورى دېگەن ھەربىي ئۇنۋانغا ئېرىشكەن. 1961-يىلى سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن ۋە كېيىنكى ھاياتىدا ئالمۇتادا ياشىغان. ئۇ ئۇيغۇر دىيارىدا «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن 1958-يىلىنىڭ 1-ئاي مەزگىللىرىدە بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشىدىن چاقىرتىپ كېلىنىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق

ھەققىدىكى سىرلارنى ئاشكارا قىلىشنى يەنە خالىمايدۇ.

دىققەتكە سازاۋەر يېرى شۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى ئەسلىمىسىنىڭ بۇ قىسمىدا ئۆزىنىڭ ئۆكۈنۈشلىرىنى، ئامالسىزلىقلىرىنى ۋە پۇشايمانلىرىنى يوشۇرمايدۇ. ئۇ مەزكۇر ئەسلىمىسىنىڭ 7 ـ قىسىم 1 ـ بابى بولغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» ناملىق بۆلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرلىرىدا ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكەت جەريانىدىكى مەسئۇلىيىتى ۋە ئامالسىزلىقلىرى ھەققىدە مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش باشلىنىش ئالدىدا، باشلانغاندا، ھەممە پۈتۈن ھەرىكەت جەريانىدا ئېغىشلار بولدى. ئاخىرى يامان ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىققاندا ۋە بۇ ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىشتا، مەن تەدبىرلىك ئامال ـ چارىلەرنى قىلالمىدىم. دېمىسەممۇ بولماس، قولۇمدىن كېلىشىچە تىرىشىپ باقتىم. ئېغىر ئەھۋاللار يۈز بەرگەندە، بەزى تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بەزى كادىرلارغا خاتا چارە كۆرۈش ئەھۋاللىرى توسۇپ قېلىندى، ياكى ئۇلارغا كۆرۈلگەن چارىلەر يەڭگىللىتىلدى. لېكىن شۇ ۋاقىت ۋە شۇ شارائىتتا، مەن ھەرىكەتنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى توسۇش ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچ چىقىرالمىدىم. بۇ خاتالىقلىرىمنى ئىقرار قىلىشىم كېرەك. يەنە بىر تەرەپتىن، ۋاڭ ئېنماۋ باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىدىكى مەسئۇل ئادەملەر، ھەممە ئۇلارغا ئەگەشكەن بىر قىسىم خەنزۇ ۋە مىللىي كادىرلارنىڭ توسقۇنلۇق ھەرىكەتلىرى، مېنىڭ بۇنىڭدىنمۇ كۆپرەك ئىش قىلىشىمغا يول قويمىدى. ھەتتا رەئىس ماۋ زېدوڭ ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ يوليورۇقلىرى بىلەن جۇ ئېنلەينىڭ يوليورۇقلىرىغىمۇ ئۇلار ئېغىزدا ھە دەپ قويۇپ، ئەمەلىيەتتە ئېتىبار قىلمىدى. نەتىجىدە كۆپلىگەن مىللىي كادىرلار ئازاب چەكتى، قىينالدى. ئۇلار ‹يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش› تىن باشلاپ تاكى

## ئاخىرلاشمىغان ھېكايە: شاھىتلارنىڭ ئۇزۇن يىللىق سۈكۈتتىن كېيىنكى گۇۋاھلىقى ۋە ئەپسۇسلۇقلىرى

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ سىرلىق ئۆلۈمى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز ئارخىپ ماتېرىياللىرى ۋە مەنبەلەرنىڭ چەكلىك بولۇشى سەۋەبلىك ۋاقتىنچە بۇ يەردە ئاخىرلاشتى. ئەمما ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ھېكايىسى تېخى ئاخىرلاشمىدى. 20-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ سىياسىي پاجىئەلەرنىڭ بىرى بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دېلوسىغا قويۇلغان سوئاللار ھېلىھەم ئاخىرقى جاۋابىنى كۈتمەكتە.

ئابدۇرەھىم ئەيسا ئالەمدىن ئۆتۈپ توپ-توغرا 60 يىل بولغاندا، سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» توغرىسىدىكى بىر قىسىم ئىقرارى ۋە پۇشايمانلىرى ئۇنىڭ تېخى ئوقۇرمەنلەرگە ئۇلاشمىغان «ئەسلىمە» سىنىڭ 3-تومىدا ئۇچەكتىن چىقتى.

ھالبۇكى، سەيپىدىن ئەزىزى 1950-يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دېلوسى ۋە ئۇنىڭ ئىچ يۈزىنى ئۇيغۇر كادىرلار ئىچىدە ئەڭ كۆپ بىلىدىغان بىر كىشى بولۇشىغا قارىماي، ئەسلىمىسىنىڭ 3-تومىدا بۇ ھەقتە ھېچقانچە ئۇچۇر بەرمەيدۇ. ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا يازغان ئەڭ ئاخىرقى ئەسلىمە كىتابىدا، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمى

كۇرەش› دېگەندەك بىر قاتار ھەرىكەتلەر ئېلىپ بېرىلىپ، بىرمۇنچە مىللىي كادىرلارغا قاتتىق زەربە بېرىلگەن، ھەتتا ئىبغىر چارىلەر كۆرۈلۈپ بەزىلەر ھاياتىدىن ئايرىلغان، مۇشۇنداق ئىبغىر ئەھۋاللار يۈز بېرىۋاتقان شىنجاڭدا، زادى نېمە ئۈچۈن ‹چوڭ خەنزۇچىلىق› قا قارشى كۈرەش ئېلىپ بېرىلمايدۇ؟ شىنجاڭدا نېمە ئۈچۈن ‹چوڭ خەنزۇچىلىق› يوقتىلمىدى، دېگەن سوئاللارنى سورىغۇم كېلىدۇ. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ‹چوڭ خەنزۇچىلىق› يوق ئەمەس، ھەتتا بەزىدە خېلى ئىبغىر دەرىجىدە مەۋجۇت بولغان ئىدى. بۇ بىر ياقتىن ئىلگىرىكى مىللىي زۇلۇم يۇرگۇزگۇچىلەرنىڭ قالدۇرغان يامان تەسىرىدىن بولسا، يەنە بىر ياقتىن ‹شىنجاڭدا يەرلىك مىللەتچىلىك ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ› دەيدىغان خاتا كۆزقاراشتىن كېلىپ چىققان ئىدى. يولداش ماۋ زېدوڭ: ‹ھەر ئىككى مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش كېرەك. ئالدى بىلەن چوڭ خەنزۇچىلىققا قارشى تۇرۇش كېرەك› دەپ ئېنىق تەكىتلىگەن تۇرۇقلۇق، بۇنىڭ تەتۇرىسىچە شىنجاڭدا ئالدى بىلەن ‹يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى› ئېلىپ بېرىلدى. بەزىلەر ئېيتقاندەك: ‹شىڭشىڭشىيانىڭ دەرۋازىسىنى كەڭ ئېچىۋېتىش كېرەك›، ‹شىنجاڭدا خەنزۇلارنىڭ سانى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ساندىن ئېشىپ كەتكەندە، ئاندىن سىلەرنىڭ بۇ ئاپتونومىيەيىڭلارنى كۆرىۋالىمىز!› دېگەنگە ئوخشاش ئۈچىغا چىققان چوڭ خەنزۇچىلىق ئاشۇ جەرياندا ئاساسلىق رول ئويناپ كەلدى. بەزى ئاتالمىش ‹ئاكتىپ› مىللىي كادىرلار ئۇنداقلارغا ‹دۇمباقچىلىق› رولىنى ئويناپ بەردى.»[183]

مانا بۇ سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئىقرارى ئىدى. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا قىلغان بۇ ئىقرارى، بولۇپمۇ

---

[183] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە ـ 3)، ئا ـ نۇسخا، 225 ـ بەت؛ ب ـ نۇسخا، 114 ـ بەت

‹مەدەنىيەت ئىنقىلابى› ئاخىرلاشقىچە بولغان ئۇزۇن جەرياندا، 20 يىلدىن ئارتۇق ناھايىتى ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى تارتتى. بەزىلىرى ھاياتىدىن ئايرىلدى. مەن ئاشۇ 20 يىل جەريانىدا ئازاب-ئوقۇبەتلەرنى چەككەن يولداشلارنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىكمەن. ئۇلارنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىنىڭ ئالدىدا ئەيىبلىكمەن. مەن دائىم شۇ ئەھۋاللارنى ئەسلىگىنىمدە ئۆزۈمدە بىر تۈرلۈك ئېچىنىش، ئەپسۇسلىنىش ھېس قىلىمەن.»[182]

سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ بۇ يەردە «بەزىلەر ھاياتىدىن ئايرىلدى... مەن ئۇلارنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ئالدىدا ئەيىبلىكمەن. مەن دائىم شۇ ئەھۋاللارنى ئەسلىگىنىمدە ئۆزۈمدە بىر تۈرلۈك ئېچىنىش، ئەپسۇسلىنىش ھېس قىلىمەن،» دېگەن سۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئابدۇرەھىم ئەيسا ۋە شۇ قاتاردىكى ھاياتى بىلەن بەدەل تۆلىگەن كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتىلغانلىقى ئېنىق ئىدى. ئۆزىنىڭ بۇ سىياسىي ھەرىكەتتە «خاتالىقنى ئىقرار قىلىدىغانلىقى» ۋە «مەسئۇلىيىتىنىڭ بارلىقى» بىلدۈرگەن سەيپىدىن ئەزىزى پۈتۈن ھوقۇقلىرىدىن ئايرىلىپ، بېيجىڭدا مىرزاقاماقتا تۇرۇۋاتقان ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا ئاندىن بۇ ئۆكۈنۈشلىرىنى ئېغىزىدىن چىقىرىدۇ.

ئاخىرىدا سەيپىدىن ئەزىزى يەنىمۇ بىر قەدەم ئىلگىرىلەپ مۇنداق دەپ يازىدۇ: «مەن ئاشۇ ئەھۋاللارنى ئويلىغاندا ‹51-چىلەر› گە قارشى كۈرەش باشلىنىپ ‹مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى› غىچە، يەنى بۇ جەرياندا توختىماي بىر-بىرىگە ئۇلىنىپ كەلگەن ‹يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش›، ‹ئوڭچىلارغا قارشى كۈرەش›، ‹رىۋىزىيونىزمچىلارغا قارشى

---

[182] سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە-3)، ئا-نۇسخا، 223-222-بەتلەر؛ ب-نۇسخا، 114-113-بەتلەر

ئۆلتۈرۈۋالدى» دەپ ئېلان قىلىشى بىلەن ھېچكىم ئۇز گۇمانىنى ئوچۇق-ئاشكارا دېيىشكە پېتىنالمايدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانلىق جەسىتىنى ۋە قاتىللىق يۈز بەرگەن نەق مەيدانىنى كۆرگەن شاھىتلار شۇ كۈندىن باشلاپ ئېغىزىنى ئېچىشقا مەجبۇر بولىدۇ. رەفىق بايچۇرىن، جاغدا بابالىكوۋ، ھەبىبۇللا مۇتەللىپ، مەرغۇپ ئىسھاقوۋ قاتارلىق شاھىتلارمۇ شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ تېمىدا سۆز قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى 1960-يىلىدىن كېيىن ۋەتەندىن ئايرىلىپ سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئايالى ۋە بالا-چاقىلىرى، ئۇنىڭ غۇلجادىكى بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى 1960-يىللارنىڭ باشلىرىدا ئارقا-ئارقىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ كىچىك ئىنىسى مەرۇپ ئەيسا 1960-يىللارنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تاشكەنت ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ژۇرنالىزم فاكۇلتېتىنى پۈتتۈرۈپ، تاشكەنت رادىيوسىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى ئاڭلىتىشىدا خىزمەت قىلىدۇ. ئۇ شۇ يىللاردا سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كەتكەن شاھىتلارنى ئىزدەپ، ئاكىسىنىڭ دېلوسى ھەققىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدۇ. ئەمما 1960-يىللارنىڭ سىياسىي شارائىتىدا شاھىتلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشتىن قاچىدۇ.

1970-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە خىتاي بىلەن سابىق سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ مۇناسىۋىتى يامانلىشىپ، ئىككى تەرەپ ئۇرۇش ھالىتىگە ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇننەچچە يىللار سۈكۈت قىلغان مەرغۇپ ئىسھاقوۋ، ھەبىبۇللا مۇتەللىپ، جاغدا بابالىكوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئاخىرى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئېغىز ئاچىدۇ.

1975-يىلى مەرۇپ ئەيسا يەنە بىر قېتىم تاشكەنتتىن ئالمۇتاغا

1957-يىلىدىن 1959-يىلىغىچە بولغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت» ھەققىدە ئاشكارىلانغان بىر قىسىم بايانلىرى، 20-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ پاجىئەلەرنىڭ بىرى بولغان ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دېلوسى ۋە ئۇنىڭ سىرىنى يېشىشتە مۇھىم يىپ ئۇچى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئابدۇرەھىم ئەيسا 1958-يىلى ئۈرۈمچى ۋاقتى 1-ئاينىڭ 17-كۈنىگە ئالماشقان كېچىسى ئۈرۈمچىدىكى تەڭرىتاغ مېھمانخانىسىنىڭ 214-نومۇرلۇق ياتىقىدا سىرلىق بىر رەۋىشتە ئۆلتۈرۈلىدۇ. شۇ كۈنى سەھەردە 214-نومۇرلۇق ياتاقنىڭ ئىشىكىنى بۇزۇپ كىرگەن ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانغا بويالغان جەسىتىنى تۇنجى بولۇپ كۆرگەنلەر 3 كىشى ئىدى. ئۇلار ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ باجىسى رەفىق بايچۇرىن، ئىلى ئوبلاستلىق سوت مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ھەبىبۇللا مۇتەللىپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى بارات ئىسمائىل ئىدى. ئۇندىن كېيىن ئىككىنچى تۈركۈمدە ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانلىق جەسىتىنى كۆرگەنلەر ئىچىدە ئۇنىڭ ياتاقدىشى، يەنى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ باشلىقى جاغدا بابالىكوۋ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ نازىرى ئەنۋەر جاكولىن، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەتئىمىن ئىمىنوۋ، ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى مەرغۇپ ئىسھاقوۋ قاتارلىق كىشىلەر ئىدى.

گەرچە شۇ كۈنى يىغىنغا قاتنىشىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە قازاق كادىرلار ئارىسىدا ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ دەھشەتلىك ئۆلۈمى ھەققىدە تۈرلۈك گۇمانلار ۋە قۇلاقنى قۇلاققا يېقىپ دېيىشكەن شۇبھىلەر ئوتتۇرىغا چىققان بولسىمۇ، ئەمما ۋاڭ ئېنماۋنىڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ نامىدىن «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆزىنى

بېرىدۇ. ئۇ شۇ كۈنى تەگرىتاغ مەھمانخانىسىنىڭ 214 ـ نومۇرلۇق ياتىقىغا كىرىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ قانلىق جەسىتىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنلىكى، قاتىللارنىڭ ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ بوغۇزىغا 3 پىچاق، كۆكرەك ۋە قورساق قىسمىغا 7 پىچاق ئۇرۇپ، جەسەتنى يوتقان بىلەن ئوراپ قويغانلىقى، ئاندىن ئىشكنى ئىچىدىن ئېلىپ قويۇپ، دەرىزىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىدۇ.[184]

شاھىتلارنىڭ 1970 ـ يىللاردا مەرۇپ ئەيساغا ئاشكارا قىلىشىچە، 1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كېچىدە ئابدۇرەھىم ئەيسانى ئۆلتۈرۈش ئوپېراتسىيەسى، ھەم خىتاينىڭ، ھەم سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ دۆلەت خەۋپسىزلىكى ئورۇنلىرى بىلەن باغلانغان 3 كىشى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلغان ئىكەن. 3 نەپەر قاتىلدىن بىرى ش ئۇ ئا ر جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتىنىڭ مايور دەرىجىلىك بىر ئالاھىدە خادىمى بولۇپ، ۋەقەدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا «كۆزدىن يوقىتىلغان». ئىككىنچى كىشى، ۋەقەدىن كېيىن بىگتۇەنىنىڭ تۈرمە باشقۇرۇش ئىدارىسىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ يۆتكىۋېتىلگەن، ئەمما بىر يىلدىن كېيىن ئۇنىڭ ئىلىدىكى كۆكدالا يايلىقىدا «ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلتۈرىۋالغانلىقى» ھەققىدە خەۋەر تارقالغان. ئۈچىنچى كىشى، سوۋېت ئىستىخباراتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك يوقىرى دەرىجىلىك بىر ھەربىي ئوفىتسېر بولۇپ، ۋەقەدىن كېيىن سوۋېت ئىتتىپاقىغا چىقىپ كېتىپ، «ئېغىزىنى مەڭگۈلۈك يۇمغان.»[185]

---

[184] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى؛ 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

[185] مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، 20 ـ 10 ـ بەتلەر؛ مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019 ـ يىلى 4 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى؛ 5 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى

بېرىپ، سابىق مىللىي ئارمىيەنىڭ ئوفىتسېرى، 1950 ـ يىللاردىن كېيىن ئىلى ھەربىي رايونىنىڭ قوماندانى، شىنجاڭ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن شتاب باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن گېنېرال مايور مەرغۇپ ئىسھاقوف بىلەن كۆرۈشىدۇ. بۇ دەل مەرغۇپ ئىسھاقوفنىڭ ئاكىسى، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ئەسئەت ئىسھاقوف خىتاي تۈرمىسىدە ئۆلتۈرۈلگەن كۈن بولۇپ، شۇ كۈنى مەرغۇپ ئىسھاقوف 18 يىللىق سۈكۈتنى بۇزۇپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمى توغرىلىق ئېغىز ئاچىدۇ.

مەرغۇپ ئىسھاقوف شۇ كۈنى مەرۇپ ئەيساغا 1957 ـ يىلى 12 ـ ئايدا باشلانغان «يەرلىك مىللەتچىلىككە قارشى كۈرەش» بويىچە، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ كېڭەيتىلگەن يىغىنىدىكى ئىچكىي ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بېرىدۇ. ئۇ شۇ ۋاقىتتا بېيجىڭدىكى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدىكى ئوقۇشىدىن چاقىرتىپ كېلىنىپ، كېڭەيتىلگەن يىغىنغا قاتناشتۇرۇلغان ئىكەن.

مەرۇپ ئەيسانىڭ بايان قىلىشىچە، شۇ كۈنى مەرغۇپ ئىسھاقوف ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئىلگىرى زادىلا ئېغىز ئېچىپ باقمىغان تەپسىلاتلارنى ئاشكارا قىلغان. ئۇ مەرۇپ ئەيساغا ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ «ھەرگىزمۇ ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالغان بولماستىن، بەلكى سۇيىقەست بىلەن پىلانلىق تۈردە ئۆلتۈرۈلگەنلىكى» دىن گۇۋاھلىق بەرگەن.

مەرۇپ ئەيسا 1975 ـ يىلى، يەنى ئەسئەت ئىسھاقوفنىڭ خىتاي تۈرمىسىدە ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى كەلگەن كۈنى، ئۆزىنىڭ ئالمۇتادا گېنېرال مەرغۇپ ئىسھاقوف بىلەن كۆرۈشكەنلىكىنى ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. شۇ كۈندىكى خەتمە ـ قۇرئاندىن كېيىن، گېنېرال مەرغۇپ ئىسھاقوف، مەرۇپ ئەيساغا 1958 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈندىكى قانلىق ۋەقەنى ئەسلەپ

# پايدىلانغان مەنبەلەر

## 1.ئۇيغۇرچە مەنبەلەر


- مەرۇپ ئەيسا (گىساروف): «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆلۈمىنىڭ سىرى»، تارىخىي ئەسلىمە (يېرىمى ماشىنكىدا بېسىلغان ۋە يېرىمى قولدا يېزىلغان قوليازما)، تاشكەنت، 1990-يىللار

- مەرۇپ ئەيسا (گىساروف) بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن تېلېفون سۆھبىتى خاتىرىسى، 2019-يىلى 4-ئاينىڭ 24-كۈنى ۋە 5-ئاينىڭ 3-كۈنى

- سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (ئەسلىمە، 3-توم)، 1990-يىللارنىڭ باشلىرىدا يېزىلىپ بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتىغا نەشرگە سۇنۇلغان، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىش ئەستىقى بېرىلمىگەن كىتاب، ئا-نۇسخا (دەسلەپكى كومپيۇتېرغا ئېلىنغان نۇسخا)، ب-نۇسخا (تەھرىرلىكتىن ئۆتكەن نۇسخا)

- سەيپىدىن ئەزىزى: «ئۆمۈر داستانى» (تارىخىي ئەسلىمە-2)، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1990-يىل نەشرى

- بۇرھان شەھىدى: «شىنجاڭنىڭ 50 يىلى»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى

- شېرىپ نىياز خۇشتار: «ئابدۇرەھىم ئەيسا»، «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003-يىل بىرىنچى نەشرى

- «ئوگچى، ئەشەددىي يەرلىك مىللەتچى ئۇنسۇر زىيا سەمەدى، ئىبراھىم تۇردى ۋە ئابدۇرەھىم ئەيسالارنىڭ پارتىيەگە قارشى

مەرۇپ ئەيسا ئۆزىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئىز قوغلاپ تەكشۈرۈشلىرى ۋە شاھىتلار تەمىنلىگەن يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن ئاكىسى ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ ئۆلۈمىدە خىتاي بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى ئىككى تەرەپ ئىستىخباراتىنىڭ بىرلەشمە سۇيىقەستىنىڭ بارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

«جازۇشى» نەشرىياتى، 1997 ـ يىل ئۇيغۇر كرىل يېزىقىدىكى نەشرى

- زاھىر ساۋدانوف: «5 ـ كورپۇسنىڭ بىسىپ ئۆتكەن ئىنقىلابىي مۇساپىسى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989 ـ يىل نەشرى
- سابىت ئابدۇراھمان ئۇيغۇرى: «ئۇيغۇرنامە» (ئۇيغۇرلار ھەققىدە ئومۇمىي مەلۇمات)، ئالمۇتا: «مىر» نەشرىيات ئۆيى، 2005 ـ يىل نەشرى
- ئابدۇقادىر زۇنۇنى: «تاڭنى كۈتۈپ» (2 توملۇق بىئوگرافىك داستان)، قوليازما نۇسخا، تاشكەنت، 1993 ـ يىل
- ئەسەت سۇلايمان: «ئۆزلۈك ۋە كىملىك: ياۋروپا قىرغاقلىرىدىن مەركىزىي ئاسىيا چوڭقۇرلۇقلىرىغا نەزەر»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېر- سىتېتى نەشرىياتى، 2006 ـ يىل نەشرى
- مەنسۇر روزىبېقى: «ئۇيغۇر زېمىنىدا: كۈرەش تارىخىدىن يادنامە»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2012 ـ يىل نەشرى
- ش ئۇ ئا ر پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن: «يولداش سەيپىدىننىڭ ئېغىر لۇشيەن خاتالىقىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى»، ئۈرۈمچى، 1978 ـ يىلى (ئىچكى ماتېرىيال)
- ئەنۋەر خانبابا: «ھاياتىمدىن خاتىرە»، «شىنجاڭ تارىخ ماتېرىيال- لىرى»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1996 ـ يىل نەشرى، 300 ـ 316 ـ بەتلەر

## 2.چەتئەل تىللىرىدىكى مەنبەلەر:

- Ömer Kul yayına hazırlayan: 2007, Esir Doğu Türkistan İçin-2: Isa Yusup Alptekinin Mücadele Hatıraları (1949-1980), Ankara: Berikan Yayınevi Neshriyati
- Dawid Brophy, 2016, Uyghur Nation: Reform and Revolution on the Russian-China Frontier, Harvard University Press
- Justin M. Jacobs, 2016, Xinjiang and the Modern Chinese State, Seattle & London: University of Washington Press
- Ian Johnson, 2010, A Mosque in Munich: Nazis, the CIA, and the Rise of the Muslim Brotherhood in the West, Boston &

ئەكسىيەتچى بىلوكى ئۇزۇل-كېسىل تارمار قىلىندى»، «ئالغا» ژۇرنىلى، 1958-يىللىق 5-سان

- ماھىنۇر قاسىمى: «ئەخمەت ئەپەندىمنى ئەسلەيمەن»، بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 2014-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى؛
- قۇربانغالى ئوسمانوف: «ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ قۇرۇلۇش جەريانى»، «ئىلى تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1993-يىل، 9-قىسىم، 10-1-بەتلەر
- «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1958-يىلى 4-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى سانىغا بېسىلغان ئابدۇرەھىم ئەيسا ھەققىدىكى باش ماقالە
- «خىتاي مۇسۇلمانلار ھەج ئۆمىكى مەككىگە يۈرۈپ كەتتى»، «خىتاي مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى (خىتايچە)، 1957-يىلى 1-سان
- لى شېڭ: «جۇڭگو شىنجاڭ: يېڭى جۇڭگو دەۋرىدىكى بۆلگۈنچىلىك ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى كۈرەش»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2009-يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى
- قەھرىمان غوجامبەردى: «كوممۇنىستىك خىتاي دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنو-سىياسىي تارىخى (1949-2012)»، ئىستانبۇل: تەكلىمكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2013-يىل ئۇيغۇر كرىل يېزىقىدىكى نەشرى
- قەھرىمان غوجامبەردى: «ئۇيغۇرلار: قەدىمكى زاماندىن تا ھازىرقى كۈنلەرگىچە بولغان ئېتنو-سىياسىي تارىخى»، ئالمۇتا، 2005-يىلى ئۇيغۇر كرىل يېزىقىدىكى نەشرى
- سويۇنگۈل چانىشېۋ: «كۆز يېشىدا نەملەنگەن زېمىن»، ئىستانبۇل: تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، 2013-يىلى 2-نەشرى
- زىيا سەمەدى: «ئەخمەت ئەپەندى» (تارىخىي رومان)، ئالمۇتا: «جازۇشى» نەشرىياتى، 1995-يىلى، ئۇيغۇر كرىل يېزىقىدىكى نەشرى
- سەيدۇللا سەيپۇللايوف: «مەن شاھىت بولغان ئىشلار»، ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2005-يىل نەشرى
- ئابدۇللا روزىباقىيېۋ: «خەلقىم ئۈچۈن كۆيىدۇ يۈرەك»، ئالمۇتا:

- URL-1: "M. Zimianin to the Department of the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V. Andropov" August 18, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 164-176, Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175901)
- URL-2: "Iu. Andropov to the Central Committee of the CPSU, 'On the Struggle with Local Nationalism in China'", February 05, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 36-43, Translated by David Brophy. Wilson Center, Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175896)
- URL-3: 中国伊斯兰教协会第二届委员会常委，委员名单 (Xitay Memliketlik Islam Dini Jem'iyiti ikkinchi nöwetlik komitétining da'imiy hey'etliri we hey'etlirining tizimliki), 2015-03-30 (http://www.chinaislam.net.cn/about/wygw/lijie/201505/30-965.html)
- URL-4: "Memorandom of a Discussion held by USSR Consul-General in Urumchi, G. S. Dobashin, with First Secretary of the Party Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comrade Wang Enmao, and Chair of the People's Committee, Comrade S. Azizov", January 17, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 54-56; Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175894)
- URL-5: "Memorandum on a Discussion with Wang Huangzhang, Head of the Foreign Affairs Office of the Prefectural People's Committee", January 22, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 61-64, Translated by David Brophy. Wilson Center, Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175899)
- URL-6: "M. Zimianin to the Central Committee of the CPSU and to Comrade Iu. V.Andropov, 'On Manifestattions

New York: Houghton Mifflin Harcourt

- Enver Altayli, 2017, A Dark Path to Freedom – Ruzi Nazar: From the Red Army to the CIA, London: Hurst & Company
- Enver Altayli, 2013, Ruzi Nazar: CIA'nin Türk Casusu, Istanbul: Doğan Kitap
- Ahmad Kamal, 1940, Land Without Laughter, Charles Scribner's Sons; 2000, Lincoln, NE: toExcel
- Ibrahim Vasili teripidin Misirda neshir qilin'ghan Türkistan Awazi namliq mejmu'e, 1955-yil Awghust sani
- Ahat Andican, 2003, Cedidizm'den Bağımsızlığa Hariçte Türkistan Mücadelesi, Istanbul: Emre Yayınları
- Zuhriddin Mirza Abid Türkistani, 2013, Türkistan İstiklal Yolunda: Hıcret Yılları, Istanbul: Doğu Kütüphanesi

### 3. خىتاي تىلىدىكى مەنبەلەر

- 王永庆整理，《历史的回音：格尔夏回忆录》，乌鲁木齐：新疆生产建设兵团出版社，2012年版
- 玛依努尔。哈斯木著：《回忆阿合买提江》（上下册），北京：中国文史出版社2011年版
- 《中共中央文件选集》第1册，中共中央党校出版社1989年版
- 《中共中央文件选集》第7册，中共中央党校出版社1991年版
- 朱培民，王宝英/著：《中国共产党治理新疆史》，北京：当代中国出版社， 2015年版
- 《新疆通史》编撰委员会编，沈志华编译：《俄国解密档案：新疆问题》乌鲁木齐：新疆人民出版社2013年版
- 周恩来：《关于我国民族政策的几个问题》，《周恩来选集》（下册），北京：人民出版社， 1997年版）
- 包尔汉：《亚非五国访问记》，《包尔汉选集》，北京：民族出版社， 1989年版

### ئارخىپ مەنبەلەرى:

of the Local Nationalism in Xinjiang (PRC)'," March 03, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 44-47. Translated by David Brophy. Wilson Center Digital Archive International History Declassified (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175900)

- URL-7: "Memorandum on a Discussion held by the Consul-General of the USSR in Urumchi, G. S. DOBASHIN, with the Secretary of the Party Committee of the Xinjiang Uyghur Autonomous Region, Comarade LU JIANREN," January 07, 1958, History and Public Policy Program Digital Archive, RGANI, fond 5, opis 49, delo 130, listy 49-53. Translated by David Brophy. (http://digitalarchive.wilsoncenter.org/document/175898)



ئابدۇرەھىم ئەيسا 20-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدا ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش يولىدا ھاياتى بىلەن بەدەل تۆلىگەن مەشھۇر سىياسىي سەرخىللارنىڭ بىرىدۇر. ئەينى ۋاقىتتا ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، ئىلى ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى

1-ئاينىڭ 17-كۈنى ئۈرۈمچىدىكى «تەڭرىتاغ» مېھمانخانىسىدا سىرلىق بىر سۇيىقەست بىلەن ئۆلتۈرۈلدى. خىتاي دائىرىلىرى شۇ كۈنى «ئابدۇرەھىم ئەيسا ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالدى» دەپ ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ دېلونىڭ «تۈۋۈنى» يېپىلىپ، 20-ئەسىر ئۇيغۇر تارىخىدىكى سىرى يېشىلمىگەن پاجىئەلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىدۇ.

بۇ كىتابتا يېڭىدىن ئاشكارىلىنىۋاتقان ئارخىپ ماتېرىياللىرى، تارىخىي ھۆججەتلەر ۋە شاھىتلارنىڭ ئەسلىمىرى ئاساسلىق مەنبە قىلىنىپ، ئابدۇرەھىم ئەيسانىڭ كۈرەش ئىچىدە ئۆتكەن ھاياتى، مىللىي مۇستەقىللىق كۈرەشلىرىدە كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرىستان جۇمھۇرىيىتى قۇرۇش يولىدا خىتاي كومپارتىيەسى بىلەن ئېلىپ بارغان كەسكىن سىياسىي

1958-يىلى يانۋاردىكى سىرلىق ئۆلۈمى ۋە ئۇنىڭ دەھشەتلە جەريانلىرىغا يوشۇرۇنغان تۈگۈنلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدۇ.

ئۇيغۇريار يۈرۈشلۈك كىتابلىرى

ISBN: 978-82-303-4553-5

UYGHURYAR